ئەكبەر قادىر

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-09024-1

9 787228 090242

ISBN 7-228-09024-1
(民文) 定价 :15.00元

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

当代维吾尔文学批评史/艾克拜儿·卡得尔著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.8

ISBN 7—228—09024—1

Ⅰ. 当… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 维吾尔族—少数民族文学:当代文学—文学批评史—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 087338 号

责任编辑: 阿扎提·阿里玛斯

责任校对: 再米拉·裴达依

封面设计: 艾克拜尔·沙力

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐市明众美术印刷厂印刷

850×1168 毫米　32 开本　10 印张

2004 年 8 月第 1 版　2004 年 8 月第 1 次印刷

印数:1 — 3000

---

ISBN 7—228—09024—1　定价:15.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى
ئاپتورى: ئەكبەر قادىر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىڭجۇڭ گۈزەل سەنئەت باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1/32 850×1168 ملليمېتىر
باسما تاۋىقى: 10
2004 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7—228—09024—1
باھاسى: 15.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئەكبەر قادىر 1965 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا ناھىيە ئارائۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇغان. 1984 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەكبەر قادىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا قىزىقىپ بۇ جەھەتتە ئۆگىنىش ۋە ماتېرىيال توپلاشقا باشلىغان. ئۇ ئەدەبىي تەتقىقاتچىلىق ساھەسىدە مۇھەممەت پولات قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي ئوبزور ـ ماقالىلىرىنى كۆپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىش، ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ بارغان. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، پەلسەپەسى، ئېستېتىكا ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە يازغان ئوبزورلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ، «ئىلى گېزىتى» ، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئەكبەر قادىر ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزدىكى تىرىشچان ۋە مەسئۇلىيەتچان ياشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق سېپە-

ـدە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىر-لەشتۈرۈپ، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللى-رىدا ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەكبەر قادىرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر ئېلان قى-لىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى بولغان «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار» ناملىق كىتابى 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرى-ياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «دىسسېرتاتسىيە يېزىق-چىلىقى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق كىتابى 2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەسۋىر لۇغىتى»نى تۈزۈپ نەشرىياتقا تاپشۇردى. قو-لىڭىزدىكى «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارى-خى» ناملىق بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ قېتىرقىنىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى.

ئەكبەر قادىر ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئەكبەر قادىرنىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئورىگىنالىنى ئوقۇپ چىقىپ تولىمۇ سۆيۈندۈم ۋە ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى تارىخىي ئۇزۇنلۇق ۋە دۇنياۋى كەڭلىكتىن كۆزىتىپ، تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى ۋە تارىخىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش ۋە ئۇسۇل بىلەن مۇلاھىزە قىلغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر كىتابنىڭ مۇھىملىقى نوقۇل ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا دەرسلىك ۋە ماتېرىيال بولالايدىغانلىقىدىلا ئەمەس. بۇ ئەلۋەتتە كىتاب مۇئەللىپىنىڭ مەقسىتىنىڭ بىر تەرىپى، شۇنداقلا كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا ھاسىل بولىدىغان ئىستېمال قىممىتىنىڭمۇ بىر تەرىپى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى، يەنە ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ، جۈملىدىن تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ جانلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ شۇنداق قىممەت يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بىزگە ئايانكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم تەركىبلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ بىر جۈپ قانىتى دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ. ئەدەبىيات مانا مۇشۇ بىر جۈپ قاناتقا تايىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخى، ئېلىمىزنىڭ

كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىك تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ بىر جۈپ قانداتنىڭ ئوخشاشلا مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمدى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ قايسىسىنىڭ بالدۇر، قايسىسىنىڭ كېيىنلىكىنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ئەمەلىيەت ئۇ بىرلەمچى ئامىل، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرلەمچى خاراكتېرى ئىسپاتلانغان ھەقىقەت ۋە پاكىت. نەزەرىيىۋى خۇلاسە ۋە يەكۈننىڭ ئەمەلىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنىمۇ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

بىز نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا مەنسۇپ بولغان ئاغزاكى ئىجادىيەت ۋە ئېغىزچە تارقىلىش تارىخىغا قاراتساقمۇ ياكى ئىجادىيەتنىڭ كەسپىلىشىشى بىلەن شەكىللەنگەن يازما ئەدەبىيات تارىخىغا يۆتكىسەكمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندىن ئۆتۈپ ناھايىتى مول نەتىجىلەرنى ھازىرلىغانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز. شانلىق تارىخىمىزغا مەنسۇپ بولغان ئاجايىپ نامايەندە — ئۆلمەس ئەسەرلەر ئەسىر - ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ھۇزۇرلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھايات سەپەرلىرىنىڭ ئەڭ ساداقەتمەن ھەمراھلىرىدىن بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى زامانغا تەئەللۇق سەھىپىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا جازىبىدارلىققا، خاسلىققا ۋە ھاياتىي كۈچكە باي سەمەرىلەرمۇ كەم ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئالاھازەل بىرەر ئەسىرلىك بۇ تەرەققىيات مۇساپىسىدە خەلقىنىڭ يېڭىلىنىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئەينىكى بولۇپ كەلدى، زامان ۋە دەۋر بىلەن بىردەكلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مىللەت مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنى ۋە قىممىتىنى ساقلاپ

كەلدى. بىز ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى سۆيىدىغان، خەلقىمىزنىڭ، ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىممەتلىك خەزىنىسىنى بېيىتقانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمىز.

دەرۋەقە، بۇ ئىجادىيەت جۇغلانمىسىنىڭ قاتارىدا نەزەرىيەۋى ئەمگەكلەرنىڭ مېۋىلىرىمۇ بار. ئەگەر بىز كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى يەنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسەك، ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئائىت پائالىيەتلەرنىڭ، يەنە نەزەرىيەۋى خۇلاسە ۋە يېتەكلەشلەرنىڭ، ئەسەرلەرگە باھا ۋە مۇھاكىمىلەرنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان ئاكتىپ رولىنى ھېس قىلالايمىز. ئەكبەر قادىرنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرى ئىجادكارلىرىمىزنىڭ مانا مۇشۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنى خېلى كەڭ سەھىپە ۋە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتا يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيەۋى ئاساستا ۋە يېتەكلەشكە ئېرىشەلمىگەن بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەتىجىلىرى يورۇقلۇققا چىقالمىغان بولاتتى ياكى ئۆزلىرى يەتكەن سەۋىيە، پەللىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن بولاتتى. يەنە شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەۋائى زامانىسىدىكىدەك «ئالتۇن دەۋرى» مۇ روياپقا چىقمىغان بولاتتى. دېمەك، بىز ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى پىركامىللاردىن بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ تەپەككۇر قىلالىغان مۇتەپەككۇرلاردۇر.

بىراق، شۇنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئەمگەكچىلىرى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە خاس قىسمى ئۇزاقتىن بېرى ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىزدە

يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك نەزەرىيىۋى تەپەككۈر كەم بولدى، نەۋائىدەك نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەش ۋە يېتەكلەش ئىنچىكىلىشالمىدى. قىسقىسى، بۇ ئىسىل ئەنئەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىز ھالەت تا زامانىمىزغىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىپ كەلدى. مەن بۇلارنى بۇ قىسقا يازمامدا ئاددىيلا بايان قىلىپ ئۆتتۈم، چۈنكى بۇلار كىرىش ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز، خالاس.

ئەكبەر قادىرنىڭ بۇ ئەسىرى دەل مۇشۇ رېئاللىققا مەخسۇس بېغىشلانغان بولۇپ، ئەكبەر قادىر بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنى خېلى كەڭ تاپقان ۋە بۇلار ھەققىدە قايىل قىلارلىق مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەسەرنىڭ خېلى كۆپ سەھىپىسىدە بىز تىلغا ئالغان تەڭپۇڭسىزلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان بىرقانچە ئەۋلاد ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرى ئىلمىي خۇلاسىلەنگەن. ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىگە لايىقىدا باھا بېرىلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ زامانىمىزدىكى ئاجىزلىقتىن كۈچىيىۋاتقان يۈزلىنىشىگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، تەنقىدچىلىكنىڭ ئىستىقبالىدىن بېشارەت بەرگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتور ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىدىكى كەمتۈكلۈكلۈكىنى تولدۇرۇشقا تىرىشىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇڭا، مەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ قىممىتى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا دەرسلىك بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيمەن. «ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن، شاگىرتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك» دېگەن سۆز ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغانىكەن. مانا مەن ھازىر دەل مۇشۇنداق ھېسسىياتتىمەن.

ئازاد رەخمىتۇللا سۇلتان
2004 - يىلى 7 - ئاي

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ............ 1
1 § . ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمى ھەققىدە ... 1
2 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى .......... 6
3 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولى ................ 8
4 § . ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى ........... 11
ئىككىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدتە ئۇنۇم چۇشەنچىسى ................................ 33
1 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمى ... 34
2 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۇنۇمى ............................ 37
3 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى 43
ئۈچىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد سۇبيېكتى ...... 46
1 § . ئەدەبىي تەنقىدچى ......................... 46
2 § . ئەدەبىي تەنقىد قوبۇل قىلغۇچىلىرى ... 57
تۆتىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۈچ باسقۇچى ................................ 63
1 § . دەسلەپكى باسقۇچ (1949 — 1966) ... 63
2 § . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرى باسقۇچى (1966 — 1976) ..................... 76
3 § . يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك... 80
بەشىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد ۋە باھا ......... 93
1 § . ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا .................. 93
2 § . ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا............... 102

§ 3 . بوگۇنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلى-
كىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا ................. 117
ئالتىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە ئۇ-
لارنىڭ نەتىجىلىرى........................ 131
§ 1 . مۇھەممەت پولات ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىك نەتىجىلىرى......................... 131
§ 2 . ئابدۇكېرىم راخمان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك نەتىجىلىرى .................... 137
§ 3 . قاۋۇسىلقان قامىجان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك نەتىجىلىرى .................... 143
§ 4 . ئازاد سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىك نەتىجىلىرى......................... 149
§ 5 . ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك نەتىجىلىرى .................... 154
§ 6 . ئابدۇۋەلى كېرىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك نەتىجىلىرى .................... 161
§ 7 . كېرىمجان ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىك نەتىجىلىرى .................... 168
§ 8 . باشقا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ................. 174
يەتتىنچى باب ئىجادىيەت جەريانى توغرىسىدا... 178
§ 1 . ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇنا-
سىۋىتى .................................... 178
§ 2 . باش تېما بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇنا-
سىۋىتى .................................... 190
§ 3 . ئىجادىيەتتە ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى-
نىڭ مۇناسىۋىتى........................... 202
§ 4 . ئىجادىيەتتە بايان قىلىش ۋە تەسۋىر-
لەش ماھارىتى ........................... 215

§ 5 . ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ئەسەردىكى
رولىغا ئەھمىيەت بېرىش ................. 236
§ 6 . ئەدەبىي زوق ۋە كىتابخان قارىشى ...... 252
سەككىزىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد مەسى-
لىلىرى ................................ 266
§ 1 . ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چۈشەنچىسى...... 266
§ 2 . ئىككى خىل كىتابخان.................. 276
§ 3 . ئىككى خىل قۇرۇلما .................. 279
§ 4 . ئەدەبىي تەخەللۇس .................. 281
§ 5 . ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى... 283
§ 6 . ئەدەبىياتتىكى كۆپ نۇقتىدىن بايان
قىلىش ................................ 285
§ 7 . ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىجادىي روھ ... 288
توققۇزىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىنىڭ
خىل شەكىللىرى ......................... 291
§ 1 . تەتقىقات ئەسىرى شەكلىدىكى ئەدەبىي
تەنقىد ماقالىسى ......................... 292
§ 2 . تەسىرات شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد
ماقالىسى................................ 295
§ 3 . دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد
ماقالىسى................................ 296
§ 4 . خەت شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد
ماقالىسى................................ 297
§ 5 . كىرىش سۆز ياكى خۇلاسە شەكلىدىكى ئەدە-
بىي تەنقىد ماقالىسى .................... 299
ئونىنچى باب داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ... 301
§ 1 . بېلىنسكىي ......................... 301
§ 2 . چېرنىشېۋسكىي ..................... 306

# بىرىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

## § 1 ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمى ھەققىدە

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ئىلىم بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىنى ئادەتتە بىز «ئەدەبىي تەنقىد» دەپلا ئاتاپ ئادەتلەنگەن. «ئەدەبىي تەنقىد» نىڭ تەھلىل ـ تەتقىق ئوبيېكتى بولسا، ئاساسەن كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنى باھالاش. تۇر. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە مۇلاھىزە ئوبيېكتلىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، كىتابخانىلار. نىڭ تۇرلۇك ئىنكاسلىرى، تۇرلۇك ئەدەبىيات ئېقىملىرى… دېگەندەكلەردىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىكى مانا شۇنداق تەرەپلەرنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ، مەلۇم ئىلمىي خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، شۇنداقلا ئۇلارنى كونكرېت باھالايدىغان بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئاتالغۇسىدىكى «تەنقىد» سۆزى تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تەكشۇرۇش، تاللاش» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى «تەنقىد» سۆزى «ئەدەبىي» سۆزى بىلەن بىرلىشىپ كەلگەندە، ئۇ بىر خىل ئەدەبىيات ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك كىتابخانىلار بىلەن ئەدەبىي ئەسەر.

نىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىش، باھالاش، ھۆكۈم چىقىرىش، دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بىز ھازىر تىلىمىزدا «تەنقىد» دېگەن بۇ سۆزنى «ئەيىبلەش، ئىنكار قىلىش، دەككىسىنى بېرىش» دېگەندەك ئىستېمال مەنىلىرىدە چۈشىنىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزمۇ «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئاڭلىسا ئۇنى «ئەدەبىي ئەسەرنى ئەيىبلەيدىغان، سۆكىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان پائالىيەت» دەپ چۈشىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي تەنقىدنى بۇنداق مەنىدە چۈشىنىش پۈتۈنلەي خاتا.

دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «CRITICISM» دېگەن سۆز بىلەن ئاتايدۇ. بۇ سۆز بولسا قەدىمكى يۇنان تىلىدىكى «KRITIKOS» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىمۇ ئوخشاشلا «باھا بېرىش، ھۆكۈم چىقىرىش» ياكى «باھا بېرىش سەنئىتى، ھۆكۈم چىقىرىش سەنئىتى» دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى خەنزۇ تىلىدا بولسا «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن سۆز 《文学批评》 دەپ ئاتىلىپ «ئەدەبىي ئەسەر بىلەن يازغۇچىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ باھالاش، خۇلاسىلەش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد مەيلى قايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا بولسۇن، ئوخشاشلا يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ھاياتى بىلەن ئۇ ئىجاد قىلغان كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنى ئانالىز قىلىش، باھالاش، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەزەرىيىسى بولسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنىڭ يەنە بىر تەركىبى. بۇ تەركىب ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى، يەنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كۆزقاراشلىرىنى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆلچەملىرىنى، ئۇسۇللىرىنى شۇنىڭدەك ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئورنى، رولى،

ۋەزىپىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.
ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پۈتۈن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنىڭ ئايرىلماس ئىككى تەرىپى. بۇ ئىككى تەرەپ گەرچە تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر مىللەت ئەدەبىياتى گەۋدىسىدە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە بىز ئەدەبىيات ھادىسىلىرى، ئەدەبىي ئېقىملار ۋە كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق باھالاش، تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش، خۇلاسىلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك» دەپ ئاتاۋاتىمىز، بۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى «ئەدەبىي تەنقىدچى» دەپ ئاتاۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە قوللانغىنىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەزەرىيىسىنىمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتۇر. شۇڭا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك دېگەن ئاتالغۇنى ئەدەبىياتنىڭ بارلىق تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىشمۇ خاتا بولمايدۇ.
«ئەدەبىي تەنقىد» نىڭ تارىخىغا كەلسەك، بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ مىلادىيىدىن ئىلگىرى 4 - ئەسىردە يۇناندا پەيدا بولۇپ، يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل تەرىپىدىن ئېنىقلىما بېرىلىپ مەنىسى تۇراقلاشتۇرۇلغان. ئېلىمىزدە بولسا، بۇ ئاتالغۇ پەقەت بىر سۆز سۈپىتىدە مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز ساندىكى ئەدىبلەرنىڭ چۈشىنىشى بىلەنلا چەكلەنگەن. 10 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بىرئاز كېڭىيىپ

رەسمىي بىر ئاتالغۇ تۇسىنى ئالغان. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى باھالايدىغان، ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىلىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان.

دۇنيادا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەريانلىرىنى مۇكەممەل ۋە كۆپ تەتقىق قىلغان كىشى دەل ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى رېنى ۋېللېكتۇر. ئۇ 1903 ـ يىلى ۋېنادا تۇغۇلغان. ئامېرىكىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھاياتى 1949 ـ يىلىدىن باشلانغان. ئۇ 1949 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بىر كەسىپدىشى بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە زور غۇلغۇلا قوزغىغان ۋە بەس ـ بەستە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئەدەبىيات تەتقىقات نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا يەنە «ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» ناملىق ئالتە توملۇق كىتابىنى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت تومىنى نەشر قىلدۇرغان. ۋېللېكتۇر بۇ كىتابىدا 1750 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يۈز يىللىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن تەتقىقات ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن 1963 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك چۈشەنچىلىرى»، 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «غەرب ئەدەبىياتىدىكى تۆت داڭدار تەنقىدچى» (بۇ ئەسەر 1983 ـ يىلى ئېلىمىزدە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلار بار.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز ھەم گەۋدىلىك بولدى. 20 ـ ئەسىردە ئەدەبىي

تەنقىدچىلىكتە ئوخشىمىغان ئېقىملار بارلىققا كەلگەن ۋە گۈللەن-
گەن، ئوخشىمىغان تەشەببۇس ۋە ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بارلىققا
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا
تۇرۇپ ئەدەبىي ئەسەرنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ، تەنقىدچىلىك-
نىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ھەسسە قوشتى. مەسىلەن، شەكىلچى-
لىك تەنقىدچىلىكى، قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدچىلىكى قاتارلىقلار
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلغاندا، باھالىغاندا شۇ ئەسەرنىڭ
تىلىنى ئانالىز قىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدى. رۇ-
سىيە شەكىلچىلىك تەنقىدچىلىكى بولسا «ئەدەبىيلىك» نى مۇھىم
چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئەسەرلەرنى باھالىدى. ئىجتى-
مائىي ـ تارىخىي تەنقىد ئېقىمى بولسا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
ئىجتىمائىي تارىخىيۋىلىكتىن ئايرىلالمايدۇ دەپ قاراپ، ئەدەبىي
ئەسەردە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى
ئەسەر تەھلىل قىلىش، باھالاشتىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلدى.
ئەخلاق تەنقىدچىلىك ئېقىمى بولسا، ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن چى-
قىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىدى. تەسىر تەنقىدچىلىكى بول-
سا، تەنقىدنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا تەنقىدچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ
ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى 20 ـ ئەسىر ئەدەبىي تەنقىدچى-
لىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم گەۋدىلىك ئالامەت بولدى.
ئەدەبىي تەنقىدچىلىك 20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ
بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىك
بىلەن ئوخشىمايدىغان يېپيېڭى بىر قىياپەتكە كىردى. تەنقىدچى-
لىك ئاۋۋال كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن
ئاۋۋال ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى، ئوبيېكتى ۋە
تەتقىقات ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار نېگىزلىك
نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، بۇ ھەقتە ئويلىنى-
دىغان بولدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، ئىلگىرى-
كىدەك نوقۇل تەسىراتىنى ۋە ئېستېتىكىلىقىنى ئاساس قىلىش-

تىن ئەمدى مەلۇم تەپەككۇر شەكلىنى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىنى چىقىش قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ قىپ-تىرقىنىپ ئىزدىنىشى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېنىق پەل-سەپىۋى ئاڭ ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولدى. ئە-سەرلەرنى مۇشۇنداق تەپەككۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەخسۇس ئۇ-سۇل ۋە مەخسۇس كەسپىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ ئانالىز قىلى-دىغان سەۋىيىنى يارىتىپ «قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەدە-بىي ئەسەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان» ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، مۇستەقىل بىر ئىلىمگە، ئورۇنغا ئىگە بولدى.

20 - ئەسىردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يەنە بىرسى بولسا، مەنبە جەھەتتىكى يەر شارىلىشىشىدۇر. ئەگەر بىز 19 - ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى ئاساسلىقى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈ-نۈشىنى چەك قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ۋە تارقالغان دەپ قارى-ساق، ئۇنداقتا، 20 - ئەسىردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئوخ-شىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى، شۇنداقلا بىر دۇنياۋى ئېقىمغا ئايلاندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە بارلىققا كەلگەن بۇنداق يۈزلىنىش پەقەت ئۇنىڭ تارقىلىشىدىكى دائىرىسى بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ-نىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكلەرنىڭ بەزى ئورتاق تەلەپ ۋە يۈزلىنىشلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## 2 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى

ئەدەبىي تەنقىد ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ئىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىنى شەكىل-

لەندۇرىدۇ. ئۇ ئەدەبىياتشۇناسلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىب.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات قارىشىنى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەدەبىي زوقلىنىشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تۈرلۈك كونكرېت ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى (مەسىلەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر) ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان بىر خىل باھا بېرىش ۋە تەتقىق قىلىش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەقسىتى بولسا، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن ھۆكۈم قىلىش، ئۆزى باھالاۋاتقان يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىكى ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ياكى ئۆز دەۋرىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىق، پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدىكى ياكى ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدىكى ئىگىلەيدىغان ئورنىنى بېكىتىپ بېرىش، ئەدەبىي ئېقىملارنى بايقاپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان روللىرىنى مۇلاھىزە قىلىشتۇر.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىدۇر. ئۇ فورمال لوگىكىنىڭ ئاساسىي قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە تەپەككۇر ئېلىپ بارىدۇ. تەنقىدچىلىك بەزىدە ئادەتتىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بىلەن كونكرېت ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلسا، يەنە بەزىدە كونكرېت ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئادەتتىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

كونكرېت ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتكەن تۇرمۇشنى ۋە ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنى كۆزىتىدۇ

ھەم يەنە ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكلىنىمۇ ئانالىز قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئادەمنى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن ئۇنىڭ مول ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنى باھالىغاندا، ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاساسلىق ئانالىز قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدىكى تەنقىد دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنى ئوبيېكت قىلىدۇ. تەنقىدچى ئەدەبىي ئەسەرنى باھالىغاندا، تەھلىل قىلغاندا ئېستېتىكىلىق نۇقتىدىن ئانالىز قىلىش بىلەن ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئانالىز قىلىشنى بىرلەشتۈرىدۇ. بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەم ئەدەبىي قىممىتىنى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقىنى تەھلىل قىلىدۇ، ھەم شۇ ئەسەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرگە قانداق تەربىيە بېرىدىغانلىقىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدتە ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن بەدىئىي تەپەككۇرنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ئىجتىمائىي تەنقىد بىلەن ئېستېتىكىلىق تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

## § 3 ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولى

بىزگە مەلۇم، ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئەمەلىيەتچانلىقى ۋە قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان پەن. ئۇنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن بىلەن ئاساسىي نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا، ئەدەبىياتشۇناسلىق چوقۇم ئەدەبىيات نەزەرى-

يىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىماسلىقى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي زوقلىنىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن، شۇنىڭدەك يەنە ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد بولسا كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشى دائىم پەقەت ھېسسىي سەزگۈ بىلەنلا توختاپ قالىدۇ، مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، بىلىم سەۋىيىسى دېگەنلەردە چەكلىمىلىك بولغانلىقتىن، ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى تەسىراتى كۆپ تەرەپلەردە ئانچە ئىنچىكە ۋە توغرا بولماي قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك شۇ خىل ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن چۈشىنىشى ئۈنچىلىك چوڭقۇر بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىككىلا قىزىقىدۇ. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى، ئەسەرنىڭ تىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى دېگەنلەر ئۈستىدە ئانچە ئويلانمايدۇ. مانا بۇ ھەرگىزمۇ تولۇق مەنىدىكى ئەدەبىي زوقلىنىش ھېسابلانمايدۇ. ئەمدى بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئادەتتىكى كىتابخانلاردىن ئاغرىنالمايمىز. بۇ يەردە ئۇلار ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكلىشىگە موھتاج بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ زوقلىنىش پائالىيىتىنى نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كىتابخانىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزە باھالىلىرىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدىكى تونۇشى، چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە بولغان تەسىراتلىرىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كىتابخانىلارغا ۋەكىللىك قىلىپ ئەسەرلەر ھەققىدىكى تۇرلۇك ئىنكاس، پىكىرلەرنى ھاسىل قىلىدۇ ھەم يەنە يازغۇچىغا ئۆز ئەسىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ خەۋەرلەندۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى بىر خىل ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ئورنى دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا، ئۈچۈر مەنبەسى بولغان ئەدەبىي ئەسەر بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ھېسابلىنىدىغان كەڭ كىتابخانىلار ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر مۇھىم ۋاستە رول ئوينىشى كېرەك. مانا بۇ ۋاستە دەل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتۇر.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى كىتابخانىلار ئۈچۈن ئەسەرلەرنى بىلدۈرۈش، مۇلاھىزە قىلىپ بېرىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇ يازغۇچىغا كىتابخانىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، يازغۇچىغا كىتابخانىلارنىڭ ئەسەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. يازغۇچى يېزىپ چىققان ئەسەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھاسىل قىلغان ئۈنۈمى بىلەن ئوينىغان رولىنى يازغۇچىغا ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى بىلەن ئۇ ياشاۋاتقان دەۋرنى، كىتابخانىلارنى بىر - بىرىگە زىچ باغلايدۇ. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، يازغۇچى جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بىر پارچە ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ئېلان قىلىنغان ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆزى ئويلىغان، يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە قانچىلىك دەرىجىدە يېتەلىگەن-

لىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ئارزۇسى پەقەت ئۇنى دەۋر بىلەن، كىتابخانلار بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تۇرۇۋاتقان ئەدەبىي تەنقىد تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، بىلىشىگە ياردەم بېرىش رولى بولۇپلا قالماستىن، يەنە يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرى ھەققىدىكى ئىنكاس، پىكىرلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشتىمۇ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

## § 4 . ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى

ئەدەبىي ئەسەر مەيدانغا كەلگەن ئىكەن، شۇ ئەسەر توغرىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزە - باھالار بولىدۇ. شۇڭا، دۇنيادا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تارىخى ئەدەبىياتنىڭ تارىخىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزۇن.

ئېلىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تارىخى ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىر) دە «شېئىرنامە» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان باھالاردىن باشلىنىدۇ. «شېئىرنامە» ئېلىمىزدە بارلىققا كەلگەن تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بۇنىڭغا غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋاقىتلاردىكى جەمئىي 305 پارچە شېئىر- قوشاق كىرگۈزۈلگەن. «شېئىرنامە» ئۆز ئىچىدىن «قوشاق»، «مەدھىيەنامە»، «قەسىدە» دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلۈنگەن.

«شېئىرنامە» دىكى قوشاقلاردا جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىر-

گىچە) دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كەسكىن سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن. خەلقنىڭ ئۇرۇش ئاپەتلىرىگە، ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساقلارغا بولغان نارازىلىقى، تىنچ ـ بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ دەۋردىكى تەنقىدچىلەر «شېئىرنامە» نىڭ رېئالىزملىق مېتودى ۋە تىلى، شەكلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ـ باھالارنى ئېلىپ بارغان.

خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 23 ـ يىلىغىچە) دەۋرگە كەلگەندە، ئېلىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى يەنە بىر قەدەم ئالغا باستى. بۇ دەۋردە تەنقىدچىلىك ئاساسەن چۈيۈەننىڭ (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 340 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 278 ـ يىلىغىچە) «جۇدالىق زارى» ناملىق شېئىرىي ئەسىرىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى.

چۈيۈەن گەرچە چۇ بەگلىكىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدە كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيە جەھەتتە ئىنتايىن ئىلغار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ يازغان «جۇدالىق زارى» ناملىق ئەسەر ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان رومانتىزملىق ئەسەر سۈپىتىدە تا بۈگۈنگىچە مەشھۇردۇر. شائىر بۇ لىرىك شېئىرىي ئەسىرىدە جانلاندۇرۇش، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ۋە مول تەسەۋۋۇرلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل رومانتىزملىق غايىسىنى ئالغا سۈرگەن. «جۇدالىق زارى» توغرىسىدا بۇ دەۋردە گەرچە ھەر خىل باھالار بولغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا تەنقىدچىلەر يازغۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرىنى بىر خىل ئۆلچەمگە سېلىشۋالماسلىق، ئەدەبىي ئەسەرنى شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار بويىچە مۇلاھىزە قىلىش قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە بىر قىسىم

ئەدىبلەرنىڭ «جۇدالىق زارى»نى تەرىقەتچىلەرنىڭ «رەنجىسىمۇ
غەزەپلەنمەسلىك» تەلىمىگە خىلاپلىق قىلغان، دەپ ئەيىبلەشلەر-
نى كەسكىن رەت قىلدى.
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ماقالە ئاتالغۇسى بارلىققا
كەلدى، ماقالە يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ بارلىققا كەلدى، نەتىجى-
دە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىش تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. بۇ
دەۋرنىڭ تەنقىدچىلىكىدە ۋاڭ چۇڭنىڭ كۆزقاراشلىرى ئەڭ ئىل-
غار ھەم ئېنىق بولدى. ئۇ «ئىچىگە ئويلىغانلىرىڭنى ئىپادىلى-
مەكچى بولساڭ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلە-
شىڭ لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە خەلق-
چىللىق روھىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ رې-
ئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشىنى تەكىتلىدى. ئۇ
يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنى «ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامان-
لىقنى جازالايدىغان» تەربىيە رولىنى ئوينىشى لازىم، دەپ ھې-
سابلىغان. ئۇ «ئويدۇرمىلارغا نەپرەتلىنىش» ئىدىيىسىنى تە-
شەببۇس قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقتىن چەتنەپ كېتىشىگە
قارشى تۇردى. دېمەك، ۋاڭ چۇڭنىڭ بۇ خىل تەنقىد قاراشلىرى
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى-
نى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ
ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا يۈز-
لەندۈرۈپ، «بېشارەتشۇناسلىق» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان
تەقدىر ـ قىسمەت ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىدىن، تۈرلۈك خۇراپىي
ئويدۇرمىلارنىڭ ئىسكەنجىلىرىدىن ساقلاپ قىلىشتا ئىنتايىن
مۇھىم رول ئوينىدى. ۋاڭ چوڭ ئۆزىنىڭ «مىزان توغرىسىدا»
ناملىق ماقالىسىدە ئەدەبىيات ساھەسىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسى-
تىۋاتقان ئەرۋاھلار توغرىسىدىكى بارلىق خۇراپىي قاراشلارغا،
ساختا توقۇلمىلارغا كۈچلۈك ئوت ئاچتى. شەرقىي خەن سۇلالى-
سى خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپ خىل شەكلى ۋە رېئالىزملىق

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشىنى، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا ئاچ ـ يالىڭاچ قىلىپ سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈ-رۈۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ھەقىقىي، تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىنى ئەدەبىيات جەھەتتە ئوتتۇرىغا قو-يۇلغان ئىلغار قاراش ۋە باھالارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇق-لاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، جەم-ئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، چىرىكلىكىنى پاش قىلىدىغان مە-سەللەر بارلىققا كەلدى. بۇ مەسەللەر شەكىل جەھەتتىن قىسقا، ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك ھەم يارقىن بولۇشتەك يېپيېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى.

ئومۇمەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبى-يات قارىشى توغرىسىدىكى يېڭىلىقلار خەن دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە كېيىن-كى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەريانلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. خەن دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كۆڭۈزىچىلىق، تەرىقەتچى-لىك دېگەندەك تۈرلۈك تەلىماتلار ئاجىزلىشىپ ئۆز تەسىرىنى يوقىتىشقا باشلىغاچقا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى تۈرلۈك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىن ئازاد بولۇپ، مۇستەقىل ئۆز ئور-نىنى تىكلىدى ھەم ساغلام بولغان تەرەققىيات يولىغا قەدەم باستى. ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئېستېتىك ئاڭنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكمۇ نوقۇل سىياسىي، ئەخلاقىي

مەنىنى تەكىتلەشتىن تەدرىجىي ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆز-زىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى باھالاشقا، مۇلاھىزە قىلىشقا قاراپ بۇ-رۇلۇش ھاسىل قىلدى.

ئېلىمىزنىڭ ۋېي، جىن خانىدانلىقلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە تامامەن باشقىچە ئەھۋال بارلىققا كەلدى. چۈنكى بۇ دەۋردە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ھېكايىلىرى بار-لىققا كەلدى. «ھېكايە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلىي جۇاڭزى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 360 ـ يىللاردىن 280 ـ يىللارغىچە ياشىغان) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن «جۇاڭ-زى» ناملىق كىتابتا ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان. خەن دەۋرىدە ھېكايىگە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ئەسەرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق «ھېكايە» لەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى مەزمۇن قىلغان، يېزىلىشى جەھەتتىن بولسا كوچا پاراڭلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان.

ۋېي، جىن خانىدانلىقلىرى دەۋرىدە ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردە ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر مەخسۇس ئەسەر يوق بولۇشتەك دەۋرگە خاتىمە بېرىلدى. ئەدىب ـ ئۆلىمالار ئارىسىدىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالايدىغان، مۇلاھىزە قىلىدى-غان كەيپىيات بارا ـ بارا كۈچىيىپ باردى. ئىلگىرىكى دەۋرلەر-دە، مەسىلەن، «مۇھاكىمە ۋە بايان» (كۇڭزى شاگىرتلىرى تەرىپىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە كۇڭزى-نىڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 551 — 479 ـ يىللار) سۆزلى-رىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ئەسەر) دا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنى-يىتىگە دائىر كۆزقاراشلار پەقەت ئۇزۇندە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى رەسمىي تەنقىد ئەسىرى شەكلى-دە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە ئەدەبىي تەنقىدچى-

لىكتە يېتەكچى رول ئوينىغانلار ساۋپى، لۇجى، ليۇشې قاتار-
لىقلار بار.

ساۋپى «ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تەقرىز» ناملىق ئەدەبىي تەن-
قىد ئەسىرىنى يېزىپ، ئېلىمىز قەدىمكى زامان ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىكىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى.
ئۇ ئۆز مۇلاھىزىلىرىدە ئاساسلىقى ئەدەبىياتتىكى كەيپىيات يارد-
تىش، كەيپىيات ئارقىلىق يازغۇچىلار ئۆز خاسلىقىنى نامايان
قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

لۇجى بولسا «سەنئەت توغرىسىدا» ناملىق تەنقىدىي ئەسىرد-
دە ئىجادىيەت جەريانى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، شەكلى قاتارلىقلار-
نى مۇھاكىمە قىلدى ھەم بۇلارنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ مۇھا-
كىمە قىلىدىغان ئاساسىي مەسىلىلىرى، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.
دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مەزمۇنغىلا ئەمەس، شەكىل ئا-
مىللىرىغىمۇ ئېتىبار بېرىش تەشەببۇسى لۇجىنىڭ بۇ ئەسىرد-
نىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى بولدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى ليۇشېنىڭ «ئە-
دەبىي ماھارەت» ناملىق تەنقىدىي ئەسىرىدۇر. ليۇشې بۇ ئەسە-
رىدە تۇنجى بولۇپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ئۆزىنىڭ تەنقىد ـ
تەھلىل ئۇسۇللىرى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇلا-
ھىزە ئېلىپ بارغان. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇكەممەل تارىخىي
قارىشى ئاساسىدا باھا بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەدەبىي
تەنقىدتە «شەخسىي غەرەز بولماسلىقى» نى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيىنىڭ 907 —
518 ـ يىللىرى)، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىيىنىڭ
960 — 1127 ـ يىلىغىچە)، يۈەن سۇلالىسى (مىلادىيىنىڭ
1279 — 1368 ـ يىلىغىچە) دەۋرلىرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
ئىزچىل راۋاجلىنىپ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ باردى. شىند-
رىيەتنىڭ ئەمەلىي نەزەرىيىۋى ھالەتلىرىنى قېلىپلاشتۇردى.

ئىپادىلەش ئىقتىدارى جەھەتتىكى بەدىئىي سەنئىتىنى تەھلىل ـ مۇلاھىزە قىلىپ، شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت تالانتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت شېئىرىيەتتىن پروزىچىلىققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋرلەردە «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق مەشھۇر رومانلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پروزا ژانىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىمۇ ئىلگىرىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلىشتىن پروزا ئەسەرلىرىنى تەھلىل ـ مۇلاھىزە قىلىشقا ئۆتۈش بارلىققا كەلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پروزا تەنقىدچىلىكى بارلىققا كەلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بۇ رومانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ـ باھالارنى ئېلىپ باردى. دەسلەپ بۇ رومانلارنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، يازغۇچىلارنىڭ ۋەقەلەرنى قانداق بايان قىلغانلىقىنى باھالاشتىن باشلاپ تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ رومانلارنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى، ئېستېتىك قىممىتى، ئېتىكالىق قىممىتى، يېڭىلىق يارىتىش قىممىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە يۈزلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئادەتتىكى تەسىرات ۋە تەجرىبىلەر شەكلىدىكى تەنقىدچىلىكتىن نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان زامانىۋىلاشقان تەنقىدچىلىككە تەرەققىي قىلدى.

«4 ـ ماي» ھەرىكىتى ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىدە يەنە بىر چوڭ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ دەۋردە غەرب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئېلىمىز ئەدەبىي تەن-

قىدچىلىكى كۆپ خىللىششقا قاراپ يۈزلەندى. لۇشۈن ۋەكىل-
لىكىدىكى سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ماركسىزملىق ئە-
دەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئاساسىي ئو-
رۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يالغۇز
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكىل ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىنى باھالا-
پلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن رېئال تۇرمۇشنىمۇ
باھالاش بىلەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى باھالا-
ش، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيۋى ھېسسىياتنىڭ قانداق
ئىكەنلىكىنىمۇ باھالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.
بۇنىڭ بىلەن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئىنقىلابىي كۈرەش تېمى-
سىدىكى ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەشتىكى رولى،
ئەھمىيىتى مەركەزلىك مۇلاھىزە قىلىنىدى. بۇنداق ئەسەرلەرگە
يۇقىرى باھا بېرىلدى. بۇ دەۋردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات-
نىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر-
گە يېقىندىن ياندا شتى.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئېلىمىزگە ماركسىزملىق ئە-
دەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ بىزنىڭ
ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا
ئېرىشتى. ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىگە قويغان
تەلىپىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل بىرلەشتۈرۈپ، ئەدە-
بىيات - سەنئەتنى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش
يولىدا چوڭقۇر ئىزدەندى. دەۋرنىڭ تەرەققىيات، يۈزلىنىشىگە
ئويغۇن بولغان ئەسەرلەرنى مەدھىيىلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ
رېئال تۇرمۇشىنى ھەقىقىي چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن،
خەلق ئاممىسىنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرغان ئەسەرلەرگە
يۇقىرى باھا بەردى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىلىمىز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئەر-
كىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

غەرب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تارىخى قەدىمكى يۇنان (بۇگۇنكى گرېتسىيە) دىن باشلانغان. قەدىمكى يۇنانىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «پوئېتىكا»، ناملىق ئەسىرىدە، ئەپلاتۇن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 427 — 347 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە «ئىلىيادا»، «ئودېسسا» قاتارلىق داستانلار ئۈستىدە كونكرېت تەنقىدلەرنى ئېلىپ بارغان. ئارىستوتېل، ئەپلاتۇنلارنىڭ ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار قاراشلىرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىلىرى شۇنىڭدەك ئېلىپ بارغان تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتلىرى غەرب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئەپلاتۇننىڭ ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى «تەقلىد تىلىش بىلەن تەقلىد قىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى» دەپ چۈشەندۈرگەنلىكى، ئوبيېكت رېئال دۇنيانى ھەقىقىي دۇنيا ئەمەس، بەلكى ئىدېئال چۈشەنچىلەر دۇنياسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، شولىسى؛ سەنئەت بولسا ئاشۇ كۆچۈرۈلمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، شولىنىڭ شولىسى، دەپ قارىغانلىقى؛ ئارىستوتېلنىڭ ئەپلاتۇن قاراشلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، رېئال دۇنيانى ھەقىقىي ئوبيېكت چىنلىق دۇنياسى، سەنئەت بولسا ئاشۇ ئوبيېكت چىنلىق دۇنياسىغا قىلىنغان تەقلىدتىن ئىبارەتتۇر، دەپ قارىغانلىقىدەك بىر قاتار نۇقتىئىنەزەرلىرى قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى. ئەدەبىياتنى ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرۈش ئەپلاتۇن، ئارىستوتېللارنىڭ ئەدەبىيات -

سەنئەت جەھەتتىكى قاراشلىرىنىڭ ئورتاق نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭمۇ ئورتاق قارىشىغا ئايلاندى. كېيىنكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى (14 — 16 - ئەسىرلەر)، كلاسسىزملىق ئەدەبىيات دەۋرى (17 - ئەسىرلەر) لىرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر گەرچە ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى ئامىللىرى، مەسىلەن، بەدىئىي تىل، بەدىئىي شەكىل، بەدىئىي قۇرۇلما، بەدىئىي ماھارەت ... قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا قەدىمكى پرىنسىپلارنى چەتكە قاقمىدى، يەنىلا قەدىمكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭىنى سىناق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

19 - ئەسىرگە كەلگەندە، ياۋروپا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دەلىلچىلىك تەنقىدچىلىكى (实证主义批评)، ئېستېتىك تەنقىدچىلىكى (唯美主义批评) ۋە رېئالىزملىق تەنقىدچىلىكى (现实主义批评) قاتارلىق مۇھىم بولغان ئۈچ خىل تەنقىدچىلىك ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى.

دەلىلچىلىك تەنقىدچىلىكى بولسا، ئەدەبىي ئەسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خاتىرە، ماتېرىياللارنى يىغىپ ۋە ئۇنى دەلىللەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئەسەرگە كۆزقاراش، چۈشەنچە، پرىنسىپلار بىلەن باھا بەرمەستىن، بەلكى شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ باھا بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئېستېتىك تەنقىدچىلىكى بولسا، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار سەنئەتنى سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن باغلىمايدۇ، ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ سىرتىدا چىقىپ بىر خىل «ساپ گۈزەللىك» نى قوغلىشىشى لازىم، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار يەنە سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكتىن ئەڭ ئاسان تەسىرلىنىدىغان بىر خىل كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ «سەنئەتكارنىڭ ئۆزىلا بىردىنبىر

ياراملىق تەنقىدچىدۇر» دېگەننى تەكىتلىدى.

رېئالىزملىق تەنقىدچىلىك بولسا، «ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىپادىسى» ، «بېۋاسىتىلىك -- سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى» دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. رۇسىيە تەنقىدچىسى بېلىنسكىي (1811 — 1848 ـ يىللار) نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرى رېئالىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلدى.

بېلىنسكىي رۇسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئىنقىلابىي دېموكراتىزمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئىستىبداتلىق ئەدەبىي تەنقىدچىسى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا پەلسەپە، ئېستېتىكا ئىلىملىرىنى پىششىق ئۆگىنىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ گېرمانىيە پەيلاسوپلىرىدىن گېگېل (1770— 1830) نىڭ «تارىخ پەلسەپىسى» ، «ئومۇمىي پەلسەپە كىتابى» ، «ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر» قاتارلىق كىتابلىرىنى ۋە فېيېرباخنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۆز دەۋرىدىكى رۇسىيە يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى كۆرەشلەرگە بېۋاسىتە قاتنىشىش ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى ئاڭ بىلەن ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق مەيدان بېلىنسكىينى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە رېئالىزملىق تەنقىدنى ئاساس قىلىدىغان تەنقىدچىگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆز تەنقىدچىلىكىدە ئەدەبىيات خەلقنىڭ تۇرمۇشنى پەردازلىماستىن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، دەپ قارىدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش، ئىزاھلاشتا رېئال تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇردى.

ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر نامايەندە بولدى. ماركس، ئېنگېلسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاز بولمىغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى يازغانىدى. ئۇلار كېيىنكى ئىنقىلاب جەريانلىرىدىمۇ شۇنچە

ئالدىراش بولۇپ تۇرۇقلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرىگە بولغان دىققىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدى. بەلكى، ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىد مەسىلىلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر - تەلەپلەرنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرغان.

ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى قاراشلىرى «ئېستېتىكىلىق تارىخىي تەنقىد» پرىنسىپى بولۇپ سىستېمىلاشقان بىر مۇستەقىل تەنقىدچىلىكتۇر. لېكىن، بۇ تەنقىدچىلىك پرىنسىپلىرى ماركس، ئېنگېلسلار تەرىپىدىن ئۆز دەۋرىدىكى شائىر، يازغۇچىلار، دراماتورگلار بىلەن يېزىشقان خەتلىرىدە ئېلىپ بارغان مۇنازىرىلىرىدە ئىپادىلەنگەن، ئوتتۇرغا قويۇلغان. ماركس شىللېينىڭ «پارىژنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان، ئېنگېلس گىيۇتى ئىجادىيىتى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە يازغان. ماركس، ئېنگېلسلار يەنە 1859 - يىلى لاسسالغا (1825 — 1864 - يىللار) خەت يېزىپ ئۇنىڭ «فرانزفون زىجىنگېن» ناملىق دراممىسى ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. ئۇلار بۇ مۇنازىرىسىدە خاراكتېرلاردىكى ئورتاقلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ بىرلىكىنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىملىقى ئۈستىدە ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئېنگېلس 1885 - يىلى گېرمانىيىلىك ئايال يازغۇچى مىننا كائۇتىسكى (1837 — 1912) غا ئۇنىڭ «كونا ھەم يېڭى» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ تىندىنسىيە بىلەن چىنلىقنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى بايان قىلدى. ئېنگېلس يەنە 1888 - يىلى ئەنگلىيە ئايال يازغۇچىسى ماگارىتا ھاركىنىس خانىمنىڭ «شەھەر قىزى» ناملىق تۇنجى پوۋېستى توغرىسىدا خەت يېزىپ، ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپلىرىنى، دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى شەرھلىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسلار ئۆزلىرىنىڭ تەنقىد نەزەرىيىسى ۋە تەنقىد ئەمەلىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئېستېتىكىلىق بىلەن تارىخىيلىقنىڭ بىرلىكىنى چىقىش قىلدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇلاھىزە قىلغان ھەم باھالىغاندا، بەدىئىي جەھەتتىكى ئانالىز قىلىش بىلەن ئىلمىي ئىجتىمائىي تارىخىي ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىشنى بىرلەشتۈردى.

ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد ماركس بىلەن ئېنگېلسلار ياراتقان تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەسەرلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى ئۇلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت نۇقتىسىدىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى نۇقتىسىدىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بەلگىلىگەن ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇش نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىدۇ، چۈشەندۈرىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاكتىپ يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىگەن ـ ئىپادىلىمىگەنلىكىنى ئەسەرگە باھا بېرىشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد ئېستېتىك كۆزقاراشلار بىلەن تارىخىي كۆزقاراشلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئېستېتىكىلىق تەھلىلدىن تارىخىي تەھلىلگە ئۆتۈپ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد بارلىققا كېلىشى بىلەنلا ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىيلىققا ئىگە بولدى.

ئېلىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمۇ بەلگىلىك تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى.

ئىدىقۇت خانىدانلىقى دەۋرىدە بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى ئەسەر-لەر ھىندى، سانسكرىت تىللىرىدىن خەنزۇ تىلىغا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا تەرجىمانلار بۇ ئەسەرلەرنى خەلق ئوقۇپ دەماللىققا چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ چە-قىش مەقسىتىدە ئەسەرلەرگە ئىزاھات ۋە شەرھى يازغان. ئۇلار-نىڭ يازغان ئىزاھ ۋە شەرھلىرىگە ئاشۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى باھا ۋە مۇلاھىزىسى سىڭگەنىدى. ئەنە شۇلارنى ئەدەبىي تەنقىد-چىلىكىمىزنىڭ بىزگىچە مەلۇم بولغان دەسلەپكى مەنبەلىرى دەپ قارىساق بولىدۇ.

ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950) ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىد-مىزدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ گەرچە يېتۈك پەيلاسوپ ۋە ئېستېتىكا ئالىمى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا تەلىماتلىرى ئىچىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى-نىڭ بەزى قائىدىلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەك-كۇر، تەسەۋۋۇر، رېئاللىققا تەقلىد قىلىش دېگەندەك قاراشلىرى شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتىنى چىقىش قىلىپ شەرھلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ. فارابى «شېئىرىيەت قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە»، «شېئىر ۋە قاپىيە توغرىسىدا سۆز» دېگەن كىتابلارنى يازغان. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەتتە مۇزىكىلىق ئاھاڭدار بىرلىكى ھېسابلىنىدىغان ۋەزىن مەسىلىسىنى ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا رىتىم، قاپىيە، بېيىت شەكلى مەسىلە-لىرى ئۈستىدىمۇ مۇلاھىزە قىلغان. فارابى رېئاللىققا تەقلىد قىلىشنى سەنئەتنىڭ ئاساسىي خىزمىتى دەپ قارىغان. ئەمما، فارابى بۇ خىل تەقلىد قىلىشنى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەپلاتون، ئارىستوتېللارنىڭ تەقلىدىيەت قاراشلىرىغا سېلىشتۇ-رۇپ راۋاجلاندۇرغان. ئۇ، شائىرلارنى شەكلەن تەقلىد قىلىش بىلەن ئىجادىي تەقلىد ئىقتىدارىغا قاراپ ئايرىپ چىققان. فارابى

يەنە ئەسەرنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىدا، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك رو-
لى، تەربىيىۋى رولى ۋە مەنپەئەتدارلىق قىممىتى بولۇش لازىم،
دەپ ھېسابلىغان. فارابىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە ئوتتۇ-
رىغا قويغان بۇ خىل قاراشلىرى ئۆز دەۋرى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى
ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىيا-
تىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىن، قاپىيە، رىتىم
توغرىسىدىكى قاراشلىرى كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە
تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان
بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چوڭ ھە-
جىملىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە رىتىم، قا-
پىيە، تۇراق ۋە سەز ئىشلىتىش مەسىلىلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇن-
تىزىم ۋە قانۇنىيەتلىك بولغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى.
بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 — 1089 - يىللار) ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى يەنە
بىر نامايەندە. ئۇ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئە-
سىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى، رولى ئەدىبلەرنىڭ
بۇرچى ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى توغرىسىدا ئىلمىي قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويغان.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ راست-
چىللىق بىلەن ئىپادىلىنىشىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى
شەرتى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئەدەبىياتتىكى چىنلىقنى مۇھىم ئورۇنغا
قويۇش — ئەدەبىياتنىڭ جېنى دېگەن. شۇڭا ئۇ ئۆز داستانىدا
مۇنداق يازىدۇ:

6627: يۈسۈپ سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك قارا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئىجادىيەت جەريانى يازغۇچى -

شائىرلارنىڭ ئۆز خىيالى بىلەن ئىش قىلىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قاينام تاشقىنلىق تۇرمۇش قوينىغا چوڭقۇر چۆكۈشى، رېئال تۇرمۇش دېڭىزىدىن ماھىيەتلىك، گۈزەل، قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپىكلەشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

4395: كۆرەرسەن دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتنىڭ رولى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرنى توغرا كۆرزىتىپ، ئىجابىي تەرەپلەرنى مەدھىيىلەپ، سەلبىي تەرەپلەرنى سۆكۈپ، كىشىلەرگە تەربىيە بېرىشى كېرەك، دەيدۇ. مەسىلەن:

4392: كېلىۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

4396: ئۇلار ماختىسا ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سىپسىيدۇ ئېتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل مەسىلىسىنى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئەدەبىيات دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىدا «شائىر سۆزى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭچە شائىر سۆزى گۈزەل، مەنىسى چوڭقۇر، ئىخچام، ئوبرازلىق بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات تەپەككۇر (ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىي تەپەككۇر) غا تايىنىپ ئىدىيىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن قاراش ئەسەردە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

4393 : قىلىچتىن ئىتتىكرەك بولارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر رولى.

ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىرگەن ئەدىب. ئۇ بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىرگە. ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە مەنسۇپ مەخسۇس ئەسەر يازغان كىشى. شۇڭا ئۇ ئاتاقلىق شائىر بولۇش بىلەن بىرگە ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى يەنە ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنى 1490 ـ يىلى يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى») ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئەدىبنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا، تەزكىرىچىلىككە ئائىت ئەسەر بولۇپ، جەمئىي سەككىز باب (مەجلىس) دىن تەركىب تاپقان. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە شۇ دەۋردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 458 شائىر ۋە شېئىر ئەھلى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرسى توغرىسىدا قىسقىچە باھالاش ئېلىپ بارغان.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شېئىرنىڭ تىلى، بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي ئۇسلۇب قاتارلىقلاردىن تارتىپ شائىرلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە مەنىۋى كامالەتكە دائىر مەسىلىلەرگىچە ئۆزىنىڭ مۇتەپەككۇرانە مۇلاھىزە ـ باھالىرىنى ئېيتىپ ئۆتكەن.

«مەجالىسۇن نەفائىس» ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئائىت يېگانە ئەسەردۇر. نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئەدىب ـ شائىرلارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە توغرا ئەدەبىي تەنقىد مەيدانىدا تۇرۇپ ئادىل، ھەققانىي باھالارنى بەر-

گەن. مەيلى ئۇلار قايسى تەبىقە، قايسى رايوندىن چىققان بول-
سۇن، مەيلى ئۆزى بىلەن بىر ئۆمۈر مەسلەكداش، ھەمسۆھبەتتە
بولۇشقان يار - بۇرادەرلىرى بولسۇن، ياكى ئۆزىگە قارشى
پىتنە- پاسات تېرىگەنلەر بولسۇن، ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ كېيىن-
كىلەرگە قالدۇرغۇدەك شېئىرىي تالانت، مەنىۋى كامالەت، شى-
جائەت بولسىلا، ئۇلارنى ئوخشاشلا مەدھىيىلەپ تەرىپلىگەن.
نەۋائى بۇ جەرياندا ھەرگىزمۇ كۆپتۈرمىگەن ياكى كىچىكلەتمى-
گەن.

ئەلىشىر نەۋائى ئەسىرىدە شائىرلارنى باھالاش بىلەن بىر-
گە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر-
نى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
بۇ ھەقتىكى ئۆز - ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى شەرھلەپ ماڭىدۇ. ئۇ
شېئىرلارنى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە
يۈكسەك دەرىجىدىكى گۈزەل ۋە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلگىمۇ
ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە «مەجالىسۇن
نەفائىس» دا نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇلگە قى-
لىپ تەرىپلەيدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى
تەنقىد قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزى «ئۇستازىم» ، «ئۆز زامانىنىڭ سۆز
شاھى» دەپ تەرىپلەپ چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەن مەۋلانە لۇت-
فى ۋە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا
كاتتا شۆھرەت قازانغان مەۋلانە ئاتايىغا ئوخشاش ئالدىنقى قاتار-
دىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈلگەن ئايرىم نۇقسانلارنىمۇ
ئاياپ قويماستىن كۆرسىتىپ بەلگىلىك دەرىجىدە تەنقىد قىلى-
دۇ.

مەسىلەن، نەۋائى ئەسەرىنىڭ ئاخىرقى بابىدا شائىر لۇتفى-
نىڭ:

ئەي، قەددى تۇبىئى جەننەت خەددى گۇلگۇن ئۇستىنە،

كۆرمەدى دەۋران سىنىڭدەك ئاي گەردۈن ئۈستىنە.

(مەنىسى: ھەي، سىنىڭ بۈيۈك جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈل يۈزلىرىڭ ئورۇن ئالغاندۇر. دەۋران پەلەك ئۈستىدە سىنىڭدەك ئاينى كۆرۈپ باقمىغان) دىگەن مەتلەئىدىكى ئوخشىتىشنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلاشمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئىككىنچى بابىدا بولسا ئاتايىنىڭ:

ئول سەنەمكىم سۆز قىراغىدا پەرىدەك ئولتۇرۇر.
غايەتى نازۇكلۇقىدىن سۆز بىلە يۇتسا بولۇر.

دىگەن بېيىتنى مىسالغا ئېلىپ «بۇ بېيىتنىڭ قاپىيىسىدە ئازراق نۇقسانى بار» دەيدۇ.

نەۋائى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغان. ئۇ شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئوچۇق چىراي، خۇش چاقچاق، كەمتەر بولۇشىنى، خىلمۇ خىل ئىلىملەردىن، جەمئىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىنى، ھۇرۇن، رەتسىز، گېپى سەت، قوپال بولماسلىقىنى، ھەر خىل مەسىلىلەرگە تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئىقتىدارغا، ئۆز غۇرۇرىنى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلىيالايدىغان ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

مەسىلەن، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ بىرىنچى بابىدا مەۋلانە ساھىب بەلغىنىڭ ماھارىتىنى، قابىلىيىتىنى مەدھىيىلەپ «شېئىرىيەت پىنىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە مۇزىكا نەزەرىيىسى، نوتا ۋە كۈي - نەغمە ئىلىملىرىدىمۇ كاما-

لەتكە يەتكەنىدى» دەپ يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى ساقلىيالمايدىغان ناچار ئىللىتىنى تەنقىدلەپ «ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھەددىدىن زىيادە تەمەخور بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە ئارتۇقچىلىقى ۋە تالانتى بار تۇرۇپمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىززىتى كەمرەك ئىدى» دەپ يازىدۇ.

نەۋائى يەنە خىلمۇخىل پىكىر ئېقىملىرىغا مەنسۇپ ئەدىبلەرنى ۋە ئىزدىنىش روھىغا باي، دادىل پىكىر قىلىدىغان تالانت ئىگىلىرىنى قىزغىن قوللىغان. پەزىلەتسىز، دىيانەتسىز ئەدىبلەرنى ئاياپ ئولتۇرماستىن كەسكىن تەنقىد قىلغان. ئۇ «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئۈچىنچى بابىدا سەئىد قورازەنىڭ باشتا مۇلايىم، ئىلىم ئۆگىنىشكە خۇشتار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشىلىقلار قىلىنىپ چوڭ ئالىملار دەرسلەر بەرگەندىن كېيىن ھەددىدىن ئېشىپ، ئاجايىپ - غارايىپ قىلىقلارنى قىلغانلىقىنى، ئاخىرى خۇراساندا تۇرالماي سەمەرقەنتكە كېتىپ يەنە ناچار ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ تۇزكورلۇقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. نەۋائى يېتىلىۋاتقان تالانت ئىگىلىرىگە ئىلھام، مەدەتلەرنى بېرىدۇ.

نەۋائى يەنە شائىر - يازغۇچىلاردىن يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈۋېلىشتەك قىلمىشلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بابىدا مەۋلانە نەرگىسنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئىجادىي روھىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، ئەسەرلىرىدە باشقىلار ئىجاد قىلغان سۆز - ئىبارىلەرنى ھەمىشە كۆچۈرۈپ ئىشلىتىۋالىدىغان ناچار ئادىتىنى تەنقىد قىلىدۇ.①

ئەلىشىر نەۋائى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى بولغان يازغۇچىشۇناسلىق ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ «مەجالىسۇن نەفائىس» دا يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇس-

---

① نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» 104 - بەت.

نى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى شۇنىڭدەك شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە تو- نۇشتۇرغان. ئۇ ئەسىرىدە جەمئىي 40 قا يېقىن ئەدىبنىڭ ئەدە- بىي تەخەللۇسىنى تىلغا ئالغان. ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەن. مە- سىلەن، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ 111 ـ بېتىدە مەۋلا- نە دېگەن شائىرنىڭ «زۇلالى» تەخەللۇسىنى چۈشەندۈرگەندە، «زېمىن بۇلاقلىرىدىن نەزمىنىڭ ساپ، زىلال سۇلىرى چىقىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا ‹زۇلالى›، دەپ تەخەللۇس قويۇلغان» دەپ يازىدۇ. نەۋائى يەنە ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا (كىتاب 15 ـ بەت) مەۋلانە يەھياسىبەك دېگەن شائىرنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بەرگەندە، بۇ شائىرنىڭ تەخەللۇسىنىڭ ئۆز- گىرىش جەريانلىرىنى — ئاۋۋال «تۇففاھى» (ئالمىچى) ئىكەن- لىكى، كېيىن بولسا «فەتتاھى» (ئاچقۇچى، ئىگىلىگۈچى)، «ئەسرارى» (سىر ئېيتقۇچى) دېگەن تەخەللۇسلارغا ئۆزگەر- گەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەخەللۇس ھەققىدىكى قارىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەدەبىي تەخەللۇس ئالدى بىلەن تەخەللۇس قوللانغۇ- چىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى لازىملىقى- نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەخەللۇس قوللىنىشتا دوراmچىلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەنقىدلەيدۇ. دوراmچى- لىق قىلىپ تەخەللۇس قويغانلارنى تەنقىدلەيدۇ. مەسىلەن، نەۋا- ئى «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ 127 ـ بېتىدە مەۋلانە نەزىرىد- دىن دېگەن شائىرنى تىلغا ئېلىپ «ئۇ ‹ۋەفائى› » دېگەن تەخەل- لۇسنى قوللىناتتى. پېقىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ‹زەمانى› دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئىككى سەۋەبتىن ئىدى: بىرى شۇكى، ئۇ سۇلتان بەدىئۇززەمان مىرزانىڭ خىزمىتىدە بولغاچقا ‹زەمانى› دېگەن تەخەللۇس ئۇنىڭغا ناھايىتى لايىق ئىدى. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئەھمەد جامىبەك ‹ۋەفائى›، تەخەللۇسىنى قوللىناتتى ۋە شېئىرلىرى مەشھۇر ھەم دىۋانىمۇ بار. بۇنداق كىشىگە تەخەل-

لۇس جەھەتتە سەۋەبسىز شېرىك بولماق مۇناسىپ ئىش ئەمەس، دەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى ئۇنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىدە نۇقتىلىق ئەكس ئەتكەندىن باشقا يەنە «مىزانۇل ئەۋزان»، («شېئىرىيەتتە ۋەزىن ئۆلچىمى») «ئارۇز تۇركى» («ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا») قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. ئومۇمەن، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇ ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرغان. ئەسەرلىرىدە دەۋر تەلىپى، دەۋر سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۇرۇش كېرەك، دەپ قارىغان. ئەسەرلەرگە «ئېسىل مەنە بولۇش بىلەن ئېسىل سۈرىتى (شەكلى) بولۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە — ئابدۇللا خاراباتى، ئامانىيساخان، زەلىلى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيەتلىرىدە، شەكىل، مەزمۇن يېڭىلاش، دەۋر تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، رېئاللىقنى يېزىش، كىشىلەرنى ئىلغارلىققا يېتەكلەشنى چىقىش قىلىش مەقسەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 30 — 40 - يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن بېلىنسكىي، گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قائىدىلىرىگە دائىر نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ماركسىزملىق تەنقىد قاراشلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق پوبلىستىك ماقالىسىنى يېزىپ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنى ۋە نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىچە تەرەققىيات بىلەن ئالغا باستى.

# ئىككىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدتە ئۇنۇم چۈشەنچىسى

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۇنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچىلىق، ۋاستىلىك خاراكتېرىنى ئالغان پائالىيەت بولۇپ، ھازىرقى زاماندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئىلىم نۆۋەتتە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، جەمئىيەتنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشتە، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

تەنقىدچى ئەدەبىي شەكىل بىلەن يەتكۈزۈپ بەرگەن ئېستېتىك تۇيغۇ كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەسىراتىنى ئۆزگىچە تارتىپ كىتابخان تەنقىدنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ سەنئەت ئەسىرىدىن چوڭقۇر ھوزۇرلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەدەبىي تەنقىد كىتابخاننىڭ ئېستېتىك شادلىقىنى ئاشۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆتەيدۇ. تەنقىدچىنىڭ نەزىرى ئەسەردىكى ئېستېتىكلىق ئامىللاردىن ھالقىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بۇرۇلۇپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھمىيىتىنى باھالىغاندا بولسا، تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي رولى نامايان بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى ئەسەرنى باھالىغاندا، ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى مۇلاھىزىلەردىن ھالقىپ، ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىش ۋە قوبۇل قىلىنىش جەريانلىرىدىن يېڭى چۈشەنچە، قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ ئىجادىيەت نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە

تۈرتكىلىك قىلسا، بۇ ۋاقىتتا بۇنداق تەنقىدتە پەلسەپۋى قىم-
مەت نامايان بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
ئەدەبىي تەنقىد ھاسىل قىلىدىغان ئۇنۇم بىرلا خىل بولمايدۇ.
بىز تۆۋەندە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇنداق ئۈچ تەرەپتىكى ئۇنۇمى
ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

## § 1 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمى

ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرى ۋە ئۇنۇمى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ
ئوبيېكتى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلى-
رىنىڭ تەسىرىگە ھەممىدىن بۇرۇن ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئە-
مەس. بىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات بىر خىل ئېستېتىك ئاڭ فور-
مىسى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى گۈزەللىك بولسا ھەرىكەتچانلىق-
قا، شۇنىڭدەك يەنە غۇۋالىققا ئىگە بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق
ئالاھىدىلىك ئەدەبىي تەنقىدكە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەردى-
كى گۈزەللىكنى تونۇش ۋە ئەسەر مەنىسىنى ئىزاھلىشىغا غەي-
رىي مۇتلەقلىق ئېلىپ كەلگەن. ئەدەبىي تەنقىدچى پەقەت بىۋا-
سىتە سېزىمى ۋە پسىخىك سەزگۈسى ئارقىلىق ھاسىل قىلغان
بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىقلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىچكى
قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلەيدۇ ھەم يەنە پەقەت ئالاھىدە
تۇسكە ئىگە سۆز ـ جۈملىلەرگە تايانغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئەسەر
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېستېتىكىلىقنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. دې-
مەك، تەنقىدچىدىكى ئېستېتىكا سەزگۈنى ھېس قىلىش بىلەن
ئۇنى يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلى تەنقىد يېزىقچىلىقىنىڭ ئەدەبىي-
لىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەدە-
بىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى مۇقەررەر ھالدا كى-

تابخانىلارنىڭ ئېستېتىك دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە جەلپ قىلىدۇ. مانا بۇنداق چاغدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كىتابخانىلارنىڭ ئېستېتىك سەزگۈسىنى قوزغاش ئۇنۇمى بارلىققا كېلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنى ئوبيېكت قىلىپ قانات يايدۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇ چوقۇم سەنئەتكە خاس بولغان ئۇسۇل، شەكىللەر بىلەن سەنئەت ئەسەرىنىڭ قاتلاملىرىغا چۆكەلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئەدەبىي تەنقىد پۈتۈنلەيلا ساپ ئوبيېكتىپ، ئابستراكت بولغان پائالىيەت بولماستىن، بەلكى يەنە مول بەدىئىي پۇراقلىق ئىگە ئەدەبىي پائالىيەتتۇر.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئېستېتىك سەزگۈ جەلپكارلىقى دەل ئەدەبىي تەنقىدتىكى ئېستېتىك ئۇنۇمىنىڭ بىر تەرىپىدۇر. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېستېتىك شادلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەدەبىي ئەسەر ئىگە بولغان ئېستېتىك شادلىق ھاسىل قىلىش رولى شۇ ئەدەبىي ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاپتوردىن باشلىنىپ قوبۇل قىلغۇچىدا تاماملىنىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى يازغۇچىنىڭ يېڭى ئېستېتىك تەسىراتى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇزلۇكسىز سىڭدۈرۈلۈپ، ئارىلىشىپ بېرىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىدۇ. كونا قائىدە ـ تەرتىپلەرنى داۋاملىق بۇزۇپ تۇرىدۇ. يېڭى شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىرئاز تەس بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا كىتابخان تەنقىدچىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە موھتاج بولىدۇ. كىتابخان ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرى بىلەن ئۇچرى-

شىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىستىتىك بەھرىلىنىشنى قولغا كەلتۈر-دۇ. بىز ئەدەبىي ھاياتىمىزدا بۇنداق ئەھۋالنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىدە «گۇڭگا شېئىر» لار مەيدانغا كېلىپ كىتابخانلار ئارىسىدا غۇل-غۇلا قوزغىدى. بۇ شېئىرلاردا پىكىر غۇۋا ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. ئىپادىلەش ۋاستىلىرىمۇ ئادەتتىكى شېئىرلارنىڭكىدەك قېتىپ قالغان بىر خىللا ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ شېئىرىي پىكىرنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئادەتلەنگەن كىتابخانلىرىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، دەسلەپ بۇ شېئىرلارنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش تولىمۇ تەس بولدى. كىتابخانلار بۇ شېئىرلاردىكى گۈزەللىكتىن ھېچقانداق زوق ئالالمىدى. نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بۇ شېئىرلار ھەققىدە كەينى - كەينىدىن ئوبزور - باھالارنى يې-زىپ، بۇ خىل شېئىرلاردىكى مەزمۇن، تىل ئالاھىدىلىكى، ئوبراز، تەسۋىر قاتارلىقلاردىكى يېڭىلىقلارنى ئانالىز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىتابخانلىرىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ يار-دىمى بىلەن بۇ خىل شېئىرلاردىن ئىستېتىك زوق ئالدى. بىز ھازىرمۇ بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇ ئەسەرلەر توغرىسىدا يېزىلغان تەنقىد ماقالىلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشە-نىپ بەدىئىي زوقلىنىشىمىزنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. بۇ بىر خىل نورمال ئەھۋال، ھەتتا بەزى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى كىتاب-خانلارغا ئەسەرگە نىسبەتەن شۇ ئەسەرنىڭ يېڭى تەرەپلىرىنى بايقاش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. كىتابخانلارنى ئەسەرنى ئەس-لىدىكى چۈشەنچىسى ئاساسىدا قايتا يەنە بىر قېتىم ئىنچىكە ئوقۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەسەر ھەققىدە بۇرۇن ھېس قىلغان مۈجمەل، تېيىز ۋە تولۇق بولمىغان چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئېلىشقا يېتەكلەيدۇ.

پولشالىق پەيلاسوپ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچى رومىن ئىنگىردىن (1893 — 1970) : «ئەدەبىي ئەسەر كۆپ قاتلامدىن تەشكىل

تاپقان بولىدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى ئەدەبىيات ئىستېمالچىلىرى بولسا ئەدەبىي ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىغا سەك-رەشنىڭ ياكى بولمىسا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ شەكلى ھېسابلاي-دۇ» دەيدۇ. رومىن ئېنگىردىنىڭ بۇ سۆزى كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنى ئوقۇشى جەريانىدا ئۆنىگەدىكى بارلىق قاتلاملارنىڭ ھەم-مىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر-نىڭ كىتابخانلارنىڭ تولۇق چۈشىنىشى ئۈچۈن دائىم يېتەكچە-لىك قىلىش رولىنى ئويناپ تۇرۇشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىيمۇ ئەدەبىي تەنقىد ئۇستىدە توختى-لىپ: «ئەسەرنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى ياخشى - يامانلىق دەرىجىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقىش تەنقىدچىنىڭ تۇنجى قەدە-مىدىكى ئىش بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ.

## § 2 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۇنۇمى

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلىقى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تەھلىل - تەتقىق قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىج-تىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رېئال ئىجتىما-ئىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئەتتۈرمىگەنلىكىنى تەكشۈرىدۇ. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان تۇرمۇش چۈشەن-چىلىرىنىڭ، باھالىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشى-

گە پايدىسى بارمۇ، يوق، دېگەنلەر ئۈستىدە ئانالىز قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى مانا شۇنداق ئانالىز قىلىشلار جەريانىدا، بىر تەرەپتىن يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەنقىدچىنىڭ بۇ خىل مۇلاھىزە - باھالىرى بىر خىل نەزەرىيىۋىلەشكەن ھالەتتە بولۇپ، تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئاڭلىقلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي تەنقىدنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى باھالاش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەنقىد ئايرىم ھالدا سىياسىي تەنقىد، ئەخلاقىي تەنقىد خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بۇرالغان، ئۆزگەرگەن باسقۇچلىرىدا، ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ئۆتكۈرلەشكەن شارائىتلار ئاستىدا بولسا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بۇنداق خاراكتېرلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك تۇس ئالىدۇ. تەنقىدچىمۇ ئۆزىنى ئېنىق بىر مەيدانغا قويۇپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بولسا، مەلۇم بىر خىل سىياسىي ئىدىيىۋى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ياكى قوغدايدىغان ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. ئەمدى جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللىنىۋاتقان مەزگىللەردە بولسا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۇنۇمى ئاساسلىقى ئىدىيىۋى ئەخلاقنى تەكىتلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەنىۋى مەدەنىيلىك سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئەدەبىي ئەسەردۇر. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن قىممىتى ئۈ-

نىڭ ئېستېتىكىلىقى بىلەن بەدىئىيلىكىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى يەنە ئادەمنىڭ قەلب دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆككەنلىكىدە، رېئال تۇرمۇشنى كۆزىتىشنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئەتراپلىقلىقىدا، ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تەنقىدچى ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدە ئانالىز ۋە شەرھلەش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئېستېتىك قاتلىمى دائىرىسىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئېستېتىكىلىق ئانالىز ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ بولغان ئىجتىمائىي تارىخىيلىقىنى ئانالىز قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بىلىش قىممىتى، ئەخلاق قىممىتى، پەلسەپىۋى قىممىتى، تەربىيىۋى قىممىتى قاتارلىقلارنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىللە رېئال تۇرمۇشتا پەيدا قىلىدىغان بارلىق تەسىرلەرنى ئويلىشىدۇ. بىز ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەزى تەنقىدچىلىرىنىڭ تەنقىد ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئانالىز قىلغاندا، ئاۋۋال ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن قول سېلىپ تەدرىجىي ھالدا ئەخلاقىي ۋە سىياسىي قىممىتىنى يورۇتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قىممىتىنى نۇقتىلىق مۇلاھىزە ـ تەھلىل قىلىدىغان تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى يەنىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەلىپى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىدا بەزىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندە، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرى مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغان، ئەھمىيەت بېرىدىغان نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق شارائىتتا سىياسىيۋىلىققا ئەھمىيەت بىلەن قاراش جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق پسىخىكىسىغا ئايلىنىدۇ. مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى زور سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە ئەسەرنىڭ ئېستېتى-

كىلىشىغا تايىنىپ شۇ ئەسەرنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. دەل مۇشۇنداق ھالەت تەنقىدچىدىن ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىشقا، ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن سىياسىي، ئەخلاقىي ئېلېمېنتلارنى ئانالىز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بېلىنسكىي گوگولنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە — تەھلىل ئېلىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى كومېدىيىلىك ئۈنۈملەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ ئاشۇ كومېدىيىلىك ئىچىدە رېئاللىقتىكى چىرىكلىك ھادىسىلەرنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى، جۈملىدىن، فېئودال يادچىلىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ئېستېتىكىلىق تۇيغۇلاردىن رېئال تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئويلىنىشلارغا يېتەكلەپ، ئەدەبىي ئەسەر ئىگە بولغان ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقنى ئىگىلەتكۈزىدۇ. سىياسىي مۇلاھىزىلىك خاراكتېر قويۇق بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىگىدىمۇ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۈنۈم يۇقىرى بولدى. بۇ دەۋردىكى تەنقىد ئىجتىمائىي تەنقىد مەنىدىكى ۋە سىياسىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنى ئانالىز قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، بۇنداق ئەسەرلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇش رېئاللىقىغا نەزەر ئاغدۇردى ھەم بۇ ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئوينىغان رولىغا يۇقىرى باھالارنى بەردى.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۈنۈمى ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر دەۋردىكى سىياسىي كۈرەشلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن ئوينىغان روللاردا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە تەنقىدچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئىپادىلىگەن تارىخىيۋىلىك بىلەن

ئىدىيىۋىلىكنى چوڭقۇر قېزىپ، كىتابخانىنىڭ رېئال تۇرمۇشقا
بولغان چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىدە، گۈزەللىك بىد-
لەن رەزىللىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرۈش
ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە
ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئالدى بىلەن ئېلىپ بارىدىغىنى ئەدەبىي ئە-
سەرنىڭ ئېستېتىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بەدىئىي
ئۇسلۇبىنى باھالاش بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈپ
مەقسىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى لازىم. مۇھىد-
مى، ئەدەبىي تەنقىد كىتابخانلارغا ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مول ۋە
رەڭگا رەڭ تۇرمۇشنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەلسەپى-
ۋى، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈشى كېرەك.
ئەدەبىي تەنقىدچى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەنئىتى ئۈستىدى-
كى ئانالىزى بىلەن ئىجتىمائىي خاراكتېرى ئۈستىدىكى ئانالىزى-
نى بىرلەشتۈرگەندە، ئۇ مۇقەررەر هالدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد جەمئىيەتتە يەنە بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت
ھادىسىسىدۇر. ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن توغرا كىشىلىك قارىشى،
ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلەشتە تېگىشلىك رولىنى
ئارتتۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بۇنداق رولى بۈگۈنكى دۇنيادا
تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىما-
ئىي، سىياسىي ئۇنۇمى ئەدەبىي تەنقىدنى ئېستېتىكىلىق ۋە بەدى-
ئىيلىك قاتلاملاردىن ھالقىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئەدەبىيات بىلەن
خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرغۇچىغا ئايلاندۇردى.
بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش شارائىتى يارىتىپ بەردى. بىز تارىخقا نەزەر سالساق،

ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن دەۋرى، ۋېي دەۋرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر، رۇسىيىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي قاتارلىق ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى ئاشۇ تارىخىي شارائىتلاردىكى مۇرەككەپ جەمئىيەت رېئاللىقلىرىنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىللىرىدە ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سىياسىي، ئەخلاقىي تەرەپلەردىن باھالاپ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىي تەنقىدنىمۇ بىر يېڭى پەللىگە يۈزلەندۈردى.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەقسەتچانلىقى بەزىدە ئىنتايىن ئايدىڭ ۋە قەتئىي بولىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىپ، ئەسەرنىڭ خاھىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ئىجادىيەت تەرەققىياتىنىڭ توغرا مۇساپىسىنى، جامائەت پىكرىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى قوغدايدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كىشىلەرنى توغرا ئىدىيىۋى چۈشەنچە بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىغا ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرىنى، ئىلغار دۇنيا قاراش بىلىملىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇ خەلقنى زەھەرلەيدىغان، بىخۇدلاشتۇرىدىغان ناچار خاھىشتىكى ئەسەرلەرنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىپ، كىشىلەرنى ساغلام ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەيدۇ.

تەنقىدچى چېرنىشېۋسكىي (1828 — 1889) مۇنداق دەيدۇ: «تەنقىد — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدىكى بىر خىل تەقرىزدۇر. تەنقىدنىڭ بۇرچى — مۇنەۋۋەر كىتابخانىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۇنداق پىكىر-

نىڭ كىشىلەر تويى ئارىسىدا داۋاملىق تارىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە» .

## 3 § . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن سىڭىشكەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىلمىي ئەقلىي پائالىيەتتۇر. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئادەتتىكى ئەدەبىي قوبۇل قىلىشمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئاددىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ئەمەس. ئۇ شەخسنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن ئالغان ئىچكى تەسىراتى بىلەنلا چەكلىنىدىغان پائالىيەت ئەمەس. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدىكى ئىنچىكە ئو- قۇش، ئويلىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشلەردىن كېيىن يۈرگۈزۈلىد- غان قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئانالىز، چۈشەندۈرۈش، يىغىن- چاقلاش ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن خۇلاسە چىقىرىش پائالىيىتى. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىد سەزگۈ ئەمەس، ئەقلىيەتتۇر. بېلىنسكىي ئېيتقاندەك «تەنقىد يۈرگۈزمەك — ئەقلىنىڭ ئايرىم ھادىسىلەر- دىكى ئومۇمىي قانۇنلىرىنى ئىزدەش ۋە ئېچىش دېمەكتۇر»[①]

ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش، مۇلاھىزە قىلىشلار ئارقىلىق ئومۇملۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدىيىۋى، نەزە- رىيىۋى نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈش، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدىن تۇرۇپ تەنقىد ئوبيېكتىنىڭ مەنىسىنى يورۇتۇپ بېرىش، ئەدەبىي ئوبرازنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئېچىپ بېرىش، ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ئۆزىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە

① «بېلىنسكىي ماقالىلىرى» خەنزۇچە 3 - توم، 574 - بەت.

جاۋاب بېرىش، مانا بۇلار ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پەلسەپىۋى قىممە-
تىگە ياتىدىغان تەرەپلەردۇر. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پەلسەپىۋى قىم-
مىتى ئىجاد قىلىش بىلەن قوبۇل قىلىش ھادىسىلىرىگە نىسبە-
تەن نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىش جەريانلىرىدا ئىشقا
ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل خۇلاسىلەش ئېھتىمال، بىر خىل ئىجادى-
يەت خاھىشى ياكى بىر پارچە ئەسەرنى چۇۋۇپ تەھلىل قىلىشلار
جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان نەزەرىيىۋى ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن،
ياكى بولمىسا، ئەدەبىي قوبۇل قىلىش ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ
قانۇنىيەتلىك ھادىسىلىرى ئۈستىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر
بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ خىل خۇلاسىلەش، مۇلاھىزە قى-
لىشلار چوقۇم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەھمىيەت-
لىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىجاد قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريان-
لىرىغا ئىچكىرىلەپ، بۇ جەريانلاردىن يېڭى قاراش، يېڭى چۈ-
شەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقالىغان بولۇشى، شۇ ئارقىلىق
ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئوينىيالىغان بولۇشى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىد بار بولغان تەييار نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارنى
ئىجادىي قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇ ئىلمىي ئەقلىي
پائالىيەت بولۇشتەك سالاھىيىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىۋى
تەرەققىياتىنى قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقى-
يەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەنقىدچى يېڭى ئىجادىيەت، يېڭى
ئېقىم، يېڭى تېمىلارغا دادىل يۈزلىنىپ، سەنئەت ئەمەلىيىتى
جەريانىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەپەك-
كۇرلىرىنى ھەر دائىم سەنئەتنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى، شۇنداقلا ئەڭ
مەركىزىي مەسىلىلىرى بىلەن باغلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.
تەنقىدچىدىكى بۇنداق روھ ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئۆز
نۆۋىتىدە نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى يېشىش ۋە ھەل قىلىشقا
شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىد كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر-

لەرنى باھالاش، تەنقىد يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە رېئال تۇرمۇش ھەققىدىكى كۆزقاراشلارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. تەنقىدچى ئەسەردىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن تەسىرلىنىش، ھۇزۇرلىنىش داۋامىدا ئىختىيارسىز رېئال تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا يېقىنلىشىپ بارىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچىنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك شادلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ، كۈچەيتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتىكى بۇنداق سەنئەتلىك ئالامەت ئۇنىڭ ئېستېتىك رولىنى بەلگىلىگەن.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنى باھالاش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئومۇملاشقان قائىدە - پرىنسىپلارنى يەكۈنلەپ ئەدەبىيات قارىشى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ يېتىلىشىنى پەيدا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا پەلسەپىۋى ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۈنۈمى ۋە پەلسەپىۋى قىممىتى ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، خۇددى رېنې ۋېللېك (1903 — ) ئېيتقاندەك: «ئۇلار مۇقەررەر بىر - بىرىگە باغلانغان ھالەتتە» ① مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز روللىرىنى بىر - بىرىگە سىڭىشكەن ھالدا جارى قىلدۇرىدۇ.

① رېنې ۋېللېك: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى». خەنزۇچە، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1984 - يىلى نەشرى، 18 - بەت.

# ئۈچىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد سۇبيېكتى

ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى تەنقىد ماقالىلىرىنى يازغۇچىلار
بىلەن ئۇنى ئوقۇپ قوبۇل قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرد-
لىدىغان ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى. شۇڭا، ئەدەبىي تەن-
قىد سۇبيېكتى ھەم ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى يېزىپ ئەدەبىي
تەنقىد بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى، ھەم ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى
ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى تەكلىپ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغۇچى يازغۇ-
چىنى، شۇنىڭدەك يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن
زوقلانغۇچى ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا،
ئەدەبىي تەنقىد سۇبيېكتى ئەدەبىي تەنقىدچى بىلەن ئەدەبىي تەن-
قىدنى قوبۇل قىلغۇچى (يازغۇچى ۋە كىتابخان) ئىككى تەرەپنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

## § 1 ئەدەبىي تەنقىدچى

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى ئەدە-
بىي تەنقىد ماقالىلىرىنى يازغۇچى سۇبيېكتلارنىڭمۇ ھەر خىلل-
قىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى
سۇبيېكت ئەدەبىياتقا قىزىقىپ ئەدەبىيات ھەققىدە مۇلاھىزە ـ
مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئادەتتىكى كىتابخانلارنى، ئەدە-
بىيات ـ سەنئەت ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى بىلىم ـ سەۋىيىسى
يۇقىرى بولغان تەھرىر، مۇخبىرلارنىمۇ؛ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتى-

مائىيىلىقىغا دىققەت بىلەن قارايدىغان نوپۇز ئىگىلىرىنىمۇ؛ ئەدەبىياتنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى قىلغان ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىنىمۇ؛ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى چىقىش قىلىپ ئەدەبىيات ھەققىدە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سەنئەتكارلارنىمۇ، شۇنىڭدەك يەنە سىستېمىلىق ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئېستېتىكا بىلىمىگە ئىگە بولغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىلىرىنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە چوڭقۇر تەھلىل - تەتقىق قىلىدىغان كەسپىي تەنقىدچىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئوخشىمىغان تەنقىد سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا كىشىلەر ياقتۇرىدىغان تەرەپلىرى بار بولۇپ، پۈتكۈل ئەدەبىيات گەۋدىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇھىم روللىرى بار.

بىر پارچە ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد ئەڭ ئاددىيسى ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنى ئوقۇپ تەسىرات ھاسىل قىلىش، مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، ئەسەرنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىش قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ يەردىكى ھەربىر نۇقتا (ھالقا) نىڭ ئۆزى بىر مۇرەككەپ بولغان ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇ تەنقىد ئىگىسىدىن كۆپ تەرەپلىمە بەدىئىي سۈپەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار بولۇشىنى، كەڭ بىلىمگە، مول كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشىنى، تېخىمۇ مۇھىمى مۇستەقىل كىشىلىك پەزىلەتكە ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تەنقىد ئىگىسىنىڭ ساپاسى بىلەن ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى ئىنكاسى بىلەن ئەڭ ئاخىرىسىدا چىقارغان خۇلاسە - ھۆكمىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، تەنقىد ئىگىسىدە بەدىئىي سەۋىيە ۋە ئىلمىي ئانالىز ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى، قىسقىسى تەنقىد ئىگىسىنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تەنقىد ئىگىسى

ياخشى تەربىيىلەنگەن بولسا، بۇنداق تەنقىدچى ئەدەبىيات ئىشلىـ
ـرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكۈچىگە ئايلىنىـ
ـدۇ، ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرغۇچى كۈچ بولىدۇ. ئەگەر
تەنقىد ئىگىسى ياخشى تەربىيىلەنمىگەن، بەدىئىي ۋە ئىلمىي
قابىلىيىتى تۆۋەن بولسا، ئۇ هالدا بۇنداق تەنقىد ئىگىسىنىڭ
ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ رولى بولمايدۇ. هەتتا
بەزىدە ئەدەبىياتقا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەدەبىي
تەنقىدنىڭمۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا ئەدەبىي تەنقىدچى (ئەدەبىي تەنقىد سۇبيېكتى ياكى
ئىگىسى) هازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتلەر قايسىلار؟

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىدچىدە يۇقىرى بەدىئىي ساپا بولۇشى
كېرەك

تەنقىد بىلەن ئىجادىيەت ئەدەبىيات گەۋدىسىدە بىر ـ بىرىـ
ـدىن ئايرىلمايدىغان هەمراهلاردۇر. ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىـ
ـغان رېئال تۇرمۇش دائىرىسى قانچە كېڭەيسە ئەدەبىياتنىڭ قوـ
ـبۇل قىلغۇچىلىرىنىڭ قاتلىمىمۇ شۇنچە مولىشىدۇ. ئەدەبىيات
هەققىدىكى مۇهاكىمە، مۇلاهىزىلەرمۇ، باهالارمۇ كۆپىيىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇستەقىل ئىلىم ئىكەنلىكىدەك خاراكـ
ـتېرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى پۇتۇنلەي چەتكە قاقىدىـ
ـغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتىمۇ ئەدەبىي ئىجاـ
ـدىيەت جەريانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئامىللار مەۋجۇت. ئەدەـ
ـبىي تەنقىدمۇ بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىنى ئاساس قىلىپ قانات
يايىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەرـ
ـيانلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئەدەبىي تەنقىدنى
ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى هېسابلىنىدۇ. بۇ
شەرت تەنقىدچىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرگە ئوخشاش تەسەۋـ
ـۋۇر، بەدىئىي تەپەككۇر، ئېستېتىكىلىق تەسىرلىنىش كۈچىگە
ۋە قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدـ

چىدە مۇشۇنداق نىسبەتەن كۆچلۈك بولغان ئىستىتىكا ۋە بەدىئىي تەسىرلىنىش كۆچىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىنى چۈ- شىنىشىدە دەسلەپكى ئاساس بولۇشتەك رول ئوينايدۇ. يازغۇچى ھەم ئەدەبىي تەنقىدچى ئا. تولستوي «تەنقىدچىدە ئەڭ ئاۋۋال سەنئەتكارچە كۆز بولۇشى كېرەك» دېگەنىدى. تەنقىدچى خۇددى يازغۇچىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلالىغاندىلا ئاندىن يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى، قىممەتنى ھېس قىلالايدۇ، ئە- سەر ھەققىدىكى تەھلىل ـ خۇلاسىسىنى يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلالايدۇ، ھېچبولمىغاندا يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىغا يېقىنلاشتۇرالايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي ساپاسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ- دىكى ئىستېتىك سەزگۈ ۋە بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. .گەرچە ئىستېتىك سەزگۈ بىلەن بەدىئىي تەسىرلىنىش ھەرقانداق نورمال ئادەمدە بار بولغان تۇغما ھالەت دەپ قارىساقمۇ، لېكىن بۇ ھالەتنىڭ تەنقىدچىدە بار بولۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تەنقىدچىدىكى بۇنداق كۈچ تەنقىدچىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىنى توغرا، چوڭقۇر چۈشىنىشى، تەھلىل ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، باھا بېرىشىدا باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. ئەگەر تەنقىدچىدە ئاشۇنداق تەسىر- لىنىشلەر بولمىسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمۇ باشلانمايدۇ.

تەنقىدچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەلەردىن ئىستېتىك زوق ئېلىشى ۋە بەدىئىي تەسىرلىنىشى ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ تىل ئالاھى- دىلىكلىرىدىن باشلىنىدۇ. تەنقىدچى ئەسەر تىلى ھاسىل قىلغان بەدىئىي تەسىرلىنىشلەرگە تايىنىپ يازغۇچىنىڭ ئەسەردىكى تىل ماھارىتىنى ۋە شۇ تىلغا سىڭدۈرگەن ئالاھىدە مەنە، تۇسلەرنى ھېس قىلىدۇ. ئاندىن بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىغا تايىنىپ ئە- سەردىكى بەدىئىي ئوبرازنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بەدىئىي ئوبراز-

نىڭ يارىتىلىش جەريانلىرىدىن مەلۇم تۈيغۇ ـ تەسىرات ئالىدۇ.
ئەسەرنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى ھەققىدە قىياس ھاسىل قىلىـ
دۇ. بۇلار ئېستېتىك زوق پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولىسمۇ،
ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇلار ئەدەبىي تەنقىد
پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، تەنقىدچىدە ئېستېتىك ۋە
بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىـ
نى مۇكەممەل تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېـ
رەك بەرمەيدۇ. تەنقىدچىدىكى بۇنداق كۈچ يەنىلا بىر خىل
ھېسسىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ، ئۇ تەنقىدچىنىڭ تەنقىد پائالىـ
يىتىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئۇ پەقەت تەنقىدچى بىلەن ئەسەر
ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى بىۋاسىتە سەزگۈ خاراكتېرىدىكى
تەسىرات. شۇڭا، بۇ تەسىرات سەزگۈ ۋە تەسىرلىنىش كۈچىنىڭ
يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ئۆلچىمى بىلەن ھاسىل قىلىدىغان ئۇنۇمى
بەزىدە ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى تەنقىدچىلەردە ئېستېتىك بەدى-
ئىي تەسىرلىنىش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ، بۇنداق تەنقىدچىلەردە
ھاسىل قىلىنغان دەسلەپكى تەسىر، سەزگۈلەر شۇ تەنقىدچىنىڭ
تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي
ئورۇندا تۇرىدۇ، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىـ
دۇ. يەنە بەزى تەنقىدچىلەردە بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچى ئانچە
يۇقىرى بولمايدۇ. بۇنداق شارائىتتا ھاسىل قىلىنغان تۇيغۇ ـ
تەسىراتلار كۆپىنچە كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ھەتتا تەنـ
قىدچىنىڭ ئەسەرنى توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىشىدىن
ئۈمىد كۈتۈشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، تەنقىدچىدە ئالدى
بىلەن ئېستېتىك ۋە بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىنىڭ بولۇشى،
بولغاندىمۇ كۈچلۈك، يۇقىرى بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچى تۈرلۈك تۈيغۇ ـ تەسىر كۈچـ

لىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. تەنقىدچى دەسلەپ-كى قەدەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلىدىن تەسىرات ھاسىل قىلغان-دىن كېيىن ئاشۇ تەسىراتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئەسەرنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئايرىپ چى-قالايدىغان ئۆتكۈر ۋە پىششىق پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇ-شى كېرەك. تەنقىدچىدە ئۆتكۈر پەرقلەندۈرۈش كۈچى بار بول-غاندىلا ئاندىن ئەسەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇب، ئوخشىمى-غان ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئادەتتىكى كىشىلەر كۆ-رۈپ يېتەلمەيدىغان، ھەتتا يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ تېخى بايقىيالمى-غان ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئوخشىمىغان تەن-قىدچىلەرنىڭ ئوخشاش بىر يازغۇچى، ئوخشاش بىر پارچە ئە-سەرگە بەرگەن باھاسى، چىقارغان خۇلاسىسى ئوخشاش بولمايدى-غان ئەھۋال تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدە بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ بىزگە تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي پەرقلەندۈرۈش كۈچى-نىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنىڭ ئۇنىڭ بەدىئىي ھۆكۈم قىلى-شىنىڭ توغرىلىقىغا قانداق مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەنقىدچىنىڭ ئۆتكۈر بەدىئىي پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە توغرا بولغان ھۆكۈمنى ئوت-تۇرىغا قويۇشتا رول ئويناپلا قالماستىن، مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار-نىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا شە-كىللەندۈرگەن خاس ئالاھىدىلىكلەرنى، خاس ئۇسلۇبلىرىنى ئاي-رىپ چىقىشتىمۇ رول ئوينايدۇ. ئۆتكۈر پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە تەنقىدچى باشقىلار بىرەر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئالا-ھىدىلىكنى تېخى كۆرۈپ يېتەلمىگەن ۋاقىتتا، ھەتتا ئاشۇ يازغۇ-چىنىڭ ئۆزىمۇ تېخى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىپ بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى دەل ۋاقتىدا كۆرسىتىپ

بېرىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ. بۇنداق تەنقىد ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، پىشىپ - يېتىلىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى تەنقىدچىدە بار بولغان بەدىئىي ساپانىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. بۇ يەردىكى تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يازغۇچىدا بولىدىغان تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرىپى - ئۇ بىر خىل بەدىئىي پەرەز قىلىش ۋە بەدىئىي قىياس قىلىش كۈچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژنى، باش تېمىنى، شۇنىڭدەك بۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكتىپ مەنىلەرنى ئانالىز قىلىش، تەھلىل قىلىشتا كونكرېتلىشىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، مەنىسى، قىممىتى ۋە باشقا تەركىبىي قىسىملىرى ھامان ئوچۇق - ئاشكارا، روشەن بولمايدۇ ياكى بۇلارنى ئادەتتە مۇنداقلا تونۇش ئارقىلىق چوڭقۇر، ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق يوشۇرۇنلۇقنى پەقەت تەنقىدچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ھېس قىلغىلى، چۈشەنگىلى بولىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەقىقىي قىممەت ۋە مەنىلەر پەقەت ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە نامايان بولماقتا.

تەنقىدچىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچى تەنقىدچىنىڭ بىرەر ئەسەرنى باھالاش، مۇھاكىمە قىلىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى كۈچلۈك ۋە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى قارىشى، باھاسى شۇنچە ئەمەلىي بولىدۇ. ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىسى ئاپتورنىڭ مۇھاكىمىسى بىلەن ھەتتا ئوخشاپمۇ قالىدۇ.

تەنقىدچى ئۆزىدە بار بولغان تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ئەسەر-نىڭ مۇھىم، ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئانچە قىينالمايلا ھېس قىلىپ ئالالايدۇ. شۇنداقلا كىتابخانلارغا ئەسەرنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. قىسقى-سى، ئەدەبىي تەنقىدچىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى ئەدەبىي ئەسەرنى تەھلىل – تەتقىق قىلىشنىڭ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھ-مىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنىڭ، ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش-نىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

ئىككىنچى، تەنقىدچىدە ئىلمىي ساپا بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بەدىئىي تەسىرلىنىش، بەدىئىي تەسەۋۋۇر باسقۇچىدىلا توختاپ قالىدىغان پائالىيەت ئەمەس. ئۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرى توغرىسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان پائالىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىدچى ئۆزىنىڭ تۇرلۇك تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدە ئاكتىپ، ئەھمىيەت-لىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىلمىيلىقى كۈچلۈك بولغان قاراش – خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىنىڭ بۇ خىل ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى تەنقىد بولالايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بۇ خىل ماھىيىتى تەنقىدچىدىن يەنە نىسبەتەن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئەدە-بىيات بىلىمى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرى بولۇشىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، تەپەككۇر ئىق-تىدارى كۈچلۈك، نەزەرىيىدە يېتىلىق يارىتالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچى تەنقىد ماقالىسى ئېلان قىلغاندا، ئۆزى-نىڭ مۇستەقىل مەيدانىنى، باھاسىنى، قانداق ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى بايقىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.. شۇ ئارقىلىق ماقالىسىگە تەتقىقات تۈسى بېرىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقتىدىكى

ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەقلىي تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. نەتىجىدە ماقالە ئىلمىيلىقى يۇقىرى، تەتقىقات تۈسى قويۇق بولغان، باشقىلارنى قايىل قىلالايدىغان، ئويلاندۇرالايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىگە ئايلىنىدۇ.

تەنقىدچىدىكى ئىلمىي ساپا يالغۇز ئۇنىڭ ئەدەبىيات بىلىملىرى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە پەلسەپىۋى بىلىملەر جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەنقىدچى ئابستراكت تەپەككۇرغا ماھىر بولۇشى، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى مول بىلىم ـ ماتېرىياللارغا باي بولۇشى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى قاتارلىق تېخنىكىلىق بىلىملەردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئۇنىڭ مەنىسىنى، ئەھمىيىتىنى يېشىپ بېرىش ئۇچۇنلا ئەمەس، مۇھىمى ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ كەڭ بىلىم ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە تەھلىل ـ تەتقىق قىلىشى كېرەك.

تەنقىدچى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماھارەتلەرنى، يېڭى چۈشەنچىلەرنى نەزەرىيە بىلىمى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ بېرىشكە دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز بىلىمىنىمۇ داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى نەتىجىلەر ئالدىدا چۈشەندۈرۈش، ھۆكۈم قىلىشتا ئىلاجسىز قالىدۇ. كونا نەزەرىيە بىلەن يېڭى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك نومۇسلۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىز ئەدەبىي تەنقىدچىنى بىر ئىلمىي تەتقىقاتچى بولۇشى كېرەك دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى، ئەدەبىي تەنقىد گەرچە دەسلەپ ھېسسىيات پائالىيىتى بولسىمۇ، ئەمما

دەرھال بۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ رەسمىي ئەقلىيلىك پائالىيەت تۇسىگە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تەنقىدچى ئەقلىي نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا قانچە باي بولسا، تەنقىدنى شۇنچە ئۇنۇمدارلىقىغا ئىگە قىلالايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەر ھەققىدە قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

ئۈچىنچى، تەنقىدچىدە ئەدەبىيات ئىشلىرىنى سۆيىدىغان مۇھەببەت بولۇشى كېرەك.

تەنقىدچىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللىنىشىدا پەقەت بەدىئىي تەسىرلىنىش كۈچىنىڭ بولۇشىلا، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن ئىلمىي ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىلا ھاجەت ئەمەس. تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش تەنقىدچىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئەدەبىياتقا بولغان مېھىر - مۇھەببەت ئوتىنىڭ يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرۇشىنىمۇ شەرت قىلىدۇ.

ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئەدەبىياتنى بىلىشى ۋە ئەدەبىياتنى چۈشىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. دەل مۇشۇنداق مۇھەببەت تەنقىدچىلىكنى راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى لاۋشې (1899 — 1966) مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن دوستانە ياخشى كۆرۈش بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن زوقلانغىلى بولىدۇ».

دېمەك، تەنقىدچى ئاۋۋال ئەدەبىياتقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان، ئۇنى ئاسرايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان يېڭى ماھارەت، يېڭى ئىزدىنىشلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىياتتا گۈللەپ - ياشناش مەن-

ـزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بولۇشى، ئەدەبىياتقا زىيانلىق قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئەدەبىي تەنقىدچىدە ئالىيجاناب پەزىلەت بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىدچى ئەڭ ئاۋۋال ئادىل بولۇشى كېرەك. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندا ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئەسەرنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئوبيېكتىپ باھالاش لازىم. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆز ئالدىغا ئابرۇيى، ئۆز ئالدىغا ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئۆز ئالدىغا ئالىمى بار. ئۇ ئەدەبىيات رېئاللىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ رېئال ئالەمنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغان ئاساستا ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرىنى باھالايدۇ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى شەخسىي غەرەزدىن خالىي بولۇشى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت قارىشىغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قارىغۇلارچە ماختاش ياكى قارىغۇلارچە كەمسۇندۇرۇپ تەنقىدلەشلەردىن ساقلىنىشى لازىم؛ ياش يازغۇچىلارغا كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسى تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشى لازىم. ياخشى ئەسەرلەرنى، ئېسىل ئەسەرلەرنى مەدھىيىلەپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېسىل ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىد قەدىمدىن تارتىپ پىچاقنى ئىتتىكلىتىدىغان بىلەيگە ئوخشىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان «بىلەي» گە ئايلىنىش ياكى ئايلىنالماسلىقى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، تەنقىدچىلەرنىڭ پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى يېڭىـ

دىن قولىغا قەلەم ئېلىپ كىرىپ كېلىۋاتقان ياشلارغا ئۆرنەك
قىلىپ بېرىش تەنقىدچىنىڭ پەزىلەتلىرىنىڭ بىرسى.

## § 2 . ئەدەبىي تەنقىد قوبۇل قىلغۇچىلىرى

ئەدەبىي تەنقىد ھەرگىزمۇ يېپىق ھالەتتىكى ئەقلىي پائالـ-
يەت ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئەدەبىيات - سەنـ-
ئەتنى، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئىجادىيەتچىلەر بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتـ-
لەرنى باغلاپ ھەم تەڭشەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بىر تەرەپتىن
ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن
سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشنى ئەدەبىيات - سەنئەتـ-
نىڭ سىرتىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.
ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتنى تاشقى جەھەتتىن كونترول قىلىدىـ-
غان ئامىلدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىدىغان ئامىلغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەدەـ-
بىي تەنقىد سەنئەت ئەسىرى بىلەن ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى
ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىك رولىنى ئارتتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئەدەـ-
بىي ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىنكاس، پىكىرلەرنى دەل ۋاقتىدا
يىغىدۇ. جەمئىيەت ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن
ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى يازغۇچىغا يەتكۈزىدۇ. يازغۇچى ئۆز
ئەسىرى ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ بىلىشى، تەسىراتى زادى قانچىـ-
لىك بولغانلىقىنى، ئۆزى ئالدىن مۆلچەرلىگەن نىشانىغا يېتەلـ-
گەن ياكى يېتەلمىگەنلىكىنى، ئەسىرىنىڭ بەدىئىي كۈچى ھا-
سىل قىلغان ئۈنۈمىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى،
جەمئىيەت ۋە كىتابخانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى بىلەن

ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى پەقەت تەنقىد ئارقىلىق بىلەلەيدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ.

تەنقىدچى ئەدەبىي ئەسەرنى تەتقىق قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش پەللىسىدە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئوقۇشى كىتابخانلارنى قىممەتلىك پايدىلىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىشىنى ۋە قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يازغۇچىمۇ، كىتابخانمۇ ئەدەبىي تەنقىد تارقىتىدىغان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئۇچۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىش ۋە ئەسەردىن زوقلىنىش ئەمەلىيىتىدە مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلدۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىم قوبۇل قىلغۇچىلىرى بولغان يازغۇچى بىلەن كىتابخانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

### 1. يازغۇچى

يازغۇچىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى تەنقىدچىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئاپتور ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ باھاسى ۋە مۇلاھىزىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز بۇرچى سانايدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر پەقەت يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئومۇمىي، روشەن ھالەتلەرنى بايقاپ، چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان يېڭى ئامىللارنىمۇ بايقاپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت سۈپىتىدە ئاڭلىق ھالدا ئىجادىيەت ساھەسىگە كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە ۋاقتىدا باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ تۇرۇشى ئىجادىيەت سېپىگە يېڭىدىن قەدەم

قويغان ئاپتورلار ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىش سەۋىيىسىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئويناش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارنىڭ
نام ـ ئاتىقىنى چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىجادىيەتتە پىشىپ
يېتىلگەن، تەسىرى بار يازغۇچىلار ئۇچۇن بولسا، ئۇلارنىڭ
جەمئىيەت ۋە كىتابخانلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرىدە داۋاملىق تۇرۇ-
شىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يازغۇچى ئەدەبىي تەنقىدچىدىن ئۆز ئىجادىيىتىگە بولغان
باھاسىنى، شۇنىڭدەك كىتابخانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغان تە-
سىرات، ئىنكاسلىرىنى يەتكۈزۈشنى كۈتىدۇ. ئىجادىيەتتە پىش-
قان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللىنىپ بولغان بولى-
دۇ. بۇنداق يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بەدىئىي ئىزدىنىشىمۇ
بولىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە بۇنداق يازغۇچىلار تەنقىدچىنىڭ پىكىر-
لىرىگە تېخى بەكرەك ئەھمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۇنداقتا يازغۇچىلار تەنقىدچىنىڭ پىكرىگە نېمە ئۈچۈن
شۇنچە جىددىي قارايدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن،
ئۇ يەنىلا يېرىم ئەسەر سۈپىتىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىتابخانلار
تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مەلۇم باھالارغا ئېرىشەلەيدىكەن،
ئۇ ھالدا ئۇ ئېستېتىكىلىق ئىستېمالغا ئايلىنالايدۇ. قوبۇل
قىلىنىش باسقۇچىنى تاماملىيالمىغان، كىتابخانلارنىڭ ئېستې-
تىك زوقى بىلەن ئۇچرىشالمىغان بۇنداق ئەسەر ئەسەر بولۇش
سالاھىيىتىنى تولۇق ھازىرلىيالمىغان يېرىم ئەسەر ھېسابلىنى-
دۇ. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىنىڭ ئۆلچەم، پرىنسىپ-
لىرى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى، ئەھمىيىتىنى چۈ-
شەندۈرۈپ جەمئىيەتتە ئەسەر توغرىسىدا ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ،
كىتابخانلارنىڭ ئەسەرگە بولغان دىققىتىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە
ئەسەر تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانا
بۇ جەريانلاردا يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنىڭ تەقدىرىنى تەنقىد يەتكۈز-

گەن ئىنكاسلاردىن بىلىدۇ.

تەنقىدچىلىك جەريانىدا بەزىدە يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇكى، تەنقىدچىنىڭ قاراش - پىكىرلىرىنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ ھېسابلاپ كەتكىلى بولماي قالىدۇ. بەزى يازغۇچىلار مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەنقىدچىنىڭ قاراش، باھالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماقالە يازىدۇ.

## 2 . كىتابخان

كىتابخان بولسا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يەنە بىر مۇھىم قوبۇل قىلىش سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. كىتابخاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە موھتاج بولۇشى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە موھتاج بولۇشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. يازغۇچى بولسا، ئۆز ئەسىرى ھەققىدىكى تۈرلۈك باھا ۋە ئىنكاسلارنى ئاڭلاش، ئەدەبىي تەنقىدتىن ۋاسىتىلىك ياردەمگە ئېرىشىش مەقسىتىدە تەنقىدكە موھتاج بولىدۇ. كىتابخان بولسا، تەنقىدتىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدىكى ئېستېتىك تەسىراتلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىشنى تېخىمۇ قانائەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ئەدەبىي تەنقىدكە موھتاج بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى ئۆزىدىكى ئەتراپلىق، چوڭقۇر بولغان بىلىم ئارقىلىق ئادەتتىكى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، ئادەتتىكى كىتابخانلار بەزى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى دەماللىققا چۈشىنىپ، زوقلىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا تەنقىدچى ئەسەرنى تەھلىل - تەتقىق قىلىپ كىتابخاننىڭ ئەسەرنى چۈشىنىشىگە يول ئاچىدۇ. بەزى توغرا، ھەقىقىي زوقلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن كىتابخانلار تەنقىدچىنىڭ تەھلىللىرىدىن ئۆز چۈشەنچىلىرىنى، ئېستېتىكىلىق تەسىراتلىرىنى توغرىلاۋالىدۇ.

كىتابخانلارنىڭ ئەسلىي تەۋە بولىدىغىنى كەڭ ئىجتىمائىي

ئامما، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن شۇ ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەنقىدچىلەرنىڭ ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ ئامما تەدرىجىي ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىتابخانىغا ئايلىنىدۇ. تەنقىدچى بەدىئىي تەسىرلىنىشلىرى بىلەن ئەسەرنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر ـ ئويلىنىشلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ئاخىرىدا ئەسەرنى نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن ئانالىز قىلىشقا ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىتابخانلار تېخى بايقىمىغان، كۆرۈپ يەتمىگەن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا باشلايدۇ. كىتابخانلار تەنقىدچىنىڭ ياردىمىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ زامانغا لايىقلىشىپ بارىدۇ.

ئەنگلىيە شائىرى ۋىيۇستان خوك ئاۋدۇن (1907 — 1973) ئۆزىنىڭ «كىتابخان ۋە تەنقىد توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىشچە، ئادەتتىكى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي قوبۇل قىلىشىغا تەنقىدچىنىڭ مۇنداق ئالتە تەرەپتە كونكرېت ياردىمى بولىدىكەن. بىرىنچى، تەنقىدچى كىتابخان تېخى بىلمەيدىغان يازغۇچى، ئەسەرلەرنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىدۇ، تونۇشتۇرىدۇ. ئىككىنچى، كىتابخانىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ. چۈنكى، كىتابخان بەزى ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئوقۇمىغانلىقىتىن، شۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنى تۆۋەن باھالاپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا تەنقىدچى ئۆزىنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە ـ تەھلىللىرى بىلەن كىتابخانىنىڭ ئەسەرگە بولغان قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۈچىنچى، تەنقىدچى كىتابخانلارغا ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىلىم دائىرىسىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئەگەر تەنقىدچىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئادەتتىكى كىتاب-

خانلار ئۆز سەۋىيىسى بويىچە بۇ خىل مۇناسىۋەت ـ باغلىنىشلارنى چۈشىنىپ، بىلىپ كېتەلمەيدۇ. تۆتىنچى، تەنقىدچى ئەسەر توغرىسىدىكى ئىزاھلاشلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بەشىنچى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرىدىن كىتابخانلارنى خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئالتىنچى، سەنئەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ، ئىلىم ـ پەننىڭ، ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىنىڭ، ئېتىكانىڭ، دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى شەرھلەپ كىتابخانلارنى بۇ جەھەتتىكى بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ.

دېمەك، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدچىنىڭ ياردىمىدە بەدىئىي تەربىيىلىنىش ۋە زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، تەنقىدچى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئېلىپ بارغان مۇھاكىمە باھالىرىنى چۈشىنەلەيدىغان لاياقەتلىك كىتابخان يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى بولىدۇ. كىتابخانلارنىڭمۇ بەدىئىي تەربىيىلىنىش جەريانىنىڭ پىشىپ بېرىشى نۆۋىتىدە ئەدەبىي تەنقىدگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

20 ـ ئەسىر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك بەدىئىي شەكىل ئۈستىدىكى ئانالىزغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. بۇنداق ئانالىز ناھايىتى كۈچلۈك ئوبيېكتىپچانلىقتا، ئىلمىيلىقتا ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارنىڭمۇ بەدىئىي شەكىل، بەدىئىي ئۇسلۇبلارنىڭ مۇرەككەپ، ئىنچىكە پەرقلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. سەنئەتنىڭ مۇھىم تۈر ۋە خاھىشلىرىنى تونۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەدەبىي تەنقىد كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى سەۋىيىلىك كىتابخانلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

# تۆتىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۈچ باسقۇچى

## § 1 . دەسلەپكى باسقۇچ
(1966 — 1949)

ئېلىمىز ئازاد بولۇپ سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە يېپيېڭى قىياپەتلەر بارلىققا كەلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئىلگىرىلەپ يېڭى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى كۈتۈۋالدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن تەڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى. مىلىتارىست شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت تەختىگە چىقىپ قانخور جىن شۇرېن دەۋرىدىكى بۇلاڭچىلىق، قانخورلۇق، ئېزىش، خورلاشتەك ۋەزىيەتكە بىر ئاز بولسىمۇ خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنى خەلققە ياخشىچاق قىلماقچى بولدى. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش يولىنى تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلەپ ياردەم ئالدى. ئۆزىنى ماركسىزمچى دەپ نىقابلاپ خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ ئالدامچىلىق قىلدى. ئۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشەببۇس قىلىپ قاتناش ـ ترانسپورت، مەدەنىي مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمما، شۇنى قەيت قىلىش كې-

رەككى، 30 - يىللاردا شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن بۇ خىل يېڭىلىقلار جاللات شېڭ شىسەينىڭ شەخسىي خاھىشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئەمەس. ئەكسىچە شۇ دەۋردىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە خەلق ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ بېسىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا بارلىققا كەلگەندى.①

بىر مەھەل داۋام قىلغان ياخشى ۋەزىيەتتە ئەدەبىيات ئىشلىرى گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇنداق بولۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر تەلىماتلىرى كىرىشكە باشلىغانىدى. بولۇپمۇ ماكسىم گوركىي (1868 — 1936)، بېلىنسكىي (1811 — 1848)، چېرنىشېۋسكىي (1828 — 1889) قاتارلىق داڭلىق يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك قاراش ھەم نەزەرىيىلىرى، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت ماقالە - ئەسەرلىرى كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە بۇ بىزنى يېڭىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زور تۈرتكە بولدى. بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق ماقالە يازدى. بۇ ماقالىدە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە تەھلىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «سەنئەتكە مۇھەببەت»، «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى» دېگەندەك پوبلىستىك ماقالىلەرنى يېزىپ شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. زۇنۇن قادىرىمۇ شۇ دەۋرلەردە «ماكسىم گوركىي» قاتارلىق ماقالىلەرنى ۋە بىر قىسىم مۇھاكىمە - تەسىراتلىرىنى

---

① بۇ يەردىكى بايانلار سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 366 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

يېزىپ ئېلان قىلدى.

دېمەك، 1949 ـ يىلدىن كېيىن يېڭىچە قىياپەت بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز 30 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان بىخلىنىش ھالىتىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغانىدى.

1951 ـ يىلى ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلى) تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي بىر يول ئېچىپ بېرىلدى. بىزنىڭ زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق شائىر ـ يازغۇچىلىرىمىز ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، ھەم يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇلار بۇ ئىككى تەرەپنى تەڭ تۇتۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆرۈلگەن بەزى يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ياردەم بەردى. ئارتۇقچىلىقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئوتتەك ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام ۋە مەدەتلەرنى بەردى. ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە رېئاللىققا سادىق بولۇش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىجادىيەتنى كەڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا، كەڭ ئامما ئارىسىغا يۈزلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن ھەم كېلىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى يۈكسىلىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ساغلام يولغا باشلىدى.

بىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1951 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «ئەخمەتجان قاسىمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ۋە 1958 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «گوركىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا»، 1960 ـ يىلى 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان

«ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيـ
لى» قاتارلىق ئوبزورلىرىنى ئوقۇساق، شۇنىڭدەك تېيىپجان
ئېلىيوفنىڭ يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 1952 ـ يىللىق 8 ـ سانىدا
ئېلان قىلىنغان «يولداش نەجمىدىنگە خەت»، 1956 ـ يىللىق
1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار
تېمىسى»، 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «بۈگۈنكى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» قاتارلىق ئوبزورلىرىنى ئوقۇساق، ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە رەخىم قاسىم، ئابلىز نازىرى قاتارلىقلارنىڭ
مۇشۇ دەۋرلەردە ئېلان قىلغان ماقالە ـ ئوبزورلىرىنى ئوقۇساق،
ئەينى دەۋرلەردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەمدىلا باشلانغان
ۋاقتىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىرقەدەر تولۇق چۈشىنەلەيمىز.
بۇ ماقالىلەر گەرچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
نامايەندىلىرى بولسىمۇ، ئەمما تەشەببۇس قىلغان تەنقىد كۆزقا-
رىشىنىڭ توغرا ۋە ئىلمىيلىكى، ئەسەرلەرگە بەرگەن باھاسىنىڭ
ئەتراپلىقلىقى، تەھلىل ـ مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى بىـ
لەن يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزغا مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاند-
دۇردى. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى، تەربىيىۋى قىممىتى
قاتارلىق تەرەپلەردە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ
يازغۇچىلاردىكى ئىجادىيەت ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
1956 ـ يىلى ئېلىمىزدە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە
سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، يېزا ئىگىلىكىنى
كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئىشى غەلىبىلىك ئورۇندالدى. نەتىجىدە
جەمئىيىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەل-
دى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان
ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
نىڭ ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى تېما، يېڭى ئىدىيىلەرنى قويدى.
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئەدەبىـ

يات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا، دەل ئىنكاس قىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش مەقسىتىدە 1957 ـ يىلى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى ئەركىن ئىجادىيەت قىلىشنىڭ تارىخىي پۇرسىتىگە ئېرىشتى. «رېئال تۇرمۇشقا ئارىلىشىش». «زىددىيەتلەردىن چەتنىمەسلىك» دېگەندەك شوئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتتە يەنىمۇ ئەركىن بولۇشىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ناتوغرا ئىللەتلەرنى دادىل ئېچىپ بېرىدىغان پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ۋاڭ مېڭنىڭ «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش»، زۇڭ بۇنىڭ «قىزىل پۇرچاق»، ليۇشاۋتاڭنىڭ «شەبنەم چۈشكەن دالا» قاتارلىق رېئال زىددىيەتلەرنى دەل ۋاقتىدا ئېچىپ بەرگەن ئەسەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا بولسا، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ۋالاقتەكگۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى»، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق چۈشكەن پايىدا»، مۆمىن سەپىرىنىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنېت» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر تۇرمۇشتىكى ناتوغرا ئىللەتلەرنى، جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىش، يۈرەكلىك تۈردە تۇرمۇشقا ئارىلىشىش، شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتىنى قېزىشقا يۈرۈش قىلىشتەك بىر خىل ئاكتىپ ئاڭنى نامايان قىلدى.

1957 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» نىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىلىشى، 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرد-

كەتلىرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى، شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان 1958 - يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى، 1959 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» نىڭ داۋامى قاتارلىق بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنى زور توسالغۇلارغا ئۇچراتتى. رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىن-لىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىنسان تۇيغۇسىنى، ئادەملىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى زور بېسىمغا ئۇچرىدى، بۇنداق يازغۇچىلار - شائىرلار بولسا قالپاق كىيدۈرۈلۈپ كالتەكلەندى. ئىجادىيەت ئورنىدىن، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئەدەبىيات - سەنئەت-نى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ توغرا يۆنىلىش بۇ ۋاقىتتا مەلۇم كونكرېت سىياسەت ۋە سىيا-سىي قاراشلارنى بىۋاسىتە تەشۋىق قىلىش بىلەن باراۋەر قىلىنىپ قويۇلدى. نەتىجىدە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ چاكىنىلىشىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلالاشتۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت مەلۇم سىياسىينىڭ جارچى-سىغا، ئەدەبىي ژۇرناللار بولسا سىياسىي كۈرەش، سىياسىي ئۇقتۇرۇشلار، ئۆزگىرىشلەر ئۇنى ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدىي ماقالىلەرنىڭ مۇنبىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

بىز مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە يېزىلغان تەنقىدى ماقالى-لىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ ماقالە - ئوبزورلاردا سىيا-سىي خاراكتېر ئىنتايىن قويۇق ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ماقالە - ئوبزورلار كۆپ ھاللاردا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھال-غاندا، خۇلاسىلىگەن ۋاقىتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئوبراز يارىتىش، باش تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتلەردىكى بىر قاتار قانۇنىيەتلىرى-

نى چىقىش قىلماستىن، ئەكسىچە نوقۇل سىياسىيۋىلىكنى چە-
قىش قىلىپ باھالىدى، خۇلاسىلىدى. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت
ئۇسلۇبى، خاسلىقى دېگەنلەرنى قىلچىمۇ ھېسابقا ئالمىدى. بۇ
ۋاقىتتا، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە تەنقىدچىلىرىمىز ئىنقىلا-
بىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى يۇكسەك دەرىجىدە
بىرلەشتۈرۈشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇپ تەشەببۇس قىلدى.
«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىلى 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان
«ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى ئوڭچىل ئىدىيىلەرگە قارشى
تۇرايلى» ناملىق ماقالە، 1958 ـ يىلى 11 ـ سانىدا ئېلان
قىلىنغان «بىرنەچچە رېئاكسىئون شېئىرلار توغرىسىدا» ناملىق
ماقالىلەر ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1959 ـ يىلى 9 ـ سانىدا
ئېلان قىلىنغان «تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى
توغرىسىدا» ناملىق ئوبزور، 1959 ـ يىلى 12 ـ سانىدا ئېلان
قىلىنغان «ت. ئېلىيوفنىڭ ‹تۇگىمەس ناخشا› سى ھەققىدە مۇ-
نازىرە» قاتارلىق ئوبزور ـ ماقالىلەر ئەنە شۇنداق خاراكتېردىكى
تەنقىدلەر جۈملىسىدىندۇر.

بولۇپمۇ «ت. ئېلىيوفنىڭ ‹تۇگىمەس ناخشا› سى ھەققىدە
مۇنازىرە» ناملىق تەنقىدنى ئەينى يىللاردىكى ھۆكۈمران ئورۇندا
تۇرۇۋاتقان «سول» ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ مەقسەتلىك چىقىش
قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدلەرنىڭ بىر تىپىك ئۈلگىسى دې-
يىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ماقالىسىدە «تۇگىمەس
ناخشا» نى مۇھەببەت ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىر دەپ
قارىماستىن، ئەكسىچە بۇ شېئىرنى بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ روھىي
ھالىتىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى، ماھىيەتتە بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ
كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەكسىيەتچىل تېمىدىكى شېئىر،
دەپ باھالايدۇ ۋە «بۇنداق شېئىرلارنى شېئىرىيەت باغچىسىدىن
شۇمبۇيا قاتارىدا يۇلۇپ تاشلاش كېرەك» دەپ بىمەنىلىكتە ئۇچە-
غا چىققان خۇلاسىلەرنى چىقىرىدۇ.

1960 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن، بىر مەھەل داۋام قىلغان «بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» ، «بۇرژۇئا يەر. لىك مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش» دېگەندەك ھەرىكەتلەر بىر. ئاز پەسەيدى. 1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ھېكايە فىلىم ئىجادىيتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا زوڭلى جۇئېنلەي مۇھىم دوكلات بەردى. بۇ دوكلات كېيىنچە «ئەدەبىيات ـ سەن. ئەت سۆھبەت يىغىنى ۋە ھېكايە فىلىم ئىجادىيەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» نامىدا ئېلان قىلىندى. «نۇتۇق» دا سەنئەت دېموكراتىيىسىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئىجادىيەتتىكى رامكىغا سېلىۋېلىش، قۇسۇر ئىزدەش، قالپاق كىيدۈرۈش، كالتەكلەشتەك خاتا خاھىشلار تەنقىدلەندى. سەن. ئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن ئېستېتىك رولىغا ئەھمىيەت بېرىش، تېمىنى يازغۇچىلار ئۆزى تاللاش تەكىتلەندى. مۇشۇ يىلى يەنە «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» «تېما مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە» دېگەن ئىستوننى ئېچىپ يازغۇ. چىلارنىڭ تېما تاللاش جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ رېئالىزملىق ئەن. ئەنىسى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئەدەبىي تەنقىد. چىلىكمۇ «سول» ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەھلىل ـ تەت. قىق ئېلىپ بارىدىغان يولغا چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا «تارىم» ژۇرنى. لىنىڭ 1960 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا تەنقىدچى مۇھەممەد زۇنۇن. نىڭ «ياخشى يېزىلغان شېئىر» ، 1961 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ سانلىرىدا «يېڭى دەۋر ناخشىسى» ، «ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا» ، 1962 ـ يىلى «تارىم» نىڭ 2 ـ سانىدا «شېئىر ئوبرازى ھەققىدە» قاتار. لىق ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تۈركۈم ئوبزور ـ ماقالىلە.

رى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رەخىم قاسىمنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 9 ـ سانىدا «مۇھەببەت ۋە شادلىق ناخشىسى» ۋە يەنە «پروزىمىز ھەققىدە بىرقانچە پىكىر» قاتارلىق ماقالىلىرى، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1962 ـ يىلى 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شېئىرىيەتىمىزدە مىللىي شەكىل» قاتارلىق تەنقىد ماقالىلىرى، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1962 ـ يىلى 5 ـ ئـايـدىـكـى سـانىدا ۋە 12 ـ ئايدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «شېئىر — ئىجادىيەتتۇر» ، «‹تىپانشانغا مەدھىيە› نى ئوقۇغاندىن كېيىن» ناملىق ئوبزورلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ ئوبزور ـ ماقالىلەر ئەينى دەۋرلەردە ئىجادىيەتنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەرقايسى تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشتە، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىدى. يازغۇچىلىرىمىزنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى. ئۇلارنىڭ جۇشقۇن ئىجادىي روھىغا ئىلھام بەردى، ئىجادىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋە ساقلىنىۋاتقان نۇقسان ياكى يېتەرسىزلىكلەرنى بولسا دەرھال تۈزىتىش رولىنى ئوينىدى. شۇ ئارقىلىق يېڭىدىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىۋاتقان ياش ھەۋەسكارلىرىنىڭ ساغلام تەربىيىلىنىشىگىمۇ بىر خىل ئىجابىي دەرسلىك بولدى.

مەسىلەن، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «شېئىر — ئىجادىيەتتۇر» دېگەن تەنقىد ماقالىسى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان. ماقالىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1961 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ئۈزۈم ئۈزگەندە» ناملىق شېئىرى تەنقىد قىلىنغان. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1959 ـ يىلى

11 ـ ساندا شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» ناملىق بالاداسى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئابدۇكېرىم خوجا بۇ بالادا-سىدا مەلۇم بىر گۇڭشىنىڭ ئۈزۈمچىلىك بېغىدا ئۈزۈم ئۈزۈلۈ-ۋاتقان مەزگىلىدە ئەسەر قەھرىمانى ئايخاننى سورەتكە ئېلىش ئۈچۈن مۇخبىر كېلىدۇ. مۇخبىر ئۆزىنىڭ ئايخاننى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتقاندا، ئايخان بۇ شەرەپنى پارتىيە بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ پارتىيىگە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. دېمەك، شائىر بۇ تەپسىلات ئارقىلىق پار-تىيىنى، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ئۈزۈم ئۈزگەندە» ناملىق شېئىرى تەپسىلاتلار تەسۋىرى جەھەتتىن ئابدۇكېرىم خوجا ياز-غان «ئايخان» بالاداسىغا ئوخشاپ قالغان. پەقەت ئاخىرقى خۇلاسىدە تېيىپجان ئېلىيوف يازغان شېئىردا ئەسەر قەھرىمانى بۇ شەرەپنى خەلققە مەنسۇپ دەيدۇ. بۇ ئىككى داڭلىق شائىرنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرىنىڭ مەيلى قانداق سەۋەب بىلەن ئوخشاپ قىلى-شىدىن قەتئىينەزەر، بىر خىل تېما پەقەت بىر خىل تەپسىلات، بىر خىل ئوبراز ۋە بىر خىل مەزمۇن ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كىشىلەرگە تەقلىد قىلىنغان تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ نامى بار شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى-دە كۆرۈلۈشى ئىجادىيەتنى ـــ يېزىشنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان ياشلار ئۈچۈن يامان تەسىر بېرەتتى. مۇھەممەتجان سادىق مەسى-لىنىڭ مۇشۇنداق تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ماقالىسىدە تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ئۈزۈم ئۈزگەندە» ناملىق شېئىرىنىڭ ئىجادىي بولمىغان تەرەپلىرىنى دەل ۋە كەسكىن پوزىتسىيە بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىجادىيلىق مەسىلىسىدىكى بىر-قاتار ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ يازغۇچى تېما تاللىغاندا، ئۆزى تاللىغان تېمىنى ئۆز دەۋرى-نىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپا-

دىلەشكە ماھىر بولۇشى لازىملىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلار تېخى كۆرۈپ يەتمىگەن ۋە تەسۋىرلىمىگەن تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىدۇ. بۇنداق مۇلاھىزە قىلىش ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيەت بىلىملىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئوبزور ـ ماقالىلەردىن يەنە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان تەنقىدچى روزى قاسىمنىڭ «يېڭى ھاياتىمىزغا مەدھىيە» قاتارلىق ماقالىلىرى، پەتتارجان مۇھەممىدىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1963 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « ‹ۋەتەن ھەققىدە غەزەل› توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى، ئابدۇكېرىم راخمانىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1963 ـ يىلى 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « ‹دەسلەپكى مۇھەببەت› شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم» ناملىق ئوبزورى، ج. مىجىتىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1964 ـ يىلى 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «جانلىق ئوبراز ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتىدۇر» ناملىق ماقالىسى قاتارلىقلار بار. بۇ ماقالىلەرنى يازغان تەنقىدچىلىرىمىز ئۆزلىرى ئوبيېكت قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئۇسۇلى، مەقسىتى، شۇنىڭدەك نەزەرىيىۋى ئۆلچەملىرى بويىچە باھالاپ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ئۇنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

1962 ـ يىلى ئېلىمىز ئىقتىسادىدا ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە بولغان مۆلچەرلەرنىڭ توغرا بولمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك»

دىگەندەك سىياسىي شوئارلارمۇ دەل مۇشۇ يىلدىن باشلاپ يامراشقا باشلىدى. نەتىجىدە بۇ خىل ئەھۋال ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى يەنە تۇرلۇك توساقلارغا مۇپتىلا قىلدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چىنلىقى ۋە تەسىرچانلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغۋار، مەردانە سۆز جۈملىلەر، قېنىق سىياسىي شوئارلار كۆپىيىپ كەتتى. قىسقىسى، 1964 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېما، ئۇسلۇب، بەدىئىي شەكىل دېگەنلەرنىڭ رەڭدارلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى. ھەتتا بەزى ئەسەرلەردە تۇرمۇش بۇرمىلاندى. ھېسسىيات زورمۇزور توقۇپ چىقىرىلدى. ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلالاشتۇرۇش ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بارلىققا كېلىۋاتقان بۇ خىل پاسسىپ ھالەتلەرگە ماسلىشىپ سىنىپىي كۆرەش قايىنىمىغا چۈكتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندا، ئۇنىڭ قىممىتىنى يەنىلا ئۇنىڭدىكى سىياسىي خاھىشنىڭ قويۇق ياكى قويۇق ئەمەسلىكى بىلەن ئۆلچىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، 17 يىللىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ناھايىتى زور ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە يېتەرسىزلىكلەرمۇ، ئۇتۇقلارمۇ بولدى. ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان تەنقىدچىلىك ئىلھامىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەنقىدچىلىكىمىزدە بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇشكە بولىدۇ:

1. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بېيىتىلدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ل. مۇتەللىپ قاتارلىق

ئەدىبلىرىمىزنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىدىن بولغان بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي ۋە يازغۇچى گوركىيلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەر - ماقالىلىرىنى تونۇشتۇرۇشى، ئۆزلەشتۈرۈشى بىلەن تەنقىدچىلىكىمىز دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز بىر چەتتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئەدەبىي تىل، ئەدەبىي ئوبراز، تىپ، خاراكتېر يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەتراپلىق ئىزدەندى ۋە كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش، باھالاشقا بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلدى. بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى، چېرنىشېۋسكىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدىكى بايانلىرى، گوگولنىڭ ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك توغرىسىدىكى بايانلىرى، گوركىينىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى بىزنىڭ ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن نەزەرىيىۋى مەنبە بولدى. ئەدىبلىرىمىز بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى، ئىجادىيەت جەريانىدا ئىجادىي راۋاجلاندۇردى.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندا، سىياسىي ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى ئوخشاشلا ئاساس قىلىش يولىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەكلى مىللىيچە، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا سىياسىي ئۆلچەمنى بەكرەك تەكىتلەپ كېتىدىغان خاھىشلاردىن ساقلىنالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمەن ئالغاندا بۇ ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا تىرىشىپ

كەلدى.

3. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز شەكىل جەھەتتىن، ئۇسلۇب
جەھەتتىن كۆپ خىللاشتى. دەسلەپكى تەسىرات شەكلىدىكى تەنـ
قىدتىن تەدرىجىي ھالدا بىر پارچە ئەسەرنى ھەم نەزەرىيىۋى
جەھەتتىن، ھەم ئەمەلىي قىممىتى جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك باـ
ھالايدىغان ھەقىقىي تەنقىدچىلىككە كۆتۈرۈلدى. ئەدەبىي ئەسەرـ
نىلا باھالاپ قويۇشتىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىـ
نى، ئىجادىيەت ماھارىتىنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىدىغان بولدى.
مەدھىيەنى ئاساس قىلىشتىن ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى
دادىل كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەنقىدچىلىككە تەرەققىي قىلدى.

4. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى زورايدى. دەسلەپكى ۋاـ
قىتلاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قوشۇنى بار دېيىشكىمۇ بولمايتىـ
تى. 1964 ـ يىللارغا كەلگەندە، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان
ئېلىيوف، رەخىم قاسىم، مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخـ
مان، پەتتارجان مۇھەممىدى قاتارلىقلار بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدـ
چىلىك قوشۇنىمىز بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار شۇ مەزگىللەردىـ
كى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئۈستىدە مۇلاھىزە ـ تەھلىللەرنى
ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ياخشى ئوبزورلارنى يازدى. ئەدەبىي ئىجاـ
دىيىتىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ سوتسىياـ
لىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ توغرا يول بىلەن ساغلام راۋاجلىنىـ
شىدا زور ھەسسە قوشتى.

## § 2 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرى باسقۇچى (1966 — 1976)

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1966 ـ
يىلى 5 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچ ئېلىمىز تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋر بولۇپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلدى.

ئېلىمىز تارىخىدىكى مۇشۇ ئون يىل داۋامىدا لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دىن ئىبارەت بۇ بىر ئوچۇم قارا نىيەتلەر پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. مۇشۇ ئون يىلدا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەنلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېموكراتىيە ئىستىلى بىراقلا يوق قىلىندى. «4 ـ ماي» دىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ شانلىق ئەنئەنىلىرى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز «شىيۇجىڭجۇيىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت» دەپ قارىلاندى. زور بىر تۈركۈم يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز «بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرى» قىلىپ قويۇلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى، نەشرىياتلار ۋە ئەدەبىي ژۇرناللار پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا رېئاللىقنى بوياپ كۆرسەتمىگەن بىرەر پارچە ئەسەرنى تاپماق قىيىن بولدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھىتىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى. سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرى، نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

بۇ ۋاقىتتا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىمىزمۇ زور زىيانغا ئۇچرىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى تەنقىدچىلىك

«سول» چىل خاھىشلارنى تەشۋىق قىلىدىغان كانايغا ئايلاندى.
بەزى ئاندا - ساندا كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان
تەنقىدلەر بولسا، يەنىلا تەنقىد ئوبيېكتىدىن سىياسىي مەزمۇن
ئىزدەپ مۇلاھىزە قىلىندى. سىياسىي شوئارلارنى چىقىش قىلى-
غان - قىلمىغانلىقى شۇ ئەسەرنى باھالاشتىكى ئالدىنقى ئۆلچەم
قىلىندى. بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ بىر
قىسمى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يېزىلغان ماقالىلەر بولسا،
يەنە بىر قىسمى شۇ دەۋردىكى سىياسىينى تەشۋىق قىلىش مەق-
سىتىدە يېزىلغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ - چوڭ گېزىت-
لەردە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئىدى. بۇنداق ماقالىلەر چوڭ
سىياسىينى تەشۋىق قىلىدىغان بولغاچقا، مۇشۇ يىللاردىكى «تا-
رىم» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدا دېگۈدەك تەرجىمە قىلى-
نىپ بېسىلىپ تۇردى. مەسىلەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
1966 - يىلى 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹ئادەتتىكى پېرسو-
ناژلارنى يارىتىش› دىن ئىبارەت بۇ چوڭ زەھەرلىك چۆپنى يۇ-
لۇپ تاشلايلى»، 1975 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان
«‹ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش› پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ باش قەھ-
رىماننى ئوبدان يارىتىش لازىم» ناملىق تەرجىمە ماقالىلەر ۋە
شۇنىڭدەك «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1975 - يىلى 3 - سانىدا
ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىيات - سەنئەت پرولېتارىيات دىكتاتورى-
سىنى مۇستەھكەملەشنىڭ قورالى بولۇشى لازىم» ناملىق ماقا-
لىلەر ئەنە شۇنداق ماقالىلەر جۈملىسىدىندۇر.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدە-
بىي تەنقىد ماقالىلىرى ھەم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ پرىنسىپ
ئۆلچەملىرىدىن چەتنەپ كەتكەن، ھەم يەنە سىياسىينىڭ نوقۇل
كانىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
باھالىغاندا دائىم بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقلاردىن خالىي بولالمى-
دى. بەزى تەنقىدلەر ئەسەرلەرنى سىياسىي ئۆلچەمگە سېلىپ

ماختاپ كۆككە كۆتۈرسە، يەنە بەزى تەنقىدلەر ئەسەرلەرنى خاتا هالدا تەنقىدلەپ، بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1974 ـ يىلى 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىنقىلابىي ئۇلگىلىك تىياتىرلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا چېچەكلەپ مېۋە بەردى»، 1976 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ زەپەر مارشى» قاتارلىق ماقالىلەر ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1974 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چوڭ زەھەرلىك ئوت ‹تىنچسىز دېڭىز شامىلى› نى قەتئىي پىپەن قىلايلى»، 1976 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تەسلىمچىلىك تەرغىب قىلىنغان سەلبىي دەرسلىك — ‹سۇ بويىدا› رومانى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلەردە بۇ خىل هالەت ناهايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇتۇقلاردىن كەمچىلىكلەر كۆپ بولدى. هەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پرىنسىپلىرى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە پەقەت سىياسىي ئۆلچەم بىلەنلا مۇئامىلە قىلىندى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى تېما تاللاش، خاراكتېر يارىتىش مەسىلىلىرىدە ئەدەبىي تەنقىد بىر خىللىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر مۇهاكىمە قىلىنمىدى. تەنقىدچىلىك كالتەكلەش ۋە دۆمبالاشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى.

خۇلاسە قىلغاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئون يىل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىلمىي بولغان ئۇسۇل ۋە ئۆلچەملىرىنى نابۇت قىلغان، بۇرمىلىغان، تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن ئون يىل بولدى. تەنقىدچىلىك لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك پەلسەپىنى مەنبە قىلغان «ئۇچنى گەۋدىلەندۇرۇش نەزەرىيىسى» پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، تېپىكلىك، ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە رەڭدارلىق، ئىجادىيلىق مەسىلىلىرىدىن سۆز ئاچالمايدىغان تەنقىدچىلىك بولدى.

## § 3 . يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
(1977 ـ يىلىدىن بۇگۈنگىچە)

يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز 1977 ـ يىلىدىن تارتىپ باشلاندى. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزگە زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزدىمۇ يېپيېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ھەرقايسى سەپلەردە ئۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاش، كەڭ تۈردە ئىدىيە ئازاد قىلىش قانات يايدى. ئەدەبىيات ـ تەتقىقات ساھەسىدە رېئالىزملىق ئەنئەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتنى بۇرمىلىماسلىق مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتىكى تار رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئاتلاندى. بۇ ۋاقىتتا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئابدۇكېرىم راخمان، تۇرسۇن قۇربانلار يازغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راسا تۈزەپ، ھەممە گۇللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرايلى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالىلەر يېزىلىپ ياخشى باشلىنىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

تەنقىدچىلىكىمىزدە بۇ ۋاقىتتا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىلى 7 ـ سانىدا ئابلەت ئۆمەرنىڭ «ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى» ، 1979 ـ يىلى 3 ـ سانىدا «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ مۇنا-

سۆيتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلىرى ۋە تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىلى 2 ـ سانىدا «شېئىرىيىتىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتەيلى» ناملىق ماقالىسى، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىلى 2 ـ سانىدا «شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك توغرىسىدا» ، ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «شېئىر ئىخچام بولۇشى كېرەك» قاتارلىق ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يېڭى باسقۇچ باشلىنىشى بىلەنلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئىشنى ئاۋۋال ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان تەرەپلەرنى تۈزەشتىن باشلىدى. ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقاتار ئىزدىنىش ـ مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى.

1980 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىمىز مۇھاكىمىنى ئۆزىدىكى نۇقتىلارغا قارىتىپ ئۆزىنىڭ ئىچكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى ئوڭشىدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق سانلىرىدا ئابدۇكېرىم راخمان، قاۋسىلقان قامىجان، ماخمۇتجان ئىسلام قاتارلىق تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك نەزەرىيىلىرىنى، تەنقىدچىلىك ئۇسۇلى ۋە قاراشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان «ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ، «ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى رولى توغرىسىدا» ، «ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. 1984 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا يەنە تەنقىدچى مۇھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىملارنىڭ «ساغلام، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد — يېڭى جەڭگىۋار ئەدەبىياتنى يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى» ، «نۆۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» ناملىق تەنقىد

ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ بىر قاتار ماقالىلەردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرى، ئۇسۇلى، نىشانى مۇھاكىمە قىلىنىپ ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمى يارىتىش يولىدا تىرىشىش چاقىرىق قىلىندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە سادىر بولغان بەزى قېلىپبازلىق مەسىلىلىرى، تەنقىدچىلەردە باش كۆتۈرگەن ئىتتىپاقسىزلىق، مەزھەپچىلىك خاھىشلىرى، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلمەسلىك ئىللەتلىرى ئۆتكۈر تەنقىد قىلىندى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللەپ ياشناشقا باشلىشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يۈكسىلىشىنى تېخىمۇ قۇلايلىق مەنئۇى زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىدە تەنقىدچىلىكىمىزدە يۈرەكلىك بىلەن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئوبيېكتىپ قىلغان ئەسەرلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل ـ تەتقىق قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ مۇشۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى. ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «زۇنۇن قادىرى ھېكايىچىلىقىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى»، 1982 ـ يىلى 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « ‹شەبنەم› توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» قاتارلىق تەنقىد ماقالىلىرى، ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىلى 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەخەت تۇردى ھېكايىلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا» ناملىق ئوبزورى، تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ 1984 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «جانلىق يارىتىلغان ئوبراز» ناملىق ماقالىسى، تەنقىدچى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تىپىك پېرسوناژلار توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىسى، تەنقىدچى ئابدۇللا مەتقۇرباننىڭ

«تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « قارا ۋە ئاق» داستانىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم» قاتارلىق ماقالىلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. مانا بۇ ماقالىلەر كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە تەنقىد ئېلىپ بارغاندا، بۇ ئەسەرلەردىكى يارىتىلغان ئوبرازلارنى، ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ماھارەتلەرنى، ئالغا سۈرگەن ئىدىيەۋى مەزمۇنلارنى ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ ئوبيېكت ئەمەلىيىتىنى، بەدىئىي سەنئىتىنى چىقىش قىلىپ باھالىغان. بۇنىڭدىن بىز بۇ باسقۇچتىكى تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇسۇل، ئىستىل ۋە سۈپەت جەھەتتىن زور بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ يەنە بىرسى ئەدەبىيات نەتىجىلىرىمىزنى ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسىلەپ ئىلمىي يەكۈنلەيدىغان ماقالىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ 1980 ـ يىلى «تارىم» نىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىنىڭ تەرەققىياتى» ، 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىلىرىنى، تەنقىدچى ئابدۇكېرىم راخمانىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1982 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى» ، 1985 ـ يىلى 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 30 يىلى» قاتارلىق ماقالىلىرىنى، تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئابدۇللا مەتقۇربانلار يازغان «تارىم» نىڭ 1985 ـ يىلى 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتىدىن ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ ئەسەرلەرنى ئەسلىدىكى قىممىتى بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قايتا نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ جەھەتتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقى ھەل قىلىندى. ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت زۇنۇننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا. دەسلەپكى مۇلاھىزە»، 1982 ـ يىلى 6 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلىرى بۇ جەھەتتە ئەمەلىي رول ئوينىدى.

بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئامىل تەنقىدچىلىكىمىزدە يىرىك ئەسەرلەرنى، يەنى پوۋېست، رومانلارنى مۇلاھىزە قىلىش، باھا بېرىش قىزغىنلىقىغا ئايلاندى. بۇ ھال ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ دائىرىسى ۋە سەۋىيىسىنى خېلىلا ئۆستۈردى. ئابلەت ئۆمەرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1980 ـ يىلى 8 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان، يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «تاڭ ئالدىدا» ھەققىدە يازغان «كۈرەشچان يىللارنىڭ زەپەر مارشى» ناملىق ماقالىسى، تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى 1983 ـ يىلى 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى» ناملىق رومانى توغرىسىدا يازغان «‹ئاۋرال

شاماللىرى، — پروزىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى» ناملىق ماقالىسى، تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ «سۇبھى» پوۋېستى ھەققىدە يازغان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىلى 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش يولىدا» ناملىق ماقالىسى شۇنىڭدەك «قايىنام ئۆركىشى» ، «ئىزدىنىش» قاتارلىق رومانلار ھەققىدە يېزىلغان ئوبزور - ماقالىلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئىلگىرىلەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

1986 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئورۇمچىدە رومان ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى. بۇنداق بىر مەخسۇس رومان ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى ياخشى پۇرسەت ھەم شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. تەنقىدچىلىرىمىز «ئىز» ، «ئىزدىنىش» ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق رومانلىرىمىز ئۈستىدە تۈرلۈك نۇقتىلاردىن چىقىپ ناھايىتى ئىلمىي ھەم ئوبيېكتىپ باھالاشلارنى ئېلىپ باردى. ھەرقايسى رومانلارنىڭ ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلىرىنى سەمىمىي كۆرسەتتى. رومانچىلىقىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يولىغا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن نىشان كۆرسەتتى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلەپ كۆرەك قىلالايدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىنىڭ ۋە مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت پولات، ئابدۇكېرىم راخمان، ماخمۇتجان ئىسلام، ئابدۇۋەلى كېرىم، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، قاۋسىلقان قامجان قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان تەنقىدچىلىك قوشۇنىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇشۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى نامايان قىلدى. يىغىندا ئوقۇلغان ۋە مۇھاكىمىگە سۇنۇلغان تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ

«يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇ-
رۇشنىڭ بىردىنبىر يولى» ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «تىپىك
خاراكتېر يارىتىش — رومـان ئىجـادىـيىتىدىـكـى ھالقىلىق
مەسىلە» ، ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ «رومانچىلىقىمىزنى گۈللەن-
دۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم» قاتارلىق ماقالىلەر
پىكىرنىڭ ئىجادىي ھەم يېڭىلىقى، سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى،
مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىقلىقى بىلەن كىشىلەرگە
ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان سەۋىيىسىنى
نامايان قىلىش رولىنى ئوينىدى.

1985 - يىللاردىن كېيىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز بىر
خىل جۇشقۇن تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. تەنقىدچىلىرىمىز
ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى، رولىنى باھالاشتا
كېلىپ چىققان ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارغا كەڭ يول
ئېچىلىپ بەس - مۇنازىرىلەر يولغا قويۇلدى. قەييۇم تۇردىنىڭ
«كۆرەشچان يىللار» رومانى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»
رومانى بىلەن «سۇبھى» پوۋېستى، ئابدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «ئۇ-
لارمۇ ئاتا - ئانا بولار» ھېكايىسى، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «مام-
كاپ ۋە تاش» شېئىرى، قۇربان باراتنىڭ «تۈندە ئۇچقان يالغۇز
قۇش» داستـانـى، ئـەختـەم ئـۆمەرنىڭ «زېمىن، قارا ئادەم-
لىرىڭگە» ، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستلىرى ئۈستىدە «تا-
رىم» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلىپ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، مەمتىلى
قادىر، ھېزىم قاسىم، مۇھەممەت پولات قاتارلىق ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىرىمىز ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان قاراش -
تەھلىللىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنبەر يۈزىدە مۇنازىرى-
لەشتى، قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىلغان بۇ مۇنازىرىلەردە ئوخشاش
بولمىغان پىكىر - مۇلاھىزىلەر ئـوتـتـۇرىـغـا قـويـۇلـۇپ
كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىشى ئىلگىرى
سۈرۈلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئوخشاشمىغان قاراشلارنىڭ ئوتتۇ-

رىغا قويۇلۇشى ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى جانلاندۇرۇش، بەدىئىي ھەقىقەتنى تېپىش، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، كۆپ خىل بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن ئىجابىي رول ئوينىدى.

يۇقىرىقى بەس - مۇنازىلەرنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي تەنقىدچى مەمتىلى قادىر بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن «ئىجادىيەتتە خاراكتېر يارىتىشنىڭ مۇقىم ئۆلچىمى بولامدۇ، يوق؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى مۇنازىرە خېلى زور خاراكتېرلىككە ئىگە. تەنقىدچى مەمتىلى قادىر «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خىيال ۋە سايە»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىگە»، «بىسى يانغان شەمشەر» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ بۇ ئەسەردىكى دىلدار، جامال، ئابلەت قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى چىنلىقتا ئۇيغۇن بولمىغان، دەپ قارىغان ۋە ئۆزىنىڭ خاراكتېرلارنى يارىتىشتىكى بىر قاتار پرىنسىپ، ئۆلچەملەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. تەنقىدچىنىڭ بۇ ماقالىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدا «تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 6 - سانىدا «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ مەمتىلى قادىرنىڭ خاراكتېر يارىتىشنىڭ ئۆلچەملىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلدى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ خاراكتېرلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال، چىن ۋە تەبىئىي تەسۋىرلىنىش ھەققىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەنقىدچى مەمتىلى قادىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىدا يەنە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى شەرھلەپ «قېلىپسىز خاراكتېر نەدە بار ئىكەن؟» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كېلىپ كۈنسايىن گۈللەنگەن «گۇڭگا شېئىر» لار 1990 - يىللارغا كەلگەندە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەھلىل - تەتقىق يۈرگۈزىدىغان بىر مۇھىم ئوبيېكتقا ئايلاندى. بۇ شېئىرلارنى شېئىر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىق، شېئىر بولسا ئۇنىڭ شېئىرىي ئالاھىدىلىكى نەدە، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇل ۋە ماھارىتى نېمە، شېئىرىيىتىمىزگە پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرىپى قەيەردە، دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مۇلاھىزە قىلىدىغان تېمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. باتۇر روزىنىڭ «تۇتۇق شېئىرلار توغرىسىدا»، [1] مۇختەر مەخسۇتنىڭ «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ»، [2] قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ كىتابخانلار بۇنىڭدىن تازا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ كېتەلمىدى. كىتابخانلارنىڭ نەزىرىدە «گۇڭگا شېئىر» لار يەنىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان، شېئىرىي خۇسۇسىيىتى كەمچىل، دەپ قارىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىق تەنقىدچىلەر «گۇڭگا شېئىر» لار توغرىسىدا يەنە ئىزدىنىپ ماقالىلەرنى يازدى. بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتە پېشقەدەم شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق شېئىر ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە توپلىغان ئەمەلىي بىلىمى ئاساسىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار» [3] ناملىق ماقالىنى يازدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «گۇڭگا شېئىر» لارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ماھا-

---

① ② «تارىم» 1988 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

③ «تارىم» 1988 - يىللىق 11 - سانىدا ۋە 1990 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

رىتمىنى، قوللانغان يېڭىچە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىلمىي ئاساستا تەھلىل قىلدى ۋە ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان تۆھپە، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ ماقالىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ماقالە بىر تەرەپتىن مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى ۋە باھاسىغا ۋەكىللىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر شائىرلىرىمىزنىڭ باھاسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلدى. مۇھەممەتجان سادىق ماقالىسىدە «گۈڭگا شېئىر» لارنىڭ ھەقىقىي شېئىرىي ئېلېمېنتلارغا باي بولغان تەرەپلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇردى ياكى تۇتاشتۇردى، بۇ ئىككىسىنى يىلتىزداش دەپ خۇلاسە چىقاردى.

تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئامىللارنىڭ يەنە بىرسى يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرى بولدى. 1990 - يىللاردىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، مۇھەممەتجان سادىق، تۆمۈر داۋامەت، شۈكۈر يالقۇن، تەلئەت ناسىرى قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئىلمىي مۇھاكىمىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇنداق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەنمۇ شېئىرىيىتىمىز ۋە پروزىمىزدىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەر مۇھاكىمە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە تەھلىل - تەتقىق قىلىندى، تەنقىدچىلىكىمىز ھەتتا بەزىدە مۇشۇنداق سورۇنلاردا تېخىمۇ جانلاندى.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە مۇشۇنداق ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى تەنقىدچىلىكىمىزنى قاينام تاشقىنلىق ھالەتكە چۆمدۈردى، كىتابخانلارنىڭ دىققەت قىلىدىغان نۇقتىسىغا ئايلاندۇردى.

1990 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ساھەسىدە زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇنداق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلەندى: بىرى، تەنقىدچىلىك قوشۇنى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش. بەزى تەنقىدچىلىرىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ساھەسىدە ئۇزۇن مەزگىل ئەمگەك قىلىپ تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن راۋاجلىنىشىغا كۆپ كۈچ قوشۇپ 90 - يىللارغا كەلگەندە، ياش جەھەتتىن چوڭىيىپ قېلىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇلار ئانچە يازمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ ئورنىنى ئازاد سۇلتان، ئابدۇللا مەتقۇربان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، مامبەت تۇردى، يالقۇن روزى، ئەكبەر قادىر، مۇھەممەت تۇرسۇن ئەلى، ئىبراھىم ئىزاق، ئەنۋەر ھوشۇر قاتارلىق جۇشقۇن ياشلار دەرھال تولدۇردى. نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يەنە بىر يېڭى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. يەنە بىرى، بۈگۈنكى زاماندىكى دۇنياۋى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى ۋە ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىك قاراشلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا دۇنياۋى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى، تۈرلۈك ئېقىملىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇردى. تەنقىدچىلىك قاراشلىرىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىزدىكى زامانغا يېتىشەلمەي قالغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان قەدىمىگە ماسلىشالماي قالغان پاسسىپ تەرەپلىرىنى يېڭىلاشقا كىرىشتى. ياش ئەدەبىي تەنقىدچى كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى زامان دۇنياۋى ئەدەبىي

تەنقىدچىلىكنىڭ ھەرقايسى ئېقىملىرىنى، تۇرلۇك قاراشلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلدى. ئاندىن ئۇنى تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئېلىپ كىرىپ تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن بىر يېڭى قان قوشتى. نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەنقىد ئۇسۇلى، تەنقىد مېتودى، تەنقىد قاراشلىرىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى.

يېڭى قىياپەت ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە يەنە يېڭى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ بولسىمۇ، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن مەخسۇسلىشىشىدۇر.

بۇ باسقۇچتا ئازاد سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي تەتقىقات ئەسىرىدىن باشقا يەنە كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە»، «ئەھمەت زىيائى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى» قاتارلىق تەنقىدچىلىككە ئائىت مەخسۇس ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز 1990 ـ يىللاردا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى قاتلىمى ۋە ئۇسۇلى ئۇستىدە ئىزدىنىشنى قانات يايدۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىلىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، روناق تاپقۇزۇش رولىنى ئويىنيالايدىغان تەنقىد بولۇشقا تىرىشتى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باسقۇچى كۆنسايىن گۈللىنىش، ئالغا بېسىش ھالىتىدە داۋاملاشتى. ئېلىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىم، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە چەكسىز تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. پارتىيىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئومۇمىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھە-
سىنىڭ بىر قانىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ ئالغا باستى.
ئىشىنىمىزكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز يېڭى ئەسىردە تېخىمۇ
زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز
سان جەھەتتىن ئۆلغىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈل-
مەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا كىتابخانلار سەۋىيىسىنىڭ كۆ-
رۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆ-
پىيىشى تەنقىدچىلىكىمىزگە يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا، ئۆز ـ
ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇتماقتا.

# بەشىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد ۋە باھا

## § 1 . ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا

ئېلىمىز تارىخىدا 1949 ـ يىلى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازادلىق خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭىچە تۇرمۇش يولىغا قەدەم تاشلىدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن مۇشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تېما ۋە مەزمۇنىنى يېڭىلاپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە سوتسىيالىستىك روھ ۋە كوممۇنىستىك غايىنى سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

شېئىرىيەت — ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئەدەبىي ژانىر. ئەدەبىيات تارىخىي تەرەققىياتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يېزىلغان ئۇيغۇر يازما شېئىرىيىتىنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيىنىڭ 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلىرىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى قوغۇرسۇر ئالتۇن (مىلادىيە 487 — 567) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «تۇرا قوشىقى» ئۇيغۇر يازما شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىسىدۇر. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 1500 يىللىق ئۇزاق مۇساپىنى

بىسىپ ئۆتتى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەزمۇنى ۋە شەكىل جەھەتتىن بىيىپ زور تەرەققىياتلارغا قول يەتكۈزدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولسا، خەلقىمىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۈنسايىن ئۆزگىرىپ، ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى نىشان، مەقسەت قىلىپ يىلسايىن تەرەققىي قىلدى.

ھازىرغىچە ھېسابلىغاندا 50 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان شائىرلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1950 - يىلى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئازادلىقنى تەبرىكلەش، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش»، «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن، خورلانغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئازادلىق خۇشاللىقىغا چۆمۈپ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولدى. خەلقىمىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا ئاتلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنگەن شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىقتىن خۇشاللىنىش، يەرگە ئىگە بولۇش، ئىگىلىك تىكلەش ئىرادىلىرىنى مەدھىيىلىدى ۋە كۈيلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى ۋە بەختىيار تۇرمۇش يارىتىش غايىسىگە ئىلھام، مەدەت بەردى. بۇ دەۋردە شائىرلىرىمىزدىن نىمشېھىت ئارمىيە داموللا «تارىم قىزى» شېئىرىنى، تېيىپجان ئېلىيوف «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «يىراقتىن خەت» داستانىنى يېزىپ، ئەمگەكچان دېھقانلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن مىللىي زۇلۇم، مىللىي تەڭسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىتتىپاق، باراۋەر بولغان يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويغانلىقىنى مەدھىيىلىدى. شائىر ئەلقەم ئەختەم «تاڭ

ئاتقاندا» ناملىق شېئىرنى يېزىپ ئازادلىقنى، يېڭى جۇڭگونى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن كۈيلىدى. «سائادەتخان»
ناملىق داستاننى يېزىپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى فېئوداللىق
زۇلۇم، ئائىلە ۋە ئەرلىك هوقۇقى تەرىپىدىن خورلانغان، دەپ-
سەندە قىلىنغان ئايالالرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەهۋالىنى بايان قى-
لىپ، كونا زاماننى قاتتىق پاش قىلدى، قامچىلىدى. شائىر
رەخىم قاسىم «شاد بەختىمىزگە ياشا، بول ئامان» ناملىق
شېئىرنى يېزىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلقنى سۆ-
يۈشتەك ئالىيجاناب روهىنى قىزغىن مەدهىيىلىدى. شائىر مۇ-
هەممەتجان سادىق «سالام تارىمدىن»، «ئانامغا» ناملىق شېئىر-
لارنى يېزىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭىچە مۇنا-
سىۋەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن مەدهىيىلىدى. شائىر ئابلىز نازى-
رى «يېڭى دوست تاپتىم» ناملىق شېئىرىدا ئۆزئارا، ياردەم
بېرىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش روهىنى مەدهىيىلىدى. دېمەك،
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مانا مۇشۇ زاماندىكى بۆلىكىدە ئومۇمەن
ئازادلىققا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقىغا تەنتەنە
قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىگە مەدهىيە ئوقۇش، ئۆتمۈش كونا زامان ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىش، يېڭى تۇرمۇشنى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلىۋاتقان هەر مىللەت خەلقىنىڭ غەيرەت - شىجائىتىنى كۈي-
لەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەڭ مۇهىم بولغان يەنە بىر
تەرەپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ساتىرىك شېئىرلار
كۆپەيدى. بۇ ساتىرىك شېئىرلاردا مۇشۇ دەۋردە ئايرىم بىر
قىسىم ئادەملەردە ساقلىنىۋاتقان هۇرۇنلۇق، تەييارتاپلىق، ئەم-
گەكنى سۆيمەسلىك، بيۇروكراتلىق قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللار
پاش قىلىندى. مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ۋالاقتەگكۇ-
رۇپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىرىسى، شائىر رەخىم قاسىمنىڭ
«باشلىق چۈشكەن پابىدا» ساتىراسى، شائىر مۆمىن سەپىرىنىڭ

«قۇلۇپلاقلىق كابىنېت» ناملىق ساتىرالىرىنى ئاتاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 50 ـ يىللاردا شېئىرىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن شائىرلاردىن تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، رەخىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىق، مۆمىن سەپىرى، مىركامىل ياقۇبى، مىرزاھىت كېرىمى، مەمتىلى زۇنۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلارنى ئاتاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مانا بۇ شائىرلار ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋەكىللىرىدۇر.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش دائىرىسى جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. شەكىل جەھەتتىن بولسا كۆپ خىل بولۇشقا يۈزلەندى. بۇ دەۋردە پارتىيىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن شائىرلىرىمىز مانا مۇشۇ توغرا فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشتى. بۇ دەۋردىكى شېئىرلاردا مەزمۇن جەھەتتىن ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يېزىش، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى مەدھىيىلەش ئاساس بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋر تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى تەنقىدلىدى، پاش قىلدى، كىشىلەرنى ئەمگەك قەھرىمانلىرىدىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي ئىگىلىك يارىتىش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدىغان شېئىرلارمۇ كۆپ يېزىلدى. مەسىلەن،

تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى» ، «تۇگىمەس ناخشا» ، «ئىگىلىك سۇ» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرىنى، شائىر تۇمۇر داۋامەتنىڭ «قارىغايىنىڭ خىسلىتى» ، «كەتمىنىم» ناملىق شېئىرلىرىنى، شائىر رەخىم قاسىمنىڭ «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچىنىڭ قولى» ، «چولپان» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرىنى، شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «جەننەت نەدە دېسەڭلار» ، «ئايخان» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرىنى، شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تارىم بويلاپ» ، «نان» ، «قىيا تاش باغرىدىكى قەبرە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، شائىر مۇھەممەت رېھىمنىڭ «ئانا» ، «باھار شاۋقۇنى» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرىنى، شائىر مەمتىلى زۇنۇننىڭ «يادىمدا سەن» ، «بىللە مەن» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرىنى ئاتاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مانا مۇشۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يەنە بىر بۆلۈك شائىرلار كېلىپ قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى ئېزىز نىياز، بۇغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەتجان راشىدىن، مۇھەممەت ئىمىن، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مامۇت زايىت، تۇرغان شاۋۇدۇن، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، سەلەي قاسىم، قۇربان بارات، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، نۇرىيە ئىلاخۇن، توختاش بەكرى قاتارلىق شائىرلاردۇر. بۇ شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت چوڭ ـ چوڭ تېمىلاردا شېئىر ـ داستانلارنى يازغاندىن باشقا يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تېمىلارغىمۇ يۈرۈش قىلىپ، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرى، تەبىئەت گۈزەللىكى ھەققىدە كۆپلىگەن شېئىرلارنى، داستانلارنى يېزىپ، چىن ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ۋە گۈزەللىكنى مەدھىيىلىدى، كىتابخانلارغا لىرىك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلدى، ئۇلارنى گۈزەللىك تەربىيىسى

بىلەن يېتەكلىدى.

مەسىلەن، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن 1962 ـ يىلى يازغان «سۆي» ناملىق شېئىرىدا:

*سۆي، ۋۇجۇدى بىغۇبار چىندىن سېنى سۆيگەننى سۆي،*
*سەن بىلەن بىللە ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرگەننى سۆي.*
*مەنىسىز ئالتۇن پەردازلار بولمىسۇن ھەمراھ ساڭا،*
*قەلبىدە مېھرۇ مۇھەببەت ماگمىدەك كۆيگەننى سۆي.*

دەپ يېزىش ئارقىلىق مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئىنسانىدىكى ئەڭ گۈزەل ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ۋاپادارلىق، چىنلىق، سەمىمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتلا ئەڭ گۈزەل بولىدۇ دېگەن ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

شائىر مۇھەممەت ئىمىن 1960 ـ ۋە 1962 ـ يىللىرى يازغان «گۈل يېزامنىڭ ئەمگىكى»، «دېھقان ناخشىسى»، «باھار ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلاردا ئەمگەك قايىنىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەپ، كىتابخانلار قەلبىنى لىرىك تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. ئۇ 1960 ـ يىلى يازغان «باھار ناخشىسى» ناملىق شېئىرىدا تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئەمگەكنى سۆيۈش قىزغىنلىقى بىلەن يۇغۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*كۆپكۆك ئوت ـ چۆپ چاچسا ھىد شوخ شامالدا تولغىنىپ،*
*ئويناقشىغان قوي ـ قوزا زوقى بىلەن چايىنىدى.*
*.............................................*

*ئۆپۆقلاردا باش قويغان كەڭ ئېتىزنى ئويغىتىپ،*
*قىزغىن مېھنەت شاۋقۇنى ئاتەش كەبى قايىنىدى.*
*دېھقان يىگىت كۈلۈپ شاد يەڭ شىمايلاپ روھلىنىپ،*

*كاراپ دولقۇن يارغاندەك يەرنى تىلدى ـ ھەيدىدى.*

......................................................

يۇقىرىقى شائىرلار شېئىر ئىجادىيىتىدە تازا ئالغا بېسىۋاتقان ۋاقىتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەيران قىلىدىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىي قىلمىدى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمىدى. شېئىرلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن شائىرلار «زەھەرلىك چۆپ» دەپ قارىلىپ چەتكە قېقىلدى. مانا بۇنداق يامان ئەھۋال تاكى 1976 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتىدىن تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شائىرلىرىمىز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرگۈزگەن «لۇشيەننى تۇتقا قىلىش»، «ئۇچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «تېما ئالدىن يۈرۈش» قاتارلىق بىر قاتار خاتا قاراش ۋە سەپسەتىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىدىيىنى ئازاد قىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان توغرا كۆزقاراشنى قايتىدىن تۇرغۇزدى. تېما تاللاش مەسىلىسى، قانداق يېزىش مەسىلىسى دېگەن تەرەپلەردە ئەركىن بولدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىدە گۈللىنىش باشلاندى. بۇ خىل گۈللىنىشنى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، شېئىرىيەت بۇ دەۋردە سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى بولدى. ھېسابلاپ كۆرسەك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە يېزىلغان شېئىر ـ داستانلارنىڭ سانى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى. مۇشۇ 20 يىل ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ

ئۆزىدە 15 مىڭدىن ئوشۇق شېئىر، 150 دىن ئوشۇق داستان ئېلان قىلىندى. باشقا 15 ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىر ـ داستانلارنى قوشقاندا تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، يېزىلغان شېئىر ـ داستانلار تېما جەھەتتىن كەڭ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا چوڭقۇر بولدى. بۇ دەۋردە شائىرلىرىمىز ئىدىيە جەھەتتىن ئازاد بولدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى، باي تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى يېزىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان «چەكلەنگەن رايون» لارغا جۈرئەتلىك بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ھەممە تەرەپلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇھەببەت، غايە، كوممۇنىستىك ئېتىقاد قاتارلىق تېمىلاردا كۆپلىگەن شېئىر ـ داستانلارنى يازدى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلىدى. ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن بولسا رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈردى.

ئۈچىنچى، داستان، باللادا يېزىش ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. بىر قىسىم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش شائىرلىرىمىز چوڭ ـ چوڭ تېمىلاردا داستان ـ باللادا يېزىشقا باشلىدى. مەسىلەن، شائىر ئەخمەت زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» داستانلىرى، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «چىن مۇھەببەت»، «قىزىل يۇلغۇن»، «ستودېنتلار» ناملىق داستانلىرى قاتارلىقلار، شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قىسسىسى، مەمتىلى زۇنۇننىڭ «گۈلمېھرى» داستانى، شائىر ئارسلاننىڭ

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى، قۇربان باراتنىڭ «ئاق روماللىق پەرىزات»، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانلىرى قاتارلىقلار. مانا بۇ داستانلار 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى داستانلارنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىرىدۇر. بۇ داستانلارنىڭ بىر قىسمى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەرەققىيات تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ شەرەپ!

تۆتىنچى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغان «گۇڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلدى، بۇنداق شېئىرلارنى ئاساسەن ياش شائىرلار بارلىققا كەلتۈردى. گۇڭگا شېئىرلار ھازىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. 85 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىگە يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار قوشۇلدى. بۇ ياش شائىرلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ئۇسۇلىغىلا ۋارىسلىق قىلىپ قالماستىن، يەنە ئېلىمىز خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ ۋە دۇنيادىكى ئىلغار شېئىرىيەت ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ياخشى شېئىرلارنى يازدى. بۇ ياش شائىرلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى مۇختەر مەخسۇت، پەرھات ئىلياس، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ئەركىن ئىبراھىم، تۇرسۇنجان ھاشىمى، دولقۇن روزى قاتارلىقلاردۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 1500 يىلدىن كۆپ بولغان تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىللە مەنىۋى ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

ھەرقانداق دەۋردە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلار بار بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇشۇنداق

ئۈچ قاتلام شائىرلار قوشۇنىغا ئىگە. شائىرلىرىمىز ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىرىشىدىغانلا بولسا، شېئىرىيىتىمىز- نىڭ سەۋىيىسىنى مەملىكەت ۋە دۇنيا سەۋىيىسىگە جەزمەن يەت- كۈزەلەيمىز!

## § 2 . ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا

1

ئېلىمىز ئازاد بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەل- قىمۇ زۇلۇم ۋە خورلۇقتىن ئازاد قىلىنىپ، يېڭىچە ھايات يولىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ دەۋردە مەنىۋى جەھەتتىنمۇ زور دەرىجىدە ئازاد بولۇپ، مەزمۇن خاراكتېرى ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكىگە زادى ئوخشىمايدىغان سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدا كوممۇنىستىك پارتىيىمىز بىر تەرەپتىن يازغۇچىلىرى- مىزنى ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇ- رۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ۋە يېڭى دەۋر- نىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى چىقىش قىلىپ ئەسەر يېزىشقا ئىلھام- لاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قاتلام ئىجادىيەت تەشكىلات- لىرىنى، ئەدەبىي ژۇرناللارنى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنى قۇ- رۇپ، يازغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش-

نىڭ كەڭرى سەھنىسىنى يارىتىپ بەردى. 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇنجى بولۇپ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال سو- پىتىدە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (بۈگۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى) تەسىس قىلىندى. بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنال ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۇيۇشۇپ، تېز ئارىدىلا بەلگىلىك ئىجادىيەت قابىلىيىتى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئىگە ئاپتورلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. ھەرقاي- سى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدىكى رېئال مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيا- لىستىك ئۇيغۇر پروزىسىمۇ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ئالدى بىلەن ئازاد ـ بەختىيار دەۋرىمىزگە، ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيە- مىزگە مەدھىيە ئوقۇش، شۇنىڭدەك 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلانغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنىڭ غايەت زور مۇۋەپپە- قىيەتلىرىنى كۈيلەش، يەر ـ سۇغا ئىگە بولغان كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ چەكسىز شادلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىق مەز- مۇنلارنى ئىپادىلىدى. پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»[1] ناملىق ئوچېركى بىلەن شۇ- كۇر يالقۇننىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايىسىنى، يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ «ساراڭ ساقايدى»، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىلىرىنى مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان ياخشى ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە كونا جەمئىيەتتە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشى، خورلىشى بىلەن چىدىغۇ-

① «تارىم» ژۇرنىلى 1952 ـ يىلى، 5 ـ سان.

سىز ئازابلارنى تارتقان دېھقانلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە
رەھبەرلىكىدە خاتىرجەملىك، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت يېڭى تۇر-
مۇشقا ئېرىشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق يېڭى جەمئى-
يەتكە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ئېلىمىز خەلقى 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم
قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 ـ نۆۋەتلىك مەركى-
زىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى
كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغان-
دىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا كوپىراتسىيىلەش-
تۈرۈش دولقۇنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. سوتسىيالىس-
تىك يېڭىچە ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشنى مەقسەت
قىلغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ھەر مىللەت دېھقان
ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا يېپيېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەل-
تۈردى. بۇنداق يېڭى ئۆزگىرىشلەر پروزا ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن
يەنە بىر يېڭى تېما بايلىقىنى ئېچىپ بەردى. پروزا ئىجادىيىتى-
مىز ئەمدى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مۇشۇ دەۋر روھىنى
تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاتلاندى. يېزا ئىگىلىكىنى
كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى يەر ـ سۇغا
ئىگە بولۇپ، كوللېكتىپ ئەمگەك قاينىمىغا چۆمگەن ئەمگەكچان
دېھقان ـ چارۋىچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، تېببىي خادىملار، ھەر
ساھەدە تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان كادىرلار ۋە يېڭىدىن شەكىللىنىش-
كە باشلىغان سانائەت ئىشچىلىرى قاتارلىقلار پروزىمىز مەدھى-
يىلەيدىغان ئوبرازلار بولدى. مۇشۇ ئوبرازلار ئارقىلىق پروزى-
مىز يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇدى. مەسى-
لەن، زۇنۇن قادىرىنىڭ «چىنىقىش» ھېكايىسىنى، ئەرشىدىن
تاتلىقنىڭ «پۇشايمان»، «سادىق باپكار»، ئابلىمىت مەسئۇدى-
نىڭ «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ھېكايىسىنى، تۇردى سامساقنىڭ

«خۇشاللىق» ، «تىيانشان باغرىدا» قاتارلىق ھېكايىلەرنى كۆر-
سەك بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىمىز.

ئەگەر كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش دەۋرىنى ئۇيغۇر پروزا ئىجا-
دىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى دەپ قارىساق، يازغۇچى
زۇنۇن قادىرى مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى باشلامچىدۇر. ئۇ
1955 ـ يىلى يازغان «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن
ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ زور
غەلىبىسىنى ئەكس ئەتتۇردى ۋە مەدھىيىلىدى. ئۇ بۇ ھېكايى-
سىدە ئۆتمۈش جەمئىيەتتە باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ،
روھىي چۈشۈپ كاردىن چىققان نامرات دېھقاننىڭ ئېلىمىز ئازاد
بولۇپ، كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قاي-
نام تاشقىنلىق ئەمگەك تەسىرى بىلەن ئاكتىپچانلىقى قايتا قوز-
غىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئەمگەك قىلالايدىغان
ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ نەتىجىسى
پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بولدى. 1957 ـ
يىلى ئۇيغۇر پروزىسىدا تۇنجى بولۇپ يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق-
نىڭ «سىناق» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. بۇ پوۋېست
تېما جەھەتتىن گەرچە شۇ دەۋردە يېزىلىۋاتقان تېمىلار بىلەن
ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىق ياراتقان.
ۋەقەلىك تەرەققىياتى ئەگرى ـ توقاي ھەم قىزىقارلىق، پېرسو-
ناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىمۇ خېلىلا جانلىق چىققان، مەيلى
نېمىلا بولسۇن، بۇ ئەسەر ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزا
ئىجادىيىتىدە پوۋېستچىلىقنى باشلاپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە
ئەھمىيەتلىكتۇر.

1956 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۇرۇش، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش
دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تۇرمۇش قاينىمىغا يازغۇچىلارنىڭ تې-

خىمۇ چوڭقۇر چۈكۈشىنى مەقسەت قىلغان «ھەممە گۈللەر تەك-شى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېن-نىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يازغۇچى ـ شائىرلارنى يېزا ـ قىشلاقلارغا، زاۋۇت ـ كانلارغا بېرىپ رېئال تۇرمۇشقا چۈكۈش-كە، يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە پروزا ئىجادىيىتىمىز يەنە بىر قەدەم ئالغا باستى. پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ سان ۋە ساپاسى زورايدى. كۆپلىگەن ياش يازغۇچىلار قوشۇلدى. يازغۇچى قەي-يۇم تۇردى ئۆزىنىڭ «ئوراز بوۋا»، «ئارزۇلار ئەمەلدە»، «مېنىڭ يېزام» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن، يازغۇچى مالىك كېۋىر «يېزىدىكى ئادەملەر»، «مەشئەل» ھېكايىلىرى بىلەن مۇشۇ دەۋردە ئەلگە تونۇلدى. 60 ـ يىللاردا بولسا ئىجتىھاتلىق يازغۇچىلاردىن.ئەخەت تۇردى («گۇرۇچ»، «ھاياتنىڭ باشلىنى-شى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۇرەش داۋام قىلىدۇ»)، ئابلىمىت سابىر («يېزا لاچىنى»)، ئابلىمىت ھاجى («ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم»)، ئابلا ئەخمىدى («يېڭى ئۆيگە كۆ-چۈش») قاتارلىق يازغۇچىلار ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەل-دى. 70 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن يەنە بىر تۇركۇم قەلەم ئىگىلىرى ئىجادىيەت سېپىگە قېتىلدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەنە شۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. زوردۇن سابىر 1972 ـ يىلى «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە»، «گۆھەرنىڭ بەختى»، «دوستۇمنىڭ تارىخى»، «سەھەرچى»، «كومبايىن» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوي-نىدى. بۇ دەۋرلەردە يەنە قاھار جېلىل، ئابدۇراخمان قاھار، ئېزىز ساۋۇت، ئايشەم ئەخمەت، تۇردى سامساق قاتارلىق يازغۇ-چىلار قېتىلدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىكىنى

كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى ئىلـ
گىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر ئەدە
بىياتىدا مۇھىم بىر دەۋرنى بارلىققا كەلتۈردى. تېخىمۇ مۇھىمى
كېيىنكى باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس
سېلىپ بەردى.

2

ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
دىن ئىبارەت ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ئېلىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى مىسلى كۆ
رۈلمىگەن دەرىجىدە بالايىئاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ مەزگىلدە يېڭى
جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن، گۈللەپ
راۋاجلىنىشقا باشلىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىز بى
لەن ئىجادىيەت قوشۇنىمىز ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ
قالدى. 1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار
قىلىنىشى بىلەن باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىشلىرىمۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇپ قايتا ئىجادىيەت ئەمەلـ
يىتىگە ئاتلاندى. 1978 ـ يىلى ئېچىلغان تارىخىي ئەھمىيەتكە
ئىگە 11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزدە يەنە بىر يېڭى قىياپەتنىڭ بارلىققا
كېلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. بۇ يىغىن ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم
سۈرگەن «سول» لۇشيەنگە ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بەردى.
ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
يولىنى بويلاپ ئالغا بېسىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىجا
دىيەت ساھەسىدە «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» تەك
توغرا يۆنىلىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىدىيە جەھەتتىن ئازاد بولۇش-
قا، نەزەر دائىرىسى جەھەتتىن كېڭىيىشكە قاراپ ماڭدى. ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بولسا، ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرگە
سېلىشتۇرغاندا ئېشىپ چۈشىدىغان سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشقا
باشلىدى.

3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيە-
تىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا شۇنى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، بۇ دەۋردە پروزا ئىجادىيىتىمىز ھېكايە
ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى دائىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ
پوۋېست، رومان ئىجادىيىتىگە قاراپ يۈزلەندى. مەلۇمكى، رو-
مان ئىجادىيىتى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ كامالىتىنى كۆرسەت-
كۈچى ئەڭ مۇھىم ئاساستۇر. ئۇيغۇر پروزىسىدا پوۋېست ـ
رومانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى
چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل تارىخىي
دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھايات سەزگۈزەشتىلىرى كەڭ ۋە چوڭ-
قۇر ھالدا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ
ئۆتۈش كېرەككى، 1945 ـ يىللاردا يازغۇچى مەمتىمىن توختا-
يۇپ تەرىپىدىن قەشقەردە «قانلىق يەر» رومانى يېزىلغان. لې-
كىن، بۇ رومان خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1951 ـ يىلى
«غەربىي شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» دېگەن خەنزۇچە ژۇرنال-
نىڭ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ روماننىڭ ئۇيغۇرچىسى
1993 ـ يىلى ماخمۇتجان ئىسلامىنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر
پروزىسىدا «بۇ روماننىڭ مەيدانغا كېلىشى — ئەدەبىياتىمىزدا
رېئال مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىنغان رومان بول-
ماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى ھەمدە ھازىرقى ـ بۈگۈنكى
زامان رومانچىلىق تارىخىمىزنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەر-

دى، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا ئاساس سالدى.» [1] مانا شۇنداق ئاساس ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر نەتىجىسىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزىسىدا تۇنجى بولۇپ يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئۆزىنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» ناملىق رومانىنى 1974 ـ يىلى يازدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە «كۈرەشچان يىللار» ناملىق ترىلوگىيىسىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسى ئەينى دەۋرلەردە ھەقىقەتەنمۇ زور تەسىر قوزغىغانىدى. يېزىلاردا دېھقانلىرىمىز ئېتىز باشلىرىدا ئەمگەك قىلىۋېتىپ رادىئودىن بۇ رومانىنى ئاڭلايتتى. ئانچە ـ مۇنچە ھېكايە ئېيتىشقا ماھىر دېھقانلار كوچا ـ كويلاردا رومان ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ ئادەملەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇۋالاتتى.

بىز بۇ رومانغا قارىساق، روماندا، قەشقەرنىڭ زەرەپشان ۋادىسىدا ياشىغۇچى دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنى چىرماپ تۇرغان فېئودال پومېشچىكلارنىڭ تۇرلۇك ئېكسپىلاتاتسىيىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازادلىق تېڭىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. شۇ ئارقىلىق ئازادلىق، ئەركىنلىك تېڭىغا بولغان ئىنتىلىش مەدھىيىلەنگەن. يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ بۇلاردىن باشقا يەنە «سۇزۇك ئاسمان» رومانى ۋە قارىماي نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جىمجىت جۇڭغارىيە» ناملىق ترىلوگىيىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا پوۋېستلىرىدىن «يول»، «يېشىل مەرۋايىت»، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «بۇغدا ئاتا» قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى تۇرلۇك زىددىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ

---

[1] كېرىمجان ئابدۇرېھىم «‹قانلىق يەر› رومانىنىڭ سۇژىت شەكلى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدىن.

ئەكس ئەتتۇرۇپ بىرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئىجادىيىتىدىكى كىشىگە تەسىر قىلىدىغان تەرەپ شۇكى، يازغۇچى رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە ھەم زىددىيەتلەرنى تېپىكلەشتۇرۇشكە ئىنتايىن ماھىر، ۋەقەلەرنى زىددىيەتلەر ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۆزگىچە.

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ پىشقان قەلىمى ۋە يېتىلگەن بەدىئىي تالانتى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر پروزىسىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى. زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتى تېز پىشىپ يېتىلگەن ئىجادىيەت بولدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا «شەبنەم»، «ساداقەت»، «ئىھ، توپىلىق يول»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئايدىڭ كېچە»، «بۇركۇت»، «قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ھېكايىلەردە يازغۇچى نوقۇل تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى يېزىشقىلا بېرىلمىگەن، شۇنىڭدەك يەنە تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم قىلىشقا قىلىشىنىمۇ قوغلاشمىغان. بەلكى بەدىئىي سەنئەت يولى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان، كۆرۈنۈشنى ئەمەس ماھىيەتنى، تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەس، قەلب چىنلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشقان. قىسقىسى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شەكىل ئامىللىرىنىڭ رولىغا ياتىدىغان تەرەپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. شۇڭا بۇ ھېكايىلەر ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى، كىتابخانلارغا ناھايىتى زور ئېستېتىك زوق ئاتا قىلدى. زوردۇن سابىر يەنە 80 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن «سۇبھى»، «باھار ھامان ئىللىق»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «ئارچا ياپرىقى» قاتارلىق 10دىن ئوشۇق پوۋېست يازدى. «ئاۋرال شامالىلىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» (ئۈچ قىسىم) قاتارلىق رومانلارنى ياز-

دى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىي ھاياتىدا تۆت رومان (جەمئىي يەتتە توم)، 12 پو- ۋېست، 40 ھېكايە، يەتتە پارچە ئەسلىمە ۋە ماقالە يازغان.

يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى دەۋردىكى تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى، ئۆزگىرىش- لەرنى يورۇتۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سۇبھى» پوۋېستىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ تۇرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يۇقىرى مەھسۇ- لاتلىق ئېتىز بەرپا قىلىش جەريانى مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتكەن. بۇ پوۋېستتا ئىلمىي ئۇ- سۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋەقەلىكى ئەكس ئەتكەن بىلەن، ما- ھىيەتتە سۇبھىدىن ئىبارەت بۇ قىزنىڭ روھىي جەھەتتىن بۆ- سۈش روھى، كونا قاراشلارغا دادىللىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. گېرمانىيىلىك توماس فوپىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ زوردۇن سابىر ھەققىدە يازغان «مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم» (بۇ ماقالە 1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ پوۋېستتا زوردۇن سابىر ئۆزگىچە ئۇسۇل ئارقىلىق ئىسلام جەم- ئىيىتىدىكى ئاياللار ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن بىر ئايالنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان».

يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدا يازغۇچى ئەخەت تۇردى يەنە بىر مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ دەۋردە ئىل- گىرىكى ئىجادىيەت ئاساسىغا تايىنىپ تۇرۇپ «قىيانلىق دەريا»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «مۇزلىغان يۈرەك» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ پوۋېستلاردا يېزا تۇرمۇشى، دېھقانلار ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتكەن، بولۇپمۇ بەزى بىر «سول» چىل لۇشيەننىڭ جاھىل گۇماشتىلىرىنىڭ تارىخىي تە-

رەققىيات ئالدىدا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەستىن تۇرلۇك بۇزغۇنچىلىق خاھىشلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشتەك قىلـ مىشلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. ئىلغار ئاڭدىكى كىشىلەر بىلەن بۇ خىل جاھىل ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۇرەش تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. بۇ پوۋېستىنىڭ ئېلىمىزدە «تۆت كىشىـ لىك گورۇھ» ئەمدىلا ئاغدۇرۇلغان، لېكىن ئىدىيە ساھەسىدە «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى تېخى تەلتۆكۈس تازىلىنىپ بولۇنـ مىغان ئاشۇ دەۋرلەردە قىممىتى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

رومان ئىجـادىـيىتىدە ئـەخـەت تـۇردى «ئۇنتۇلغان كىـ شىلەر» ، «ئاي يامغۇرى» ، «سەرسان روھ» قاتارلىق رومانلارـ نى يازدى. يازغۇچى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدا قەشقەر خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى 40 ـ يىللاردا ئازادلىق، ئەرـ كىنلىك ئۇچۇن ئېلىپ بارغان كۇرەشلىرىنى تەسۋىرلىگەن، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۇرەشلىرىگە مەدھىيە ئوقۇغان. «ئاي يامـ غۇرى» رومانىدا بولسا 60 ـ يىللاردا ستودېنتلارنىڭ ھايات، مۇھەببەت، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى گەۋدىـ لەندۇرۇش ئارقىلىق ئاشۇ يىللارنىڭ ھـەقىقىي قىيـاپىتـى، ئىلىم ـ پەننى دەپسەندە قىلىدىغان رەزىل ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن.

بۇ دەۋردە يېزىلغان رومانلاردىن يەنە يازغۇچى ئابدۇللا تالىپىنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ـ ئىزلىرىنى تەسـ ۋىرلەشكە بېغىشلانغا «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانى ۋە «چاـ لا تەگكەن ئوق» رومانى، تۇردى سامساقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلـ گەنلەر» رومانى، ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېما قىلىنغان «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئىككى قىسىم) رومانى بىلەن «ھايات سىرى» ، «يىراقتىكى ئادەملەر» ، «ئاۋات شەـ ھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ناملىق رومانلىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتـ كۇرنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن «ئىز» روـ

مانى بىلەن 30 ـ، 40 ـ يىللاردا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەر- لىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن «ئويغانغان زېمىن» رومانى (ئىككى قىسىم)، ئەبەيدۇللا ئىبرا- ھىمنىڭ «تۇندىكى چاقماق»، «داغ» ناملىق تارىخىي روماندل- رى، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «زۇلپىقار» (ئۈچ قىسىم) نام- لىق تارىخىي رومانى بىلەن «بوز ئەر» ناملىق (ئۈچ قىسىم) تارىخىي رومانى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانى قاتارلىقلار بار. مانا بۇ رومانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئال تارىخىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى مول تارىخىي ۋە ئەمەلىي چىنلىقلار ئاساسىدا مۇكەممەل يورۇتۇپ كىتابخانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان بۇ يېڭى دەۋردى- كى پروزىمىزدا يەنە كۆپلىگەن ياخشى پوۋېستلار مەيدانغا كەل- دى. زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە قاھار جېلىلنىڭ «ئەپۇ»، «مېھرىبان»، «تۇرمۇش قايىنىمىدا» قاتارلىق پوۋېستلىرى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «نۇزۇگۇم»، «ساۋاقداشلار»، «خاسىيەتلىك قار»، «سالام، ھېسام ئاكا» پوۋېستلىرى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» پو- ۋېستلىرى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قەھرىمان قىز — مەختۇمسۇلا»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئورىېتا»، «باھاردا ياغقان قار»، «رەڭدار قۇيۇن» قاتارلىق پوۋېستلىرى، مۇھەم- مەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا»، «يۈرەكتاغ» ناملىق پوۋېست- لىرى، ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «ئۇپۇقتا قېتىپ قالغان كۈن» پو- ۋېستى قاتارلىقلار بار. مانا بۇ پوۋېستلار كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ تۈرلۈكلۈكى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، يارانقان خاراكتېر- لارنىڭ مۇرەككەپ ھەم جانلىق بولۇشى بىلەن يېڭى دەۋردىكى

پوۋېست ئىجادىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىپ بەر-
دى. بۇ پوۋېستلارنىڭ بەزىلىرى يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئادەملەر-
نى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن
ئىشلەش روھىنى مەدھىيىلىدى. تۆرىچىلىكنى، بيۇروكراتلىق-
نى، ئىمتىيازغا يۆلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان قىلى-
مىشلارنى پاش قىلدى، تەنقىدلىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا،
يەرلەرنى كۆتۈرە ئالغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆز كۈچى ۋە
ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ بېيىش يولىنى ئىچىۋاتقانلىقىنى
مەدھىيىلىدى، مۇھەببەت، گۈزەللىك قاراشلىرىنى تولۇپ تاش-
قان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ كىشلەرنى گۈزەللىك قارى-
شى بىلەن تەربىيىلىدى.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يېڭى دەۋر پروزا ئىجادىيىتىمىز-
گە نەزەر سالىدىغان بولساق، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە،
دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ يېڭىچە روھىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بې-
رىشتە تۆھپە قوشۇۋاتقان بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلارمۇ بار.
بۇلاردىن غەيرەت ئاسىمنى ئالاھىدە كۆرسىتىش مۇمكىن.
غەيرەت ئاسىم قوش تىللىق يازغۇچى. ئۇ 70 ـ يىللاردىن
باشلاپ ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھېكايە ـ
پوۋېستلىرى خەنزۇچە «مىللىي يازغۇچىلار»، «مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى» ژۇرناللىرى ۋە باشقا خەنزۇچە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىن-
دى. ئۇنىڭ «ئويغانغانلار ۋە ئۇخلاۋاتقانلار» ناملىق ھېكايىسى
1981 ـ يىلى شائخەيدە چىقىدىغان «بىخ» ژۇرنىلىدا ئېلان
قىلىنغان ۋە شۇ ژۇرنالنىڭ «بىخ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.
غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىگە
باي. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پەلسەپىۋى مەزمۇنلار قويۇق ئىپادىلى-
نىدۇ. كىتابخانلارغا ئويلىنىش ۋە جۇشقۇنلۇق كەيپىياتى بې-
غىشلايدۇ. ئۇ ھازىرغىچە «پەرىدەم» قاتارلىق 30 پارچىدىن
كۆپ ھېكايە، «قىزىل ئاسمان»، «يىللار كۆزىنى ئېچىپ كې-

لىدۇ» قاتارلىق يەتتە پارچە پوۋېست، «يىغلىما ئىنسان»، «ئاخىرقى ئاقسۆڭەك» قاتارلىق ئىككى پارچە رومان يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «قىزىل ئاسمان»، «ئالتۇن كان» ناملىق ئىككى پارچە پوۋېستلار توپلىمى خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە بۈگۈنكى دەۋردىكى ياشلارنىڭ جۇشقۇن ۋە دادىللىق بىلەن ئالغا باسىدىغان روھىنى گەۋدىلەندۈ-رۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. بىز غەيرەت ئاسىمىنىڭ ئىجادى-يىتىدىن قانداق ياشاش، ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش، تەق-دىر ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلىش ... دېگەندەك تەرەپلەردىن كۆپلىگەن پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەرگە ئىگە بولىمىز.

ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇتۇقلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئاخبارات ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنى-دۇ. ئاخبارات ئەدەبىياتى بۇ دەۋردە يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريا-نىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر تۆھپىكارلار، باي بولغان دېھقانلار ئاۋۋال بۇ ئەدەبىياتنىڭ يېزىش ئوبيېكتى بولدى. كې-يىن جەمئىيىتىمىزدە، ئۆز ئەتراپىمىزدا تىرىشىپ بىلىم ئىگى-لىۋاتقان، تۆھپە قوشۇۋاتقان قەيسەر روھقا ئىگە كىشىلەرمۇ بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە رېئال جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىلەرنى، تىپىكلىككە ئىگە شەخسلەرنى تەسىرلىك، جانلىق، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق بىلەن ئالغا بېسىش روھىغا ئىلھام بېرىشتە ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىياتىنىڭ رولى ئالاھىدە بولماقتا. مەسىلەن، ئەركىن روزىنىڭ ئادىل ھوشۇر ھەققىدە يازغان «پەلەك شاھى — ئادىل ھوشۇر» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات كىتابى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ۋاسكىتبول چول-پىنى» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات كىتابى قاتارلىقلار. بۇلاردىن

باشقا كىچىك ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلار ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرماقتا.

ئەدەبىي ئاخبارات ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىگە 80 ـ يىللار-نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ژانىرنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز. كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. ئەدەبىي ئاخبارات چىن، ھەقىقىي نەرسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى تۇرمۇشنىڭ ما-ھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلىدى.

3

ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى ھەم ئالغا بېسىش، ھەم بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە-چە يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى پروزا ئىجادىيىتىمىزنى ئەلۋەتتە ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىن، ھەرقانداق بىر باسقۇچتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، دەپ قارايمىز. چۈنكى، «بۈگۈن-كى پروزىمىز 50 ـ، 60 ـ، 70 ـ يىللاردىكى پروزىمىزدىن تېما، ئىدىيىۋىلىك، پېرسوناژلار ئوبرازى، قۇرۇلما، ئىپادى-لەش ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەرنى بىر خىللىق بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ، ئاددىيلىق بى-لەن مۇرەككەپلىكنىڭ پەرقى دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.»[①]

پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە 11 ـ نۆۋەت-لىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا تېز بولدى. 1949 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان 17

---

① ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتاب 77 ـ بەت.

يىلدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 200 دىن كۆپرەك ئىدى. ئون يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئازلىسا ئازلىدىكى كۆپەيمىدى. 1978 - يىلىدىن كېيىن كۆپىيىپ 300 ئەتراپىدا بولدى. ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومان 100 پارچىغا، پوۋېست 500 پارچىغا يەتتى. 100 پارچىدىن ئوشۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەر مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ زور نەتىجىلەر تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى يارىتىپ بەرگەن يېپيېڭى ۋەزىيەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەدىبلىرىمىز ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى پروزا ئىجادىيىتىمىز تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. 21 - ئەسىر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىمۇ زور ياخشى شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ داۋاملىق ئالغا باسىدىغان بولسا، ئۇيغۇر پروزىسى تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

## § 3 . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا باھا

رۇس شائىرى پۇشكىن ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ماقالىسىدە «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ

گۈزەللىكنى ۋە يېتەرسىزلىكنى ئېچىپ بېرىدىغان پەندۇر»
دېگەنىدى. پۇشكىننىڭ بۇ سۆزى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى
ۋە ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئىخچام چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش-
لا، ئېنىق خاھىشچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد كونكرېت ئەدە-
بىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي سەنئىتى تەرەپلى-
رىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە باھا بېرىدىغان، يەكۈنلەيدىغان بىر
خىل ئىلمىي پائالىيەت بولغىنى ئۈچۈن تەنقىدچىنىڭ ئىلمىي
مۇلاھىزىسىدە ھامان ئۆزىنىڭ پەلسەپە، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان
پەن. ئۇ بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى
سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت-
نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كونكرېت
ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەھلىل - تەنقىدنى قانات يايدۇ-
رۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش
پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆلچەم جەھەتتىن ئىدىيىۋى ئۆلچەم
ۋە بەدىئىي ئۆلچەمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئاساسىي ئۆلچەم
قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختالغاندا،
مۇنداق تۆت تەرەپنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، زوقلىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئوبرازدىن چوڭقۇر
تەسىرلىنىش. مانا بۇ ھەرقانداق تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ
بېرىلىشىدىكى بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئوب-
رازنى تەھلىل قىلىپ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىنى ئىگىلەش.
بۇمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى مۇھىم بولغان يەنە بىر ئۇسۇل-

دۇر. ئۈچىنچى، سىلىشتۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش. بۇ ئۇسۇل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يېقىندىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تېز ئومۇملىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇنۇملۇك رول ئوينىماقتا. تۆتىنچى، يازغۇچىغا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە باھا بېرىش، خۇلاسە چىقىرىش. شۇ ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان تۆھپىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلىنىشىغا كەلسەك، ئۇ ئاساسەن ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇ 50 يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەجرىبە — ساۋاقلارنى توپلاپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پىشىپ يېتىلگەن بىر تەنقىدچىلىككە ئايلاندى. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تارىخى خۇددى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تارىخىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لېكىن، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنى ئۇلۇغ ئەدىب ۋە پەيلاسوپ فارابى (870 — 950) يازغان «يېزىق سەنئىتى ھەققىدە» ، «شېئىر ۋە قاپىيە ھەققىدە» دېگەن كىتابلاردۇر. بۇ ئەسەرلەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت مىزانلىرى بىرقەدەر ياخشى شەرھلەنگەن. ئارىدىن يەنە نەچچە يۈز يىللار ئۆتۈپ ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە، نەۋائى (1441 — 1501) تەرىپىدىن خېلى مۇكەممەل ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كۆزقاراشلىرى ۋە ئۆلچەملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەر «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر يىغىلىشى») يېزىلدى. بۇ ئەسەردە فارابى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ۋە مىزانلار يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن كونكرېت مىساللارنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە بەزى شائىرلارنىڭ شې-

ئىرلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

دېمەك، فارابى ۋە ئەلىشىر نەۋائىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي قاراشلىرى پەقەت فارابى ۋە نەۋائىلارغىلا خاس بولغان ئىلمىي قاراشلار بولماستىن، بەلكى فارابى ۋە نەۋائىلار دەۋرى ھەم شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن داۋاملاشقان قاراشلارنىڭ فارابى ۋە نەۋائىلارنىڭ تەپەككۇر قاتلاملىرىدا ئەكس ئېتىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەسرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەر ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. بۇ يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ «سەنئەتكە مۇھەببەت»، «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» قاتارلىق تەنقىدچىلىك ماقالىلىرىنى يازدى، مۇشۇ ۋاقىتلاردا يەنە زۇنۇن قادىرى، نىمشېھىت قاتارلىقلارمۇ بىر قىسىم مۇھاكىمىلىك تەنقىد ماقالىلىرىنى يېزىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

1949 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئازاد بولدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئالغا بېسىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. 1951 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى (بۈگۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى) تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ھەقىقىي بىر مۇنبەرگە ئىگە بولدى. «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1952 ـ يىللىق سانلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن «ياخشى ئويلىنىپ يېزىش كېرەك»، «‹چىن دوستلۇق› ھېكايىسى توغرىسىدا»، «گۈلەندەم»، «نەجمىدىنگە خەت» قاتارلىق ئەدەبىي

تەنقىد ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. مانا بۇلار ئازادلىقتىن كې-
يىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ناما-
يەندىلىرى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىلەر دەسلەپكى ۋە يېڭى بول-
غاچقا، بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ،
ئەمما ئەدەبىي ئوبراز، بەدىئىي تىپ، ئەدەبىي چىنلىق قاتارلىق
مەسىلىلەردە ئاكتىۋئال پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەردى.

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «ئوڭچىللىققا قارشى
تۇرۇش»، «بۇرژۇئا يەرلىك مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش»
دېگەندەك سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ ئەدەبىيات - سەنئەت-
كە ئىنتايىن پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، ھەتتا
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى تېماتىك مەزمۇنلىرى-
نىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە ئەدەبىيات شوئارۋاز-
لىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، يالىڭاچلىق، تەقلىدچىلىك، قېلىپباز-
لىق ئىللەتلىرىگە پېتىپ قالدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بولسا
سەنئەت قانۇنىيەتلىرىدىن چەتنەپ ئەسەرلەرنى نوقۇل سىياسىي
نۇقتىدىن باھالايدىغان تەنقىدچىلىككە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا
ئەدەبىي تەنقىد يەنە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ ئەدىبلەرگە
يولسىزلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان، زەربە بېرىدىغان كالتەك-
كە ئايلىنىپمۇ قالدى. «تارىم» («شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئى-
تى» ژۇرنىلى 1957 - يىلى 8 - ساندىن باشلاپ «تارىم»
ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ 1858 - يىلى 8 - ساندا ئېلان
قىلىنغان «بىرنەچچە رىئاكسىئون شېئىرلار توغرىسىدا»، «تې-
يىپجان ئېلىيوفنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ھەققىدە» ناملىق
ماقالىلەر ۋە 1959 - يىلى 12 - ساندا ئېلان قىلىنغان
«تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ تۇگىمەس ناخشىسى ھەققىدە مۇنازىرە»
قاتارلىق ماقالىلەر ئەنە شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. بۇ ماقالىلەر
ئەسەرلەردىكى تەسۋىرلەنگەن نازۇك ئىچكى ھېسسىياتلارغا خالى-

غانچە قالپاق كىيدۈرۈپ، «بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ روھىي ھالىتى-
نى ئەكس ئەتتۈرگەنلىك» دەپ تەنقىد قىلدى. بۇ خىل ھالەت
1960 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشتى. 1960 - يىللار-
نىڭ كىرىشى بىلەن ۋەزىيەتتە بىرئاز ياخشىلىنىش بارلىققا كې-
لىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئالىزملىق خۇسۇسىيىتى ئەس-
لىگە كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن رېئال ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر بارلىققا كې-
لىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالغا بېسىشقا باشلىدى. ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكمۇ سىياسىي ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشلىرىدىن مەلۇم
دەرىجىدە قۇتۇلۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئۆلچەملىرىنى
قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. پەتتارجان مۇھەممەدنىڭ «تارىم»
ژۇرنىلىنىڭ 1963 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان
«‹ۋەتەن ھەققىدە غەزەل›، توغرىسىدا» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورى
بىلەن ئابدۇكېرىم راخمانىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
1963 - يىللىق 7 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹دەسلەپكى
مۇھەببەت›، ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى
تەسىراتىم» ناملىق ئوبزورلىرى ئاشۇنداق ئوبزورلاردۇر.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلىغىچە ئېلىمىزدە ئېلىپ
بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكىمىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخ-
شاشلا ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. 1978 -
يىلى چاقىرىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ
يېڭى باھارى باشلاندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئىلگىرىكى
تۇرلۇك توساقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ،
دادىل پىكىر قىلىشقا ئاتلاندى. كونكرېت ئەسەرلەرنى
تەھلىل - تەقرىز قىلغاندا، ئوبيېكتىپ رېئال چىنلىقنى ئاساس
قىلىدىغان بولدى. مانا بۇ يىللاردا مۇھەممەت پولات سەپىنىڭ

ئالدىدا ماڭدى. ئۇ ئىلمىيلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى»، «باھار غۇنچىلىرى توغرىسىدا»، «ساتىرامىزنىڭ ياخشىسى نەمۇنىسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىنىڭ تەرەققىياتى»، «شېئىرىيەتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» قاتارلىق بىر قاتار ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى بولغان ئوبزور ـ ماقالىلەرنى يازدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇكېرىم راخمان، مۇھەممەت زۇنۇن، ھېزىم قاسىم، ماخمۇتجان ئىسلام، قاۋسىلقان قامىجان قاتارلىق تەنقىدچىلەرمۇ شېئىرىيەت، ھېكايە ئىجادىيىتى، داستانچىلىق ئىجادىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى يېڭى بۆسۈشلەر ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، ئىجادىي پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان سەۋىيىلىك ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ ئېلان قىلدى. نەتىجىدە مۇشۇ بىر تۈركۈم ئوبزورچىلارنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىشى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ 80 ـ يىللاردىكى گۈللەنگەن ھەم جۇشقۇن بولغان مەنزىرىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭدەك يەنە كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك 90 ـ يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن زور كۆلەمدە گۈللەندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە يەنە بىر قىسىم يېڭى كۈچلەر قوشۇلدى. ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا مەتقۇربان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇۋەلى كېرىم، يالقۇن روزى، ئەكبەر قادىر، مامبەت تۇردى، ئەنۋەر ھوشۇر قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى نەزەرىيە جەھەتتىن بېيىتىش، قاراش جەھەتتىن يېڭىلاشقا كۈچ چىقاردى.

تۆۋەندە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە مەيدانغا كەلگەن ئەدە-

بىي ئۇبزور توپلاملىرى ئىچىدىكى بىرقەدەر ئەھمىيەتلىكلىرى
ئۈستىدە ئايرىم توختىلىپ ئۆتەيلى:
«ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىـ
ياتىدا پروزا» ئىقتىدارلىق ئەدەبىي ئۇبزورچىمىز مۇھەممەت
پولاتنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە بارلىققا
كەلتۈرگەن ئىككى مۇھىم ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. «ياخشىراق
يازايلى، قىسقىراي يازايلى» ناملىق ئۇبزورلار توپلىمى تەنقىدـ
چىنىڭ 1981 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنغان تۇنجى ئۇبزورلار توپلىمى ھەم شۇنىڭدەك بۈگۈنكى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىمۇ تۇنجى ئەسەردۇر. ئاپـ
تور بۇ توپلىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان
ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىق كۈچىنىڭ ئاجىز
بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن «ياخشىراق
يېزىش، يازغاندىمۇ قىسقىراق يېزىش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئا. پ چېخوفنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىدىن مىسال كەلـ
تۈرگەن. ئاپتور توپلامدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
پروزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يورۇتۇپ
بەرگەن، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىـ
رى بولغان پېشقەدەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭدىن
كېيىن ئەدەبىيات سېپىمىزگە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن كىـ
رىپ كەلگەن ئابلىمىت مەسئۇدى، ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم
تۇردى، ئەخەت تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ
ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن
مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مالىك كېۋىر، مەمـ
تىمىن ھوشۇر، قاھار جىلىل، ئەخەت ھاشىم، ماخمۇت مۇھەمـ
مەت، مەمتىمىن شىپە … قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭمۇ پروزىمىزـ
نىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان بەلگىلىك تۆھپىلىرى تىلغا ئېلىنغان
ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىي روھىغا ئىلھام بېرىلگەن.

ئاپتور پروزا ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، «سەنئەتنىڭ ئالىي تۈرى» بولغان پوئېزىيەمىزنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم ۋە تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەتجان سادىق، ئوسمانجان ساۋۇت، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ... قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» — تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق دادىل قەدىمىنىڭ مەھسۇلى. ئاپتور بۇ توپلامدا رېئالىزمنى ئۆزىگە ئىجادىيەت مېتودى قىلغان ئاساستا شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزا ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختىلىپ كەڭ ۋە ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئوبزورچى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رېئالىستىك پروزىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئومۇمىيلىقتىن كونكرېتلىققا قاراپ تەھلىل ئېلىپ بارغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. يازغۇچى - شائىرلىرىمىزمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ بۇ ساھەگە ئاۋاز قوشتى. بۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تار دائىرىدىن كەڭلىككە، ئازلىقتىن كۆپلۈككە، بىرقەدەر مۇكەممەل تەشكىللىك ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى بىرقەدەر كلاسسىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلىك رول ئوينىغان مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە خېلى مۇكەممەل ئىلمىي تەھلىل ۋە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، كىتابخانلارنى كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەنمۇ تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

«ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر» — ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، 40 نەچچە يىللىق ئىلمىي ئەمگەك تەجرىبىسىگە ئىگە ئەدىب ئابدۇ-كېرىم راخماننىڭ ئوبزورلار توپلىمىدۇر، توپلامدا ئاپتور ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈستىگە مەر-كەزلەشتۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى تىل، چىنلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. توپلامدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پوئېزىيە مۇلاھىزە قىلى-نىپ، پوئېزىيىمىزنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ئۈستىدە توختال-غان. توپلامدا يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلە «ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش» مەسىلى-سى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» — ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئىگە ئابلەت ئۆمەرنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئوبزورلار توپلىمىدۇر. توپلامنىڭ ماۋزۇسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» مەڭگۈ بىر ـ بىرىگە تەڭلىشەلمەيدىغان، «ۋە» ئارقىلىق ئايرى-لىپ ھەم بىرىكىپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا دىئالېكتىكىلىق مۇناسى-ۋەتتىكى ئىككى خىل كاتېگورىيە. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش، ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات-نىڭ تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەكلىكى، ناتۇرا-لىستىك ھالدا تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنى ئۆز پېتىچە ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى تىپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈش ئاساسىدا يۈكسەك بەدىئىي چىنلىقتا كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ — بۇلار ئاپتورنىڭ ئۆز مۇلاھىزىلىرىدە شەرھلىمەكچى ۋە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان تۈپ مەقسىتىدۇر.

ئابلەت ئۆمەرنىڭ «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» ناملىق ئوبزور-لار توپلىمىنىڭ يۇقىرىقى توپلاملاردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى

شۇكى، بۇ توپلامدا مۇلاھىزە كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە ئې-
لىپ بېرىلماي، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ساق-
لىنىۋاتقان ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چىنلىق، ئوب-
رازچانلىق، تىپ يارىتىش ۋە تېپىكلەشتۈرۈشكە ئوخشاش بىر
قاتار مەسىلىلەرنى نەزەرىيىۋى ئاساستا شەرھلىگەن. بۇنداق
شەرھلەشنىڭ ئۇنۇملۇك يېرى شۇكى، ئۇ كىتابخانىنىڭ ئەدەبى-
يات نەزەرىيىسى ۋە يېزىقچىلىق بىلىمى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى-
نىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز ئېڭىدا شۇ نەزەرىيە-
لەر بويىچە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولى-
دۇ.

«ئۈمىد» — ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ
1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىن-
غان ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى. بۇ توپلامدا بۈگۈنكى زامان
پروزىمىز ۋە پوئېزىيىمىزدىكى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇ-
تۇقلار مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ توپلامدا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان ئەدەبىي ئەسەردىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى يېزىش بىلەن
بىرگە، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ تەبىئىي يوسۇندا ئەقىلغا مۇۋاپىق
ھالدا يېشىلىش مەسىلىسى بىزنىڭچە ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر.
مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل
قىلىپ تۇرغان زىددىيەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەنە
شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەت، مەسىلىلەرنى ئەدەبىي ئەسەردە
توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەپچىل چارىسى-
نى كۆرسىتىپ، خەلقىمىزنى ئالغا يېتەكلەش خۇددى ئاپتور
ئېيتقاندەك نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئالدىغا
قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەدەبىي ئەسەردە تەس-
ۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە زىددىيەتلەر ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي
قىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى كېرەك. پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل
خاراكتېرلىرىمۇ ئەنە شۇ ۋەقەلىكلەر، ئۆتكۈر زىددىيەتلەر تەرەق-

قىياتى جەريانىدا ئىپادىلىنىپ تەبىئىي يوسۇندا ئىچىلىشى كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا ماركس، ئېنگېلسلارمۇ لاسساللىنىڭ ئىدېئالىستىك تراگېدىيە كۆزقارىشى بويىچە يېزىپ چىققان «فرانزفون زىجىنگېن» ناملىق درامىسىنى باھالىغاندا، «پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي خاھىشى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويغانىدى.

«ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر» — ئوبزورچى مۇھەممەت زۇنۇننىڭ 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان توپلىمىدۇر. بۇ توپلامدا قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسىنى مەركەز قىلىپ ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان. ئاپتور مۇلاھىزىلىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇھىم مەركىزىي مەسىلە بولغان ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە ئىلمىي ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوبراز يارىتىش مەسىلىسى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈشنىڭ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇقىرىقى توپلاملاردىن باشقا 90 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن نەشر قىلىنغان ئوبزورچى ھېزىم قاسىمنىڭ «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» توپلىمى، ياش ئوبزورچى كېرىمجان ئابدۇ-

رېمىنىڭ «يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى، ئابدوۋەلى كېرىمنىڭ «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەيىمىزدە بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئوبزورچى ھېزىم قاسىمنىڭ «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» ناملىق توپلىمىدا ئاساسلىقى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىلغار تەلەپلەر، توغرا پرىنسىپلار يەكۈنلەنگەن. بەزى يېتەرسىز تەرەپلەر دەل، ئېنىق كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن. ئاخبارات يېزىقچىلىقى بىزدە يېڭى شەكىل بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى پىكىر مۇلاھىزىلەر تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

ياش ئوبزورچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ «يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى» ناملىق توپلىمىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر يېڭى مۇلاھىزىلەرنى، يېڭىچە پىكىرلەرنى، يېڭىچە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى يېڭى تەرەققىياتقا باشلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى ئاساسلىقى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىزدىنىشلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان توپلام. توپلامنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەن چوڭ.

ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئازاد سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات كىتابى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى بىر مۇھىم نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب ھەم يازغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش، ھەم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى خۇلاسىلەش جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئىلمىي

قىممەتكە ئىگە كىتابتۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى-مىز يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا. ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ھازىرغىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەيىمىزدە 40 پارچىدىن كۆپرەك ئوبزورلار توپلىمى ۋە مەخ-سۇس تەتقىقات ئەسىرى نەشر قىلىنغان. بىز بۇ ئەدەبىي تەنقىد كىتابلىرىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-گىرى سۈرۈش رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەكمۇ، ئەمما سان جە-ھەتتىن ئازلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بۇنىڭ ئاساس-لىق سەۋەبى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئاز بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزچىللىق يېتەرسىز. بىرەر خىل ژانىرنى، بىرەر شائىر - يازغۇچىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان تەنقىدچى بىزدە تېخى مەيدانغا كەلگىنى يوق.

بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈيىدا بولغانىكەنمىز چوقۇم تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇ 50 يىللىق نەتىجىلىرى ئاساسىدا، يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسە-تىشىمىز، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا تەھلىل - تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. يازغۇچىلىرىمىز-نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، تەھلىل - تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ئىلمىي خۇلاسىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

# ئالتىنچى باب ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى

## 1§ . مۇھەممەت پۇلات ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

قابىلىيەتلىك ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات 1941 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق ئايدىڭكۆل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغان. 1959ـ يىلى شىنجاڭ 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، 1976 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان. 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ «تارىم» ژۇرنىلى ۋە «شىنجاڭ سەنئىتى»، «ئەدەبىي تەرجىملەر» قاتارلىق ژۇرناللاردا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسىدا كەسپىي تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر دەم ئېلىشتا.

مۇھەممەت پولات كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇ 1959 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «دوستلۇقتىن يالداما» ناملىق ھېكايىسى

بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ يەنە «ئانا»، «سۆھبەتتىن كېيىن» قاتارلىق بىرقەدەر ياخشى ھېكايىلەرنى يازغان بولسىمۇ، 1975 ـ يىللاردىن كېيىن دىققىتىنى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە قارىتىپ ئىزچىل ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە دائىر ماقالە ـ ئوبزورلىرىدىن جەمئىي 100 پارچىدىن ئارتۇقى ئېلان قىلىندى. 1981 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ بىرلەشمە ھېكايىلەر توپلىمى «چىن دوستلۇق» نەشر قىلىنغان. شۇ يىلى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مۇھەممەت پولاتنىڭ بۇلاردىن باشقا يەنە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» (1985 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «كىتابخانىلىق تەسىراتلىرى» (1987 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» (1991 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئەدەبىيات — چىنلىق، گۈزەللىك زېمىنى» (1998 ـ يىلى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» (1997 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئوبزور ـ ماقالىلەر توپلاملىرى بار.

مۇھەممەت پولات تەنقىدچىلىك سېپىدە باشلامچىلىق رول ئويناپ كەلدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە خەنزۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى نادىر تەنقىدىي ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىيا-

تى توغرىسىدا» ، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ، «ئەدەبىي ئوبزورلاردىن تاللانما» قاتارلىق سەككىز پارچە ئوبزورلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ، «تېيىپجان ئېلىيوف ئەسەرلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلارنى تۈزدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ ۋە 80 ـ يىللىرىدىكى سەۋىيەسى مۇھەممەت پولاتنىڭ تەنقىدچىلىك سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇسۇل، مېتود، ئۆلچەم ۋە كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋرلەردە مۇھەممەت پولاتنىڭ تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ مۇكەممەللەشكەن.

تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى بىر سىستېمىلىققا ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك پروزىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تەدرىجىي قانات يايدۇ. رېئالىستىك پروزىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، زۇنۇن قادىرى، ئابلىز نازىرى، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل ـ تەنقىد يۈرگۈزۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغاندىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىز رېئاللىقىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئۆتتۈۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزدىن ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلارنىڭ رومان ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدىمۇ تەنقىدىي ماقالىلەرنى يېزىپ، بۇ يازغۇچىلارنىڭ رېئالىستىك پروزىمىزنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىق قارىشىنى پرولې-

تارىيات يازغۇچىسى گوركىي ۋە رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى
بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچى-
لىك قاراشلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھىتىدىكى راۋاجلاندۇ-
رۇلۇشى دېيىش مۇمكىن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆكتەبىر ئىن-
قىلابىنىڭ غەلىبىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە پرولېتارى-
يات ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆزقارىشىنى، ئىدىيىسىنى ئاساسىي
ئورۇندا تۇرغۇزدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ھەقىقىي يوسۇندا خەلق
ئاممىسىغا يۈزلىنىپ، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېما قى-
لىشقا باشلىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە قويغان
تەلىپى شۇ بولدىكى، ئەدەبىياتتا خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇر-
مۇشى، ئىدىيىسى، ئارزۇ - ئۇمىدلىرى توغرىلىق، چىنلىق
بىلەن ئەكس ئېتەلىدىمۇ، يوق دېگەن مەسىلىلەرنى تەنقىدچىلىك
ئاۋۋال ئويلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ تەلەپ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە
باھا بېرىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىگە ئايلىنىش بىلەن بىرگە تەنقىد-
چىلىكنىڭمۇ مۇھىم بىر قارىشىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ خىل تەنقىد قارىشىنىڭ قوبۇل قىلى-
نىشى بىزنىڭ ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى
ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن زور رول ئوينىدى.
يازغۇچىلىرىمىز ئىجادىيەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشى-
نى، ئۇلارنىڭ يېڭى جەمئىيەتتىكى ئارزۇلىرىنى كۈيلەش ۋە
ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى
يازدى. زۇنۇن قادىرىنىڭ «چېنىقىش»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ
«تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، ئابلىز نازىرىنىڭ
«تۇگمەن»، قەييۇم تۇردىنىڭ «زەرەپشان بويىدا»، زوردۇن
سابىرنىڭ «كومبايىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق ئە-
سەرلەر جۈملىسىدىندۇر. تەنقىدچى مۇھەممەت پولات بۇ ئەسەر-
لەرگە رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چىقىش قىلىش
ئۆلچىمى بىلەن توغرا ھەم ئادىل باھا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادى-

يىتىنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشىگە زور ئىلھام بەردى.

مۇھەممەت پولات 90 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۆز تەنقىدچىلىكىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۈللىنىشكە باشلىغان رومان ئىجادىيىتى ئۈستىگە بۇرىدى. ئۇ ئىلگىرى «كۆرەشچان يىللار»، «ئاۋرال شاماللىرى» قاتارلىق رومانلار ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رومانلارنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى كەڭ ۋە تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەھلىل قىلغانىدى. 80 ـ يىللاردا «ئىز»، «ئىزدىنىش» رومانلىرى ئۈستىدە تەنقىدىي ماقالىلەرنى يازدى. ئۇ بۇ ماقالىلىرىدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا چوڭقۇرلاپ مىللىيلىك، پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇقتىلىق توختالدى. «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاددىي بىر دېھقان ئىنقىلابچىغا خاس ئامىللارنىڭ ياخشى يورۇتۇلغانلىقىنى بۇ رومانىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەپ خۇلاسىلىدى. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلانىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىك چىڭ تۇتۇلۇپ مۇلاھىزە قىلىنىپ، رومانچىلىقىمىزدا خاراكتېر يارىتىشتا بارلىققا كەلگەن بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئەدەبىيات مۇھىتىمىزدا 80 ـ يىللار ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىكنى قانداق قىلىپ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش مەسىلىسى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان يىللار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا پېرسوناژلار مىللەتكە ئەمەس، سىنىپىي ئورۇنغا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىشتەك بىر جەريان بېسىپ ئۆتۈلگەن بولغاچقا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يېقىنقى باسقۇچتىكى ئىجادىيەتلىرىدە بۇ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە بار ئىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي تۇرمۇشىمىزنى، مىللىي ئاڭنى ياخشى ئىپادىلەپ كىتابخانلارغا ئۆز مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي تەنقىدچى-

لىكىنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. مۇ-
ھەممەت پولات ئۆزىنىڭ 80 - يىللاردىكى تەنقىدچىلىكىدە ئاسا-
سەن مۇشۇنداق بىر تەلەپ ۋە ئېھتىياجنى چىقىش قىلدى.

مۇھەممەت پولاتنىڭ 90 - يىللاردا رومان ئىجادىيىتى
ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەنقىدلىرىدە بىر تەرەپتىن رومانلىرى-
مىزدا يورۇتۇلغان تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش
مەنزىرىلىرىنىڭ چىن ھەم يارقىنلىقى مۇلاھىزە قىلىنسا، يەنە
بىر تەرەپتىن تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي
دۇنياسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئېچىپ بېرىلگەنلىك مەسى-
لىسى مۇلاھىزە تېمىسى قىلىنىدى. بىز مۇھەممەت پولاتنىڭ
ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، سەمەت دوگايلى قاتارلىق
يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرى ئۈستىدە توختالغان تەنقىدىي ماقالى-
لىرىنى ئوقۇساق بۇ تەرەپنى روشەن ھېس قىلىمىز.

مۇھەممەت پولاتنىڭ تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ
تەنقىدچىلىكى. ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك كۆزقارىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكىدىكى ئاساسلىق تەنقىدچىلىك كۆزقارىشى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈپ مەقسىتى
ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىي تەنقىد جەڭگىۋار
بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەسپىي جۈرئەت ۋە ئىلمىي
پرىنسىپلىقتا ئەڭ كۆپ موھتاج بولىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەسەر-
لەرنى باھالاش، ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىشتىكى بەدى-
ئىي ئېستېتىك ئۆلچەملىرىگە ھەرقاچان سادىق بولۇپ، تۇر-
مۇشنى بوياپ كۆرسىتىدىغان ساختا سەنئەت بىلەن كىتابخانلار-
نىڭ ئېستېتىك زوقىنى بۇزىدىغان يارامسىز نەرسىلەرنى شەپقەت-
سىز پاش قىلىپ، ئىجادىيەتتە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى يۈزلى-
نىش، يېڭى ھادىسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ،
چىنلىق ۋە گۈزەللىك پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولغان، رېئاللىق-
نى ئىجادىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ھەرقانداق يېڭى ئەسەرنى،
ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، تۇرمۇشنىڭ باي ۋە مۇرەك-
كەپلىكىگە قاراپ يۈزلەنگەن ھەرقانداق تالانتلىق ئاپتورنى بايقاپ

ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان
تەسىرى ۋە ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنى-
شىگە ئەمەلىي تۆھپە قوشىدۇ». ①

قابىلىيەتلىك ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئۆز تەن-
قىدچىلىكىدە مانا بۇ قاراشلىرىغا ھەقىقىي سادىق بولدى. ئۇ
ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلمىي قىممىتى بار قاراشلارنى
قوللىدى، ئەكسىچە بولغانلىرىنى كەسكىن رەت قىلدى. ئەسەر-
لەر ھەققىدىكى تەنقىد ماقالىلىرىدە يېڭى، ئىجادىي ئەسەرلەرنى
ماختىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىنى
كۆرسىتىپ بەردى. رېئاللىقنى بوياپ كۆرسەتكەن، كىتابخانلار-
نىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمايدىغان ئەسەرلەرنى بولسا دەل ۋاق-
تىدا تەنقىد قىلىپ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى
كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ دىققىتىنى شۇ ئەسەردىكى ئامىللارغا
قاراتتىكى، ھەرگىزمۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ كىم بولۇشىدەك
ئامىللار بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە،
ئۆزىنىڭ شەخسىي سۇبيېكتىپ كۆزقارىشىنىمۇ، شۇنىڭدەك ئە-
دەبىي تەنقىدچىلىكتە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئوبيېكتىپ قا-
راش - پرىنسىپلارنىمۇ ئوخشاشلا ئېتىبارغا ئالدى. شۇنداق
بولغاچقا، مۇھەممەت پولاتنىڭ تەنقىدچىلىكى كەڭ كىتابخانلار-
نىڭ نەزەرىدە ئوبيېكتىپلىقى كۈچلۈك تەنقىد دەپ قارىلىپ ھەم
بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

## § 2 . ئابدۇكېرىم راخمان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان 1941 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ
قوغان يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1949 -

① مۇھەممەت پولات: «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» ناملىق كىتاب، 38 - بەت.

يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلـ. تېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىزچىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلـ. گەن.

ئابدۇكېرىم راخمان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىقتىدار. لىق تەتقىقاتچىدۇر. ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى 1962 ـ يىلىدىن باشلانغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نەزەرىيە. ۋى مەسىلىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ دادىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بولۇپمۇ ئەدەبىي چىنلىق ۋە ئەدەبىي تىل ھەققىدىكى بىرقەدەر ئىلمىي قاراشلىرى 70 ـ، 80 ـ يىللاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ھەقىقەتەن كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيـ. غۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئېتـ. نوگرافىيىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىق تەرەپلەردە كۆپلىگەن ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېتەكچىـ. لىك قىلىۋاتقان تەتقىقاتچى.

بىز ئۇنىڭ ئالدى بىلەن، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئابدۇكېرىم راخمان ئۆز تەتقىقاتىنى ئاۋۋال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلىدى. ئۇ بۇ خىلدىكى تەتقىقاتىدا دەسلەپ ئەدەـ. بىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە بىر قاتار

ئىلمىي قاراشلارنى شەرھلىدى. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭى-
لاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەش ھەم ياخشى بىر تەرەپ
قىلىش ھەققىدە تارىخىي ئەمەلىي مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئاپتورنىڭ بۇ قارىشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەش-
لىكى تۈپەيلىدىن ئىنكار قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى
قۇتقۇزۇپ قېلىشتا ئەينى دەۋردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينى-
دى. ئابدۇكېرىم راخمان يەنە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى»، «خەلق
داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلمىسى»، «ئۇيغۇر ئەلنەغ-
مە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققى-
دە» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان يىرىك ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان
قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
تەتقىقات ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇج-
مەل چۈشەنچىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بەردى. ئېغىز ئەدەبىياتى
ئوقۇتۇشى ئۈچۈن توغرا، ئىلمىي نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

ئابدۇكېرىم راخمان يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقى-
قاتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئوغۇزنامە»
ئېپوسى شۇنىڭدەك «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»
ساھەلىرىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى باشلامچى خاراكتېرگە
ئىگە. ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ھەققىدە شۇنى دېيىش مۇمكىن-
كى، ئۇ تەتقىقاتتا بايان قىلىشنى ئەمەس، چوڭقۇرلاپ ئىزدى-
نىشنى ئاساس قىلىدۇ. ماتېرىيال مەنبەسىنى ئاساس قىلىپ
ئەمەس، ئىلمىي قاراشنىڭ چوڭقۇر بولۇشىنى ئاساس قىلىپ
تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانىدىن
شامان دىنىغا نەزەر»، «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى شېئىر –
قوشاقلارنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى» دېگەن زور كۆلەملىك ماقا-
لىلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ماقالىلەر كلاسسىك ئەدە-
بىيات ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغانلى-
قىنى ھېس قىلىمىز. ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار
ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش، ئىلمىي خۇلاسىلەرنى چىقى-
رىش «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئوخشاش كلاسسىك ئەسەرلەر-
نى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بەلگىلەش خاراكتېرىگە
ئىگە بىر مەسىلە بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر بۇ مەسىلە چوڭقۇر
ئىلمىي تەتقىق قىلىنمىسا، ئۇ چاغدا كلاسسىك ئەسەرلەردە سۆز-
لەنگەن كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى بېكىتىش
قىيىن بولاتتى. ئابدۇكېرىم راخمان تەتقىقاتتا مانا شۇنداق مۇ-
ھىم ئەھمىيەتلىك تەرەپنى ئاۋۋال تۇتتى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبى-
لىك» ھەققىدە يازغان «قۇتادغۇبىلىك داستانى ۋە ئۇيغۇر فولك-
لورى» ، «قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە
ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيىتى» ، «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئاسترونومىيە-
لىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى»
قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ماقالىسى بار. ئۇ بۇ ماقالىلىرىدە
«قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ ئىدىيە-
سى، ئۆزىدىن كېيىنكى كۆرسەتكەن تەسىرى، مەزمۇن دائىرى-
سى، پەلسەپىۋى قىممىتى، بىلىش قىممىتى ... قاتارلىق تەرەپ-
لەردىن مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق مۇلا-
ھىزىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشىنى سىستېمى-
لاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر
مەدەنىيەت تارىخىنى بىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا ئۇچۇرلۇق
قىممىتىگە ئىگە بولدى.

ئابدۇكېرىم راخمان يېتىلگەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، فى-
لولوگىيە پەنلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پروفېسسورى بولۇپلا قالماس-
تىن، يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكىمۇ بىر پېشقان
تەنقىدچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 70 ـ يىللاردىلا «ئەدەبىياتنىڭ
بىرىنچى ئامىلى — تىل» ، «چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ

جېنى» ، «ئەدەبىي چىنلىق توغرىسىدا» قاتارلىق بىر قاتار نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى شەرھلىدى. ئۇ، تەنقىدچىلىكتە ھادىسە (ۋەقەلىك) لەرنىڭ چىن بولۇشىنى چىنلىق پرىنسىپى دەپ قارايدىغان قاراشقا قارشى تۇردى. ئۇ چىنلىقنى ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقى بىلەن ماھىيەتنىڭ (شەيئىلەرنىڭ، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئېقىمى) ئورگانىك بىرلىكى دېگەن قاراشنى شەرھلىدى. نەتىجىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىنىڭ توغرا تەدبىقلىنىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ 80 - يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ھېكايىسى، «سۇبھى» ناملىق پوۋېستلىرى ئۈستىدە تەنقىد ماقالىلىرىنى يازدى ۋە بۇ ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي چىنلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كونكرېت ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سۇبھى» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە يازغان تەنقىد ماقالىسى ئەينى دەۋردە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز بىلەن بىر قىسىم تەنقىدچىلىرىمىز كونا، قاتمال ئىجادىيەت قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئىجادىيەتتە مەيدانغا كەلگەن بەزى بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرگە قارا - قويۇق باھا بېرەتتى. ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى چىقىش قىلاتتى. «سۇبھى» پوۋېستىدا ئەسئەتنىڭ ئىكاھسىز بالا تېپىپ قويۇشىدەك قىلمىشىغا قارىتا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلار پەيدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم راخمان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىلى 1 - سانىدا «تىپىك پېرسوناژلار توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ناملىق ئوبزورىنى ئېلان قىلىپ بەزى قاتمال قاراشلارغا رەددىيە بەردى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇستەقىللىقى ۋە ئىجادىيلىقىنى تەكىتلىدى، تۇرمۇش چىنلىقى توغرىسىدىكى

قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئابدۇكېرىم راخمان پرولېتارىياتنىڭ رېئالىزملىق ئەدەبى-
يات نەزەرىيىسى پرىنسىپلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق
قىلىشقا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان ئەدەبىي تەنقىدچى. ئۇ
پرولېتارىياتنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى بولغان گوركىي ۋە بېلىنىس-
كىي قاتارلىقلارنىڭ «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، «بېلىنسكىي ما-
قالىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۆزىدە
ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى، ئۆلچىمى، مەقسىتى قاتارلىق
جەھەتلەردە تولۇق قاراش ۋە چۈشەنچە تۇرغۇزغان. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھاياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنى ئەدەبىي ئىجادى-
يەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە
باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىي ئەسەر-
نىڭ مەزمۇنىنى چىنلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا ئەھمىيەت
بەردى. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئىلھام بېغىشلايدى-
غان تەرەپلىرىنى تەھلىل قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشكە دىققەت قىل-
دى. ئەدەبىي تەنقىدكە ھەرگىزمۇ شەخسىي مۇددىئا ياكى شەخ-
سىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرۇۋالمىدى. ماركسىزملىق ئەدەبىيات -
سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇردى. ماۋزې-
دۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆز-
لەنگەن نۇتۇق» نىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى - تەنقىدىي
قاراشلىرىنىڭ ئاساسى قىلىشتا چىڭ تۇردى.

ئابدۇكېرىم راخمان ھازىرغىچە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقى-
قاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر-
لەرنى يازدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەدەبىياتقا دائىر مۇلا-
ھىزىلەر»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»،
«فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات» قاتارلىق ماقالىلەر — ئوبزورلار
توپلاملىرى بىلەن «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق
چوڭ تىپتىكى ئەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 3 § . قاۋسىلقان قاسىمجان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ھارماي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان قابىل تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرسى تەنقىدچى قاۋسىلقان قاسىمجاندۇر.

قاۋسىلقان قاسىمجان 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېرىدە تاماملاپ، 1959 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1980 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1980 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1992 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسىلقان قاسىمجان كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىدىكى ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە 1962 ـ يىلى «ئاق يول تىلەيمەن» ناملىق ئوبزورىنى يېزىپ «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئاجىز ھالدا تۇرۇۋاتقان ساھە — ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى تاللىدى.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 1980 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن رەسمىي باشلاندى. ئەمما، شۇنى دېيىش كېرەككى، قاۋسىلقان قامىجاننىڭ تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى مول ھەم كۆپ بولدى. ئۇ كۆپ يازدى، كۆپ ئىزدەندى.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىسى ئاساسەن كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد ـ تەھلىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر پروزىسىدا 80 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن يېڭى گۈللىنىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۆزگىچە پۇراقتا، ئۆزگىچە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولغان ھېكايە، شېئىر، پوۋېستلار ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا شۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە ئوبزور ـ ماقالىلەر يازدى. مەسىلەن، 1970 ـ يىللارنىڭ ئىچىدە يازغۇچى قەييۇم تۇردى «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە»، «قۇتلۇق يالداما»، «زەينەپخان ھەققىدە ھېكايە»، «ئايخاننىڭ يېڭى ھېكايىسى»، «قۇدرەت» قاتارلىق بىرمۇنچە ياخشى ھېكايىلەرنى يازدى. قاۋسىلقان قامىجان شۇ يىللاردا بىر ئەدەبىي تەنقىدچىگە خاس مەجبۇرىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ بىر قاتار ھېكايىلەر ھەققىدە ئوبزورلارنى يازدى. بۇ ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەسۋىرلىنىشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەييۇم تۇردى ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇ ئەسەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا دىققەت قىلىش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئەسەردە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلغان. بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرنى ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتى ۋە كۆيۈنۈش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

قاۋسىلقان قامىجان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى

گۈللىنىشىدە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقان تەنقىدچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنى بايقاش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە باھا بېرىشنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئەدەبىياتتىكى چىنلىق ۋە تەسىرچانلىق»، «ئەدەبىياتنىڭ رولى ھەققىدە»، «ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى» قاتارلىق نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر ھەم بەدىئىي قىممەتكە، ھەم تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇشى لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندىمۇ مانا شۇنداق قارىشىنى چىقىش قىلدى، كونكرېت ئەسەرلەرگە كىشىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە قانداق رول ئويناۋاتقانلىقىغا باھا بەرگەندە، ئوخشاشلا بۇ ئەسەرلەردە چاقناپ تۇرغان ئېستېتىك گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ قانچىلىك گەۋدىلەنگەنلىكىگىمۇ باھا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

قاۋسىلقان قامىجان ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىكىدە قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەھلىل ـ تەقرىز ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئۇنداق بولۇشى تەنقىدچى ئۆزىنىڭ تەنقىد قاراشلىرىنى ئەنە شۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا تېخىمۇ كونكرېتلىقىقا ئىگە قىلالىدى. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ئەسەردىن كۆتىدىغىنى، ئۇنىڭدىكى رېئال تۇرمۇش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلا ئەمەس، ئەكسىچە شۇ خىل رېئال تۇرمۇشنىڭ قانچىلىك چىنلىقتا، شۇ خىل ھېسسىياتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئەكس ئېتىۋاتقانلىقى مەسىلىسىدۇر. قاۋسىلقان قامىجان ئۆز تەھلىللىرىدە مانا بۇ تەرەپتىكى تەنقىدكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇ يۇقىرىقىدەك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل ـ تەقرىزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئە-

سەرلەرنىڭ مەزمۇنى، تىلى، خاراكتېر يارىتىشى، يېشىلىق يارىتىشى ... دېگەندەك تەرەپلەردىكى قاراشلىرىنى شەرھلىدى. بىز ئۇنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبرازلار» ناملىق ئوبزورىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئوبزوردا تەنقىدچى زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەخەت تۇردىنىڭ «مەھبۇس قىزى» ناملىق ھېكايىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بۇ ھېكايىلەردىكى ئاساسىي پېرسوناژلار بولغان تۇرغان لېۋىر بىلەن مەرۋانەملەرنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى تەھلىل قىلىنغان. بولۇپمۇ بۇ خاراكتېرلەرنىڭ يېتەرلىك ئېچىلىشىدا تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تاللىنىشى، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە بەدىئىي پىششىقلاپ ئىشلىنىشى ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقىنى ئالاھىدە تەھلىل قىلىدۇ.

قاۋسىلقان قامىجان بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىمىغان. شۇڭا، ئۇ ئۆز تەنقىدچىلىكىدە ئەدەبىيات پېشۋايىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم» قاتارلىق ھېكايە، دراممىلىرىنى، ل. مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن ئۈلگە ۋە ماياك بولالايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يىغىنچاقلاپ بەرگەن. تەنقىدچىنىڭ بۇ خىل نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبزورلىرىدىن «ماغدۇر كەتكەندە توغرىسىدا»، «غۇنچەم دراممىسى توغرىسىدا»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى ناملىق شېئىر توغرىسىدا» قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجان بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قوشۇنىمىز تېخى شەكىللەنمىگەن بىر دەۋردە تەنقىد-

چىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، تەنقىد ۋەزىپىسى جىددىي ھەم ئېغىر بولدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ئەمگەك قىلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت نەمۇنىلىرىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدسىز، باھاسىز قېلىشىغا قاراپ تۇرمىدى. ئەكسىچە، نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىمىزگە ئادىل ۋە ۋاقتىدا باھا بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەم تەرپلەشكە تېگىشلىك ئىلمىي ئەمگىكى شۇكى، ئۇ ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ھالدا ئىزدىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەدەبىي ھاياتى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تاللىدى. شۇ ۋەجدىن بىز قاۋسىلقان قامىجاننى تېيىپجانشۇناس دەپ تەرىپلىسەكمۇ بولىدۇ.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مەخسۇس ئىزدىنىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى بولغان «تېيىپجان ئېلىيوف تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي تەنقىدىي ئەسىرى 2000 ـ يىلى نەشر قىلىندى. تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ شېئىرىيەتنىڭ بىر پەللىسىنى ياراتقانلىقىدەك نەتىجىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ يېزىپ چىققان ئىككىنچى كىتابى — «ئىز ۋە ئۆلگە» يېقىندا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ «تېيىپجان ئېلىيوف» ناملىق ئۈچىنچى پارچە كىتابىمۇ نەشرىياتقا تاپشۇرۇلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجان يېقىنقى يىللاردا تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى يىغىپ جەمئىي ئون توم قىلىپ نەشرگە تەييارلاپ پۈتتۈردى.

2001 ـ يىلى بىرىنچى تومى بولغان «تېيىپجان ئېلىيوف داستانلىرى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

بىر تەنقىدچىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى يېزىشتىن مەلۇم بىر ئەدىبنى مەخسۇس تەتقىق ـ تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈشى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، شۇ تەنقىدچىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. قاۋسىلقان قامىجان بۈگۈنكى كۈندە تېيىپجان ئېلىيوف ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ھەم شۇنىڭدەك دەسلەپكى نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللەسىنى يارىتىشقا يۈرۈش قىلدى. بىز ئىشىنىمىزكى، قاۋسىلقان قامىجاننىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى كەلگۈسى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى ئۈچۈن قوشۇلغان ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قالىدۇ.

قابىلىيەتلىك ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ھازىرغىچە «ئىزدىنىش» (مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن بىرلىكتە يازغان. 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان). «ئۈمىد» (1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق»، «تېيىپجان ئېلىيوف تەتقىقاتى» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىد كىتابلىرى نەشر قىلىندى.

قاۋسىلقان قامىجان يەنە قازاق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئەدىب. ئۇنىڭ قازاق تىلىدا «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار»، «سۇلتان جانبولاتوف ۋە ‹ئىلجاۋ كۆنبىي›» قاتارلىق ئوبزورلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ قازاق تىلىدا تۈزۈپ چىققان «يېزىقچىلىق نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»، «ئەدەبىي يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر قازاق ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلىرى قازاق

ئەدەبىياتى دەرسلىكى قىلىنماقتا.

تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىدىن بىز 80 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى، جۈملىدىن زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، ئابدۇراخمان قاھار قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىش روھىنى كۆرۈپ ئالىمىز. ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئەمدىلەتىن راۋاجلىنىشقا باشلىغان ئاشۇ نازۇك مۇھىتىدا قانداق ئورۇن تۇتۇپ، قانداق روللارنى ئوينىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىمىز.

قاۋسىلقان قامىجان ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 4 § . ئازاد سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، تەنقىدچىسى ئازاد سۇلتان 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغاندىن كېيىن قۇمۇل ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1973 ـ يىلى ئۆزى ئوقۇغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1978 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1978 ـ يىلى ئىمتىھان بېرىپ تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1982 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان.

ئازاد سۇلتاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئاساسەن ئىستېتىكىلىق تارىخىي تەنقىد ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنى ئازاد سۇلتان كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل - تەقرىز ئېلىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنى بىر ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بەدىئىي (ئېستېتىك) نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەدەبىيلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېستېتىك نۇقتىدىن باھالايدۇ. ئاندىن شۇ ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتكەن مەلۇم تارىخىي شارائىت، مەلۇم دەۋر ئالاھىدىلىكى ... دېگەنلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشنى بىرلەشتۈرىدۇ. بىز ئازاد سۇلتاننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى ھەم ئۇنىڭ بەدىئىي شەكىل ئامىللىرىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەم يەنە شۇ ئەسەرنى ئەسەر بىلەن ئۇ مەيدانغا كەلگەن، ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تارىخىي شارائىتلارنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئازاد سۇلتان ھەم بەدىئىيلىككە ئېتىبار بېرىش، ھەم ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئېتىبار بېرىشتەك تەنقىدچىلىك قارىشىنى باشتىن - ئاخىر تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

ئازاد سۇلتان تەنقىدچىلىكتە ماركسىزملىق ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات قارىشى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قارىشى يارىتىش يولىدا ئىزدەندى. ئۇ بىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە، تارىخىي، ئىجتىمائىي مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلىنىشى يېتەرسىز بولسىمۇ، ئەمما شۇ ئەسەردە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەت يۇقىرى بولسا، بۇنداق ئەسەرنى نىسبىي ئارتۇقچىلىققا ئىگە، دەپ قارىدى. بىز ئازاد سۇلتاننىڭ يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەنقىدىي - تەقرىز ماقالىلىرىدىن

بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرىمىز.

رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي «بىر ئەسەر ئىستېتىكىلىق تەھلىلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا تارىخىي تەنقىد ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دەپ ئېيتقانىدى. ئازاد سۇلتان يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي، ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ تەھلىل ئېلىپ باردى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ۋەقەلىكنى تاللاش، خاراكتېر يارىتىش، تىل ئىشلىتىش جەريانلىرىغا سىڭدۈرگەن ئېستېتىك ئاڭلارنى قېزىشقا كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى تراگېدىيىلىك كەيپىياتنىڭ يارىتىلىش جەريانلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان بولسا، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايە ـ رومانلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، يۇكسەكلىك، قەيسەرلىك، جازىبىدارلىق خىسلەتلىرىنىڭ خاراكتېرلاردا قانداق ئەكس ئەتكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلدى.

ئازاد سۇلتاننى نەزەرىيىۋى بىلىمى يۇقىرى، دۇنياۋى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بار بولغان ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ قاراش لازىم. ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەرب ئەدەبىياتىدىكى مودېرنىزملىق ئەدەبىيات قاراشلىرى ۋە ئېقىملىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىغانىدى. كېيىن ئۇ غەرب ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد جەھەتتىكى بەزى ئىلغار قاراشلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ماھىيەت چىنلىقىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ئەسەر تەھلىل قىلىدىغان تەنقىدچىلىك قاراشلىرىمىزنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى. نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىنى بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى يارىتىش يولىدا

ئىزدەنگەن يىللار دەپ قارىساق، ئازاد سۇلتان شۇ خىل ئىزدەن-
گۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى گەرچە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئەدىب ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي تەن-قىدچىلىك پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە ئۆلچىمى ھەققىدە سىستېمى-لىق نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان. بىزنىڭ كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى ئۇلار يازغان ئەدەبىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئەگەر ئۇنداق بول-مايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇنچە مۇكەممەل، شۇنچە نادىر بولالايتتىمۇ؟ بەدىئىي سەۋىيىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنچە زور قىممەتكە ئىگە بولالايتتىمۇ؟ 15 - ئەسىرنىڭ بۈيۈك شائىرى ئەلىشىر نەۋائى يازغان تەرجىمە-ھال خاراكتېرلىك ئەسەر «مەجالىسۇن نەفائىس» ئۆز دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىگە قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق نۇقتىلىرىدىن باھالارنى بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا تەنقىدچى-لىك ھەققىدە مەخسۇس ئاتالغۇ ئىشلىتىلمىدى. 20 - ئەسىر-نىڭ كىرىشى بىلەن سوۋېت پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋا-سى ماكسىم گوركىينىڭ ئىككى توملۇق «ئەدەبىيات توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى بىلەن تونۇشتۇق. نەتىجىدە گوركىي ۋە بېلىنس-كىيلارنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى تەن-قىدچىلىكىمىز بارلىققا كەلدى. بۇ خىل تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ دائىرىسى تولىمۇ تار ئىدى. ئۇ پەقەت ئەدەبىي ئەسەرنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشتەك بىرلا يولغا مەركەزلەشكەنىدى. 80 - يىللار-نىڭ كىرىشى بىلەن، بىز دۇنياۋى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېڭى ئېقىم، يېڭى يۈزلىنىشلىرى بىلەن تونۇشتۇق! بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز دائىرە جەھەتتىن كېڭەيدى، نەزەرىيە - قاراش جەھەتتىن بېيىتىلدى، قوشۇن

جەھەتتىن مەخسۇسلاشتى.

تەنقىدچى ئازاد سۇلتاننىڭ ئەدەبىي تەنقىد نەتىجىلىرىنى تىلغا ئالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ يىرىك ئەسىرى «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق مەخسۇس تەھلىل - تەتقىقات كىتابىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاپتور بۇ كىتابىنى دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى پىلانى بويىچە 1994 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەتقىقاتقا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن.

تەنقىدچى بۇ كىتابىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى 50 يىللىق مۇساپىسىنى پروزا، پوئېزىيە ۋە دراماتورگىيە تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان. قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىش بىلەن كونكرېت يازغۇچى - شائىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن. بولۇپمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، ئاپتور ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئەدىبلەرگە ئىنتايىن ئادىل ھەم توغرا باھالارنى بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى ئورۇن تەرتىپىنىمۇ ئىنتايىن توغرا، جايىدا بەلگىلىگەن.

ئازاد سۇلتاننىڭ بۇ كىتابى بىزگە بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى شائىر - يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنى يېقىنقى زامان ۋە قەدىمكى زامان ئەدەبىيات تارىخلىرىمىز بىلەن باغلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى ئېقىننى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مانا بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى.

تەنقىدچى ئازاد سۇلتان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە تەشكىللاتچىلىق رولىنىمۇ ئوينىماقتا. ئۇ بەزى

دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تېمىلى-رىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئازاد سۇلتان ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئازاد سۇلتان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى باشلامچىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر بۈگۈن-كى زامان ئەدەبىياتى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى-نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. ئۇ يەنە تەنقىدچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق دەرسلىكنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

## 5 § . ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

تەنقىدچىلىك سېپىدە كۆرۈنەرلىك ئەمگەك سىڭدۇرۈپ كې-لىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1943 ـ يىلى سېنتەبىردە بورتالادا ئۇششاق قول ھۆنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇل-غان. باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىنى بورتالا، سۇيدۇڭ، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئالغان. 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلىغىچە كۆكتوقايدا ئېچىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كان تېخنىكومىدا ئو-قۇغان. 1961 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە كۆكتوقاي كان رايونىغا تەۋە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1979 ـ يىل-دىن 1982 ـ يىلىغىچە ئالتاي 3 ـ كان پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبى-يات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇ ھازىر مۇشۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىچىكىدىن باشلاپلا قىزىقاتتى. ئۇ 1958 - يىلى 15 ياش ۋاقتىدا «ئارزۇيۇم» ناملىق شېئىرنى ئېلان قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە رېئالىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ھەر خىل تېمىدىكى ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەسر، شېئىر، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، كىنو سىنارىيىسى قاتارلىقلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن رەسمىي شۇغۇللىنىشقا باشلىغان دەۋرى ئېلىمىزدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ 1978 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانىدا «‹تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ› نەزەرىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى» ناملىق ماقالىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تېما ئالدىن بەلگىلىنىشى كېرەك، دەپ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تېما تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغقانلىقىدەك، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى چۈشەپ قويغانلىقىدەك ماھىيىتىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلغان. بۇ ئارقىلىق يازغۇچىلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى چاكىنا قاراش - سەپسەتىلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بويىچە ئىجادىيەتكە كىرىشىشكە چاقىرىدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىنىپ چىققان قاراشلار ھېسابلىنىدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1981 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ

10 - سانىدا «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» ناملىق يىرىك ئەدەبىي ئوبزورنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ئوبزورىدا ئاشۇ يىللاردا كىشىلەر مۇلاھىزە قىلىشقا تېخى پېتىنالماي تۇرغان مىللىي ئالاھىدىلىك مەسىلىسىنى يۈرەكلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەدەبىياتنىڭ شەكىلدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە چەك قويۇپ، ھەممىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش شوئارى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. ئوبزورچى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا جان - دىلى بىلەن كۆيۈنگۈچى سۈپىتىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ بۇ تېما ھەققىدىكى ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ كۆرسىتىدىغان رولىنى تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچىلىرى يازغۇچىلىرىمىزغا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىجادىيىتى 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ناھايىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۇ 1984 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى 1 - سانىدا يەنە بىر ياخشى تەنقىد ماقالىسى «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى» نى ئېلان قىلىپ ئىجادىيەت جەريانى، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ يازغۇچى تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، تەسەۋۋۇرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنتايىن ئىجادىي ھەم ئەمەلىي ھالدا تەھلىل قىلىپ ئۆتتى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە بىر ئىزدەنگۈچى سۈپىتىدە كىرىپ كەلگەن. ئۇ قانداقتۇر ئىلگىرى توم - توم تەنقىدچىلىك كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئۆزىدە تەنقىدچىلىكنىڭ تەييار نەزەرىيىلىرىنى پىشۇرۇۋالغان، ئۆزلەشتۈرۈۋالغانمۇ ئەمەس. يول ماڭغانسېرى ئېچىلغاندەك، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك يولىمۇ ئىزدىنىش جەريانىدا ئېچىلىپ باردى. ئۇ 1985 - يىللارنىڭ

ئالدى ـ كەينىدە «تارىم» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟»، «ھېكايىدىكى ھېسسىيات»، «خاراكتېر چىنلىقىدىكى سېھرىي كۈچ»، «تەسۋىرلەش سەنئىتى ۋە بەدىئىي گۈزەللىك» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان تەسىرى بار ئوبزور ـ ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ يىللاردا ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن بولدى. ئۇ مۇلاھىزە ئۇقتىسى يېڭى، تەپەككۇرى ئۆزگىچە، ئۇسلۇبى بەدىئىي ئوبزورلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە بىر يېڭى قان قوشۇپ ئۇنىڭغا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى ناۋادا مەلۇم تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ئۇنى ھازىرقى دۇنيادىكى يېڭىلىنىۋاتقان ئەدەبىيات قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە تېخىمۇ مۇھىمى، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىي روھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىش مۇمكىن. ئۇ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» ناملىق ئوبزورىدا ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بېرىشتە مەلۇم بىر خىل تەنقىد قارىشىنى مۇتلەق ئەندىزە قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىلا ئەڭ بىرىنچى ئۆلچەم بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ مۇلاھىزىلىرىدە ئېستېتىكىلىق، پسىخولوگىيىلىك، ئېتىكالىق ئېلېمېنتلار ئىنتايىن قويۇق تۇس ئالغان. ئۇ مۇشۇنداق تەرەپلەردىن ئەسەرنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ناھايىتى ئەركىن، ناھايىتى جانلىق مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى ئەدەبىي ئەسەرلەردەكلا تەسىرچانلىققا ۋە جەلپكارلىققا ئىگە.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە يەنە يازغۇ-

چىلارنىڭ ئىجادىيەت قارىشى، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ۋە تۈر-مۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەھلىل - تەقرىز قىلىشمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

يازغۇچىشۇناسلىق ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت قارىشىنى ۋە ھايات پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىلا، شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مۇكەممەل چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ بىرگە تەقدىم قىلغان «يازغۇچى-لار بىلەن سۆھبەت» ناملىق كىتابى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات قارىشى ۋە ئەدەبىي ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن مۇپەسسەل تەمىنلەيدىغان ئەسەر. تەنقىدچىلىرىمىز شۇنىڭدەك كىتابخانلىرىمىز بۇ ئەسەر ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ ئەدەبىي مۇھىت بىلەن تونۇشۇپ چىقالايدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بەلگىلىك تەنقىد قىممىتىگە ئىگە بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىز-چىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىگە خاس مەسئۇلىيەتچان روھىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە. 1980 - يىللار-نىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «گۇڭگا شېئىر» لار ئوتتۇرىغا چىقىپ جەمئىيەتتە زور ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغانىدى. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بۇ بەس - مۇنازىرىگە قاتنىشىپ ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ مۇھاكىمىنى ئۇنۇملۇك قانات يايدۇردى. بەس - مۇنازى-رىلىرىنى تەنقىدچىلىك يولى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئەدەبىيات رېئاللىقىمىزدا تۆھپە سۈپىتىدە قېتىل-غان، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەس - مۇنازىرە قوزغىغان ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل - تەقرىزلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن مەلۇم ماھىيەتلىك قاراشلارنى خۇلاسىلەپ چىقتى. زوردۇن سابىرنىڭ «سۇبھى» ، «خىيال ۋە سايە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، ئەختەم

ئۆمەرنىڭ «زېمىن، قارا ئادەملەرنىڭگە» ناملىق ئەسەرلىرى
ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرىلەردە ئۇنىڭ بۇ جەھەت-
تىكى خاسلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز تەسى-
رات، چۈشەنچە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئەدەبىيات رېئاللى-
قىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان ئىجادچانلىقنى، ئەسەرلىرىمىزدىكى
ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتنى، بۇ قىممەتنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىمىزدا ياكى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىمىزدە تۇتىدىغان ئورنى-
نى، رولىنى، تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل ئەدەبىيات
تەتقىقاتى پائالىيىتىگە ئايلانماقتا. چۈنكى، بىزدىمۇ ھازىر يۇقى-
رى بەدىئىي ماھارەتلەر بىلەن يېزىلغان، كۆپ قاتلاملىق قىم-
مەتكە ئىگە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان، ئەمما ئادەتتىكى كىتابخانلىق سەۋىيىسى بىلەن قىم-
مىتىنى ھېس قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر
رومان، پوۋېست، شېئىر، ھېكايىلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. بۇ
ئەسەرلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پەقەت چوڭقۇر مۇلاھىزە -
تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىقلا يېتىش
مۇمكىن. ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا
چۈشەمدۇ؟»، «شېئىر مەزمۇنى ۋە ئۇنى ئىپادىلەش سەنئىتى»
دېگەندەك بىرمۇنچە تەنقىد ماقالىلىرىنى رېئال ئەدەبىيات مەسى-
لىلىرىمىز ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى
تەتقىقات دېيىش مۇمكىن. ئۇ ماقالىلىرىدە ئەدەبىياتىمىزدىكى
ئىجادچانلىق روھىنى، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنى چوڭقۇر تەت-
قىق قىلىپ، ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ يەنە بىر پەللىگە قاراپ
ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بەردى. بىزنىڭچە، مانا شۇنداق تەنقىدچى-
لىكلا ھەقىقىي مەنىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ،
گۈللەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىزنىڭ ئەسلىدىن تەكىتلەپ

كىلىشۋاتقان «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك راۋاجلانمىسا، ئەدەبىي ئىجا-دىيەت گۈللىنەلمەيدۇ»، «ئەدەبىي تەنقىدچى يازغۇچىنىڭ ئۇس-تازى»، «ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىي ئەسەر بىلەن كىتابخاننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك» دېگەندەك قاراشلىرىمىزدىمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىر خىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتىگە ئايلانغانلىقىدەك يۇقىرى پەللىسى نەزەردە تۇتۇلغان.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى، تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدىكى رولى ۋە زۆرۈرلۈكى مەسىلىسىدە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ «نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى جانلاندۇرايلى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىي مۇھاكىمىدىن ئايرىلالمايدۇ»، «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتى»، «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزە» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان پوبلىستىك ماقالىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئەھمىيىتىنى، ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

تىرىشچان ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى» (1988 - يىلى)، «ئەدەب، ئەسەر ۋە باھا» (1993 - يىلى)، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» (2000 - يىلى) قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزور - ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ۋاپادارىم، مېنى كەچۈرگىن» ناملىق نەسرلەر توپلىمى بىلەن يۈز پارچىدىن ئوشۇق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

## § 6 . ئابدۇۋەلى كېرىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىم 1939 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ تەمتى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىن (بۈگۈنكى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) نى پۈتتۈرۈپ ئۆز ئانا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.

ئابدۇۋەلى كېرىم تەنقىدچىلىك سېپىگە گەرچە 80 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلمىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئەدەبىي ئوبزورلارنى يېزىپ كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىسىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن. بىرى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان باھا ۋە تەنقىدلەر. يەنە بىرى، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزە ـ تەھلىللەر.

بىز بۇ يەردە ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە قاراشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى.

### بىرىنچى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى

تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىم بىر تىرىشچان ئىزدەنگۈچى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ھەمىشە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ئەھمىيەتلىك، مۇھىم دەپ قارىلىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشنى مەقسەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىللەر توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي تەتقىقاتى شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا ئېلىپ

بارغان چوڭ ئەمگەكلىرىنىڭ بىرسى. تەتقىقاتچى بۇ ماقالىسىنى 1985 - يىلى يېزىپ ئېلان قىلغان.

ئابدۇۋەلى كېرىم بۇ ماقالىسىدە، بىرىنچى، شېئىرىيەتتە قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلار بىلەن بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى يېڭى قاراش ۋە يېڭى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە چاچما شېئىر شەكلىنىڭ چەت ئەل شېئىرىيىتىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى، شېئىرىيىتىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىل ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ دەلىللەپ چىقتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قەدىمكى دەۋرلەردە باش قاپىيىلىك شېئىر شەكلى دەيدىغان بىر خىل شەكىلنىڭ بولغانلىقىدەك يېڭى تەتقىقاتىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. .

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نەزەرىيىۋى ساھەسىدە ئىلگىرىكى تار، قاتمال قاراشلار بۇزۇپ تاشلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشكەن تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىم ئەڭ ئاۋۋال ئۆز تەتقىقاتىنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق نەزەرىيىۋى تېمىلىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىشتىن باشلىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نۇرغۇن - نۇرغۇن كۆزقاراشلار نەزەرىيە جەھەتتىن تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغانىدى. شېئىرىيەتتىكى بارماق ۋەزنى شەكلى بىلەن ئارۇز ۋەزنى شەكلىنى بىر - بىرىدىن ئايرىمايدىغان، ئارۇز ۋەزنى شەكلى ئۇيغۇر

شېئىرىيىتىدە زادى قاچان مەيدانغا كەلگەن، دېگەندەك نەزەرىيە-
ۋى تالاش - تارتىشلار شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى.

ئابدۇۋەلى كېرىم كۆز ئالدىدىكى بۇ تەتقىقات تېمىلىرىغا جىددىيلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، چوڭقۇر تەھلىل - تەتقىق قىلىشلار نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ يېڭى ھەم پاكىتلىق كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دەسلەپ بارماق ۋەزنى شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قەدىمدىن بار بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىي شەكىل ئىكەنلىكىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئوۋچىلىق قوشاقلىرى» قاتارلىق قوشاقلاردىن ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مەي-دانغا كەلگەن تۈرلۈك خەلق قوشاقلىرىدىن ئەتراپلىق مىسال ھەم پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ دادىل ئىزدىنىشى ئەينى ۋاقىتلاردا كەڭ كەسىپداشلار ئارىسىدا كۈچ-لۈك ئىنكاس قوزغىدى. بولۇپمۇ بارماق ۋەزنىلىك شېئىر شەك-لىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىمىزنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئۈرنەكلىرىگە تولۇق ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەدبىقلاپ چىقالىغانلىقىدەك ئىلمىي ئەمگىكى كۆپچىلىكنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى كېرىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگەنگەن، بۇ ھەقتىمۇ مول بىلىمگە ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشىنى خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن دەلىل-لەش بىلەن بىرگە، كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «قۇتادغۇ-بىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەردى-كى شېئىرىي شەكىللەرگىمۇ تەدبىقلاپ چىقتى ۋە ئۆز كۆزقارى-شىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلدى.

ئابدۇۋەلى كېرىم شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنى شەكلى قاچان قوللىنىلغان دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ «ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۆزلەشكىنىگە مىڭ يىللارچە ۋاقىت بول-

ـدى» دەپ قارىدى.

بۇنىڭدا تەتقىقاتچى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەتقىقاتنى ئوتتۇرىغا قويغان:

بىرىنچى، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ھەرقانداق بىر دەۋردىكى ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي يادىكارلىقتىن ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، ھەتتا 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بۇددا، مانىزىم مۇھىتىدىكى يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ بۇ خىل شېئىر شەكلىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتلارنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىدە، مەدرىسە مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىپ چىقىپ شائىر بولغانلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ بارلىقى ھەتتا كۆپلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، لېكىن شۇ خىل شائىرلار بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان مەدرىسە مائارىپىدىكى ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان خەلق قوشاقچىلىرىدىن بولغان نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، مايىمخان، گۇلەمخان ··· قاتارلىقلارنىڭ قوشاقلىرى بولسا پۈتۈنلەي خەلقنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدا بارماق ۋەزنىدە توقۇلغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ.

تەتقىقاتچى مانا مۇشۇنداق روشەن پەرقلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر شەكلىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ كەڭرى تارقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك پايدىلىق شارائىت ئاستىدا ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىدىن ئۆزلىشىپ كىرگەن» دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ.

ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ مۇشۇ يىللاردا ئېلىپ بارغان يەنە بىر تەتقىقاتى چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل ئىكەنلىكىنى

يورۇتۇپ بېرىش بولدى.
بۇنىڭدىن بۇرۇن نەزەرىيە ساھەسىدە «چاچما شېئىر ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىگە شائىر ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ رۇس شېئىرىيىتى-
دىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە كىرىپ ئۆزلەشكەن»
دەيدىغان قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى، ھەتتا
بۇنداق قاراش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرس-
لىكىگىمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى.
ئابدۇكېرىم بۇ خىل قاراشقا قارىتا ئۆزىدە ئوخشىمايدىغان
كۆزقاراش بولغاچقا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېپىك تەركىبلەردىن «چۆن - چۆن سالا-
ۋات» ، «سالنامە» قاتارلىق خەلق بېيىتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاش تۈرلۈك خەلق ئويۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان بېيىتلارنى تەھ-
لىل قىلىپ، قەدىمكى چاچما شېئىر شەكىللىرىنىڭ ئېسىل
ئۈلگىلىرىنى تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا كلاسسىك ئەسەر-
لەردىن چاچما شېئىر شەكلىگە ياتىدىغان شېئىرلارنى تەھلىل -
تەتقىق قىلىپ، ئاخىرىدا چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شېئى-
رىيىتىدە قەدىمدىن بار بولغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل ئى-
كەنلىكىنى، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىش قىزغىنلىقى ئەۋج
ئالغان زامانلاردا بۇ خىل شېئىر شەكلىنىڭ تەرەققىياتى تەسىرى-
گە ئۇچراپ قوللىنىشتىن قېلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى
ھەم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك،
بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي تۈزەتتى.
ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا يەنە شەكىل
قوغلىشىش، تېما تەكرارلىقى، مەزمۇن تەكرارلىقىنى تەنقىد-
لەش مەزمۇن قىلىنغان بىرمۇنچە ئىلمىي ئەسەرلىرى بار. ئۇ-
نىڭ بۇ ئىلمىي تەنقىدىي ماقالىلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان شەكىل جەھەتتە
يېڭىلىق يارىتىش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە، شۇنداقلا شائىر-

لىرىمىزنىڭ يېڭى ھەم ھەر خىل شەكىللەر ئۈستىدىكى ئىزدە-نىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ياخشى نەزەرىيىۋى ئاساس بو-لۇشتەك رولىنى ئوينىدى. تەتقىقاتچىنىڭ پاكىتلىق ۋە ئىلمىي بولغان قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەزەرد-يىسىگە بىر يېڭى قان قوشتى!

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئابدۇۋەلى كېرىم نەزەرىيىۋى مە-سىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە، تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقتىدا، ھەرگىزمۇ مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى قېزىپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ھەربىر تە-رەققىيات باسقۇچلىرىدىكى كونكرېت ئېپادىلىرى، تەرەققىيات جەريانلىرى ئۈستىدىمۇ ئەمەلىي ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. باش-قىلارنى قايىل قىلىدىغان يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. بىزنىڭ-چە بۇ ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل - مۇلاھىزە قىلىشتىكى تېپىك تەپەككۇر يولى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدىكى مۇلا-ھىزە - باھالىرى

تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىم يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجە-لىرى ئۈستىدىمۇ ئىلمىي تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تىپىكلەشتۇرۇش، ئىندىۋىدۇئال-لىق، شەكىل قاتارلىق تەرەپلەردىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ 1984 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 10 - سانىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش يولىدا» ناملىق ماقالىسىدە زوردۇن سابىرنىڭ «سۇبھى» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ «خاراكتېر ياراتقاندا تىپىك ۋە جانلىق يارىتىش»، «يازغۇچى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەندە تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان ۋە دۇچ كېلىش ئېھتىما-لى بولغان زىددىيەت - توقۇنۇشلاردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمەس-لىك، چىن تەسىرلىك تۇرمۇش تەپسىلاتى يارىتىش» مەسىلىلە-

رىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ئەسەر يېزىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە 1985 - يىلى «يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى يازدى. چوڭ ھەجىملىق بۇ ماقالىدە تەنقىدچى 80 - يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «ئىز»، «ئىزدىنىش»، «كۇرەشچان يىللار»، «قاينام ئۆركىشى»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئۆچمەس ئىزلار» قاتارلىق رومانلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ، ھەربىر رومانىنىڭ خاراكتېر يارىتىش، ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەسۋىرلەش، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن يېڭىلىقلىرىنى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن، شۇنىڭدەك بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەرىيىۋى يۇكسەكلىكتە ئومۇملاشتۇرۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، خۇلاسىلەپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىگە ئايلاندۇرغان. بۇ ماقالە بىزنىڭ ئاشۇ بىر قاتار رومانلىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز، بىلىشىمىزدە ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

ئابدۇۋەلى كېرىم شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىر - داستانلىرى ھەققىدە «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، بۇ پېشقەدەم شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە يارىتقان خاسلىقلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە «ئىلھام ۋە ماھارەت» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، بۇ شائىرنىڭ ئىجادىيىتىكى تەسۋىرلەش ماھارىتىنى تەھلىل قىلدى. ئۇ يەنە يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان بىر قاتار ھېكايىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى.

تەنقىدچى ئابدۇۋەلى كېرىم تەنقىدچىلىكىمىز ساھەسىدە

كىتابخانىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىن زوقلىنىش سەۋىيە-
سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەقىقىي رولى بار بولغان بىرقاتار
تەنقىدىي ماقالىلەرنى يېزىپ كەلدى. ئۇنىڭ 1996 - يىلى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» نام-
لىق ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

## 7 § . كېرىمجان ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى

كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئەدەبىي تەنقىدچى كېرىمجان ئابدۇ-
رېھىم 1965 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى-
نىڭ تاشمىلىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەل-
گەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ،
1981 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ 1986 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ،
ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ
ھازىرغىچە بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم 1985 - يىلى يازغان «تاھىر -
زۆھرە داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» ناملىق
ماقالىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك سېپىگە كىرىپ كەلگەن.
ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى،
نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى ۋە غەرب بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى
تۈرلۈك ئېقىملار ... قاتارلىق تەرەپلەر بويىچە دادىل ئىزدىنىپ،
كۆپلىگەن ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم ھازىر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى. شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات

جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇكەممەل نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى يارىتىشقا ھەم بۇ سىستېما ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بىر مۇنەۋۋەر ھەم مەسئۇلىيەتچان ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر.

كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسۇلى ۋە تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرىدىن خەۋىرى بار كىتابخانلارغا ئايانكى، كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئەڭ ئاۋۋال بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىلغار ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىيالىدى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ مۇددىئاسى، ئورنى، ۋەزىپىسى، خاراكتېرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ... دېگەندەك ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردە يېڭى - يېڭى مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى ئىلمىيلىقتا، چەڭگىۋارلىقتا يېتەكلەشتە زور كۈچ قوشۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندە، بىزدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەيدىغان قاراشلار تۈزىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەدەبىي تەنقىدنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىدىغان، شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۆلىنى مۇستەھكەملەشكىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەدەبىياتنى تەتقىقاتسىز قالدۇرماسلىقنى تۈپ ۋەزىپە قىلغان بىر مۇستەقىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى دەپ تونۇيدىغان قاراشلار دەسسىتىلدى. تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىمىز ئىلگىرىكى مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتەك پائالىيەت جەريانىدىن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدىكى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى ئاسا-

سي تەتقىقات نىشانى قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

«يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى» — كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ 1993 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى توپلىمى. بۇ كىتابتىكى ماقالە - مۇلاھىزىلەر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك: بىرىنچى، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى تەتقىق قىلىشقا مەنسۇپ ماقالىلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى، ئۆلچىمى، شەكىللىرى، مەزمۇنى، مەقسىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىلمىي، ئىلغار چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئىككىنچى، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ھادىسىلىرىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا مەنسۇپ ماقالىلەر بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى بىلەن «ئايخان» قاتارلىق ھېكايىلەرنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئىجادچانلىقى، قاتلاملىرى ۋە بۇ ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي دۇنيانى بۈگۈنكى زاماندىكى يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا تەھلىل - تەتقىق قىلىپ، بىزگە پۈتكۈل ئەدەبىيات گەۋدىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان مۇۋەپپەقىيەت ۋە يېڭىلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ۋە تۈرلۈك ئىجادىيەت ئېقىملىرىنى بىزگە تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ماقالىلەردىن ئىبارەت.

كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ زور تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى رەڭدار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بىلەن بۇنچە پىششىق تونۇشالمىغان بولاتتى. كېرىمجان ئۆزى ئۆگىنىپ ۋە ئىجادىي ئۆزلەشتۈ-

رولىلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغا ئۆگەتكۈچى، ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىغا ئېلىپ كىرگۈچى بولۇشتەك رول ئوينىدى. ئۇ ئەدەبىياتى-
مىزدا 80 ـ ۋە 90 ـ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن قاينام ـ
تاشقىنلىق ئەدەبىيات مۇھىتى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي تىرىش-
چانلىق كۆرسەتتى.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم گەرچە ياش، ئەدەبىي تەنقىد بىلەن
شۇغۇللانغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە خاس ئەدەبىي
تەنقىد كۆزقارىشى شەكىللەندۈرگەن تەنقىدچى ھېسابلىنىدۇ.
بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەدەبىيات قارى-
شىغا ئىگە بولۇشى قانچىكى مۇھىم بولسا، بىر تەنقىدچى ئۈچۈن-
مۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەنقىد قارىشىغا ئىگە بولۇشى ئوخشاشلا
ئىنتايىن مۇھىم. تەنقىدچىلىك قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ئەل-
ۋەتتە تەنقىدچىنىڭ مول نەزەرىيىۋى بىلىمى بىلەن تەتقىقات
سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. تەنقىدچى مۇشۇ ئىككى تەرەپتىكى
ئامىلغا تايىنىپ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى شەرھلەش جەريانىدا مەلۇم
ئىلمىي ۋە ئاكتىپ بولغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ياكى
ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭدەك بۇ قارىشىنى ئۆزىنىڭ تەنقىد ـ تەھلى-
لىدە چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. تەنقىدچى ئوتتۇرىغا قويغان
تەنقىد قارىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر مىللەتنىڭ، ھەتتا بىر
دەۋرنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قوشۇلغان
تۆھپە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى «نوقۇل
ھالدىكى تەييار ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيى-
تىگە تەدبىقلاش پائالىيىتى ئەمەس، ئۇ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى
ئاساسىدا ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنى ۋە ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرى-
نى خۇلاسىلەيدۇ، ئوتتۇرىغا قويىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە
«ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئارقىلىق خۇلاسىلىنىپ چىققان چۈشەن-
چىلەر يېڭىچە، ئاكتىپ ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى كې-

ـرەك» دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بىز كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يولىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى كۆرە-مىز. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەييار نەزەرىيىلەر بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ئىجادىي ھەم جانلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆز تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئەھمىيىتى بار بولغان چۈشەنچىلەرنى خۇلاسى-لەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتى.

مەسىلەن، بىز ئۇنىڭ «ئەدەبىي ئەسەردىكى شەكىل ئامىل-لىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىد»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ئورنى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى توغرىسىدا» دېگەن پوبلىستىك ماقالىرىدە يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي قاراشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممىتى بار قاراشلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا رامكا خاراكتېرىگە ئىگە.

كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەنقىدچىلىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىرسى — يازغۇچىلار ئۈستىدىكى تەنقىدتۇر. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۆز دىققىتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى يارىتىش يولىدا تىرىشىپ ئىجادىيەت قىلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزدىن مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل، نۇرمۇھەممەت توختى، توختى ئا-يۇپ، ئەخەت تۇردى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستى-دىكى تەنقىد - تەھلىلگە قارىتىپ، بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت-تىكى خاسلىقى ۋە يېڭىلىقلىرىنى يورۇتۇپ بەردى. بولۇپمۇ بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قى-لىپ، ئۇنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل

قىلدى. نەتىجىدە بۇ بىر تۈركۈم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ كىتابخانلار ئارىسىدا قىزىقىش قوزغىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

مەلۇم بىر يازغۇچى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ئىزدىنىدىغان تەنقىد بىزدە تېخى يوق ئىدى. كېرىمجان ئابدۇرېھىم مانا مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا تىرىشىپ «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە»، «ئەھمەت زىيائى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى ۋە بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن بىر ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. بۇ ئەسەرلەردە شۇ يازغۇچىلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يازغان ئەسەرلىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل تەھلىل - تەتقىق قىلىنغان، ئۇلارغا ئادىل، توغرا ھەم ئوبيېكتىپ باھا بېرىلىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لۇغىتى» — كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۈزگەن يەنە بىر نەمۇنە. بۇ لۇغەتنى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارغا قاراپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قامۇسى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بۇ لۇغەتتە يالغۇز ئىجادىيەتچىلەر تونۇشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، يەنە بارلىق نەشر ئەپكارلىرى، ژۇرناللار، ئەدەبىي مۇكاپاتلار، ئەدەبىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى تونۇشتۇرۇلغان.

دېمەك، كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرىنى بىرلا تەرەپتىن كۆرسىتىپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىدىغان، كۆپ قىرلىق تەسىرگە ئىگە تەنقىدچى. سىز ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنىڭ ئەتراپلىق ھەم مول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىنىڭمۇ ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئۇ ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، پەلسەپە، ئېتىكا قاتارلىق پەنلەر دائىرىسىدە ئىزدىنىدۇ.

ئومۇمەن، ياش ئەدەبىي تەنقىدچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەدەبىياتىمىز

ئۇچۇن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان بىر تەنقىدچى. ئۇ هازىرغىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر كىتابلاردىن «يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى»، «يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى هەققىدە مۇلاهىزىلەر»، «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى هەققىدە»، «ئەھمەت زىيائى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.

## 8 § . باشقا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدا، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى باسقۇچتا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىن تېز گۈللەندى، نەتىجە مول، سۈپەت يۇقىرى، سان كۆپ بولدى. بۇنداق ياخشى هالەت ئەلۋەتتە يۇقىرىدا بىز مەخسۇس توختالغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئەجىر - مېھنىتىدىن كەلگەن. بىز تۆۋەندە ئەنە شۇلاردىن بىر قىسمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلام ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئىزچىل دىگۇدەك قەلەم تۇتۇپ كەلدى. ئۇ 1982 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانىدا «ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىك ئىلمىگە بولغان قاراش، مۇلاهىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئوشۇق ئوبزور ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئوبزورلىرى هەم قىسقا، هەم يەڭگىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭدەك

شەكىل جەھەتتىمۇ ئىنتايىن ئەركىن، ئۇ مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملەر بولسۇن، ئەگەر ئۆزى مەلۇم تەسىرات، مەلۇم ھاسىلاتقا كەلسىلا دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز تەسىراتلىرىنى يازىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرچانلىققا ئىگە.

ماخمۇتجان ئىسلام ئەدەبىي ئوبزورلىرىدا كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىمكانقەدەر ئاددىي تىل ۋە مۇلاھىزىلەر بىلەن ئەسەر تەھلىل قىلىدۇ. ئەسەرنى تەرتىپ بويىچە ئىزاھلاپ كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە يول ئاچىدۇ.

يالقۇن روزى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۆزگىچە تەنقىد ئۇسۇلى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقان ئىقتىدارلىق ياش تەنقىدچى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا «‹ئاق رومالىلىق پەرىزات› داستانى توغرىسىدا» ناملىق ئوبزورى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك سېپىگە قېتىلغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قاراشقا ۋە ئىجادىي پىكىرگە ئىگە بىر قاتار ماقالە ـ ئوبزورلارنى يېزىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى قانداق يارىتىش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى قانداق گەۋدىلەندۇرۇش مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلدى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىياتنىڭ قويۇق ئىپادىلىنىشىنى، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتنىڭ روشەن بولۇشىنى، كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان بولۇشىنى شۇ ئەسەرنى باھالاشنىڭ ئالدىنقى ئۆلچىمى قىلدى.

مامبەت تۇردى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە تېگىشلىك رول ئويناۋاتقان ياش ھەم قابىل تەنقىدچى. ئۇ تىرىشچان ھەم ئىزدىنىش روھىغا باي. ئۇ بۈگۈنكى دۇنياۋى ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئېتىكا، ئېستېتىكا قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ يېڭى بايقاش، يېڭى

نەزەرىيىۋىلىرى بىلەن پىششىق تونۇش، شۇڭا ئۇ يازغان ئوبىزورلار ھەم چوڭقۇرلۇققا، ھەم كەڭلىككە ئىگە.

مامبەت تۇردى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىلى 11 ـ سانىدا «روزا بۇزۇلمايدۇ» ناملىق ئوبزورىنى ئېلان قىلىپ زور تەسىر قوزغىدى. ئۇ بۇ ئوبزورىدا يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىدىكى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىپادىسىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەدبىرى» («تەڭرىتاغ» 1989 ـ يىلى 4 ـ سان)، «رېئالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى» («تارىم» 1991 ـ يىلى 12 ـ سان)، «ئۆزىمىزنى، يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇمايلى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاي) «تراگېدىيىنىڭ مىللىيلىكى توغرىسىدا» («شىنجاڭ گېزىتى» 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاي) قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەنقىد سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

مۇھەممەت تۇرسۇن ئىلى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە رول ئويناۋاتقان يەنە بىر قابىلىيەتلىك تەنقىدچى. ئۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى بايقاشقا، قېزىشقا ئىنتايىن ماھىر. ئۇنىڭ تەنقىدچىلىكى ئاساسەن ئېستېتىكىلىق مۇلاھىزىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىيات ئوبيېكتى توغرىسىدا»، 1995 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شېئىردىن زوقلىنىش ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆسمەي كېلىۋاتقان ئېستېتىكىلىق سەۋىيىسىنى ئانالىز قىلىپ، مول ئېستېتىكىلىق ئويلىنىشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان

ياخشى ئوبزورلار ھېسابلىنىدۇ.

تەنقىدچى ئابدۇللا مەتقۇربان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز سا- ھەسىدە ياخشى ئوبزورلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان تەنقىدچى. ئۇ يېڭى دەۋردىكى تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ سېپىگە ئەڭ دەسلەپ كىر- گەن ياشلارنىڭ بىرسى. ئۇ 1982 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «‹قايىنام ئۆركىشى›، رومانى توغرىسىدا» ناملىق ئوبزورىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىلى 11 ـ سانىدا «نىجات تىراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى»، 1989 ـ يىلى 9 ـ سانىدا «‹قۇم باسقان دېڭىز› پوۋېستى ھەققىدە» قاتارلىق سەۋىيىلىك ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 1994 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن «زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

تەنقىدچى ئابدۇللا مەتقۇربان ھازىرغىچە ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە ـ ئوبزورلاردىن 50 پارچىدىن ئارتۇق ئېلان قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى تەھلىلىنىڭ يېڭىلە- قى، كۆزقاراشىنىڭ ئىجادىيلىقى، بايقىغان نۇقتىسىنىڭ ئۆزگە- چىلىكى بىلەن باشقا ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىمۇ ئالاھىدە سانىلىدۇ.

# يەتتىنچى باب ئىجادىيەت جەريانى توغرىسىدا

## § 1 . ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى

رېئال تۇرمۇش — بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەنبەسى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مول ھوسۇللۇق يىلتىزى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئەگەر رېئال تۇرمۇش بولمىسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىياتمۇ بولمىغان بولاتتى. ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇش بىر مەنبە. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىدا رېئال تۇرمۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىرلا مەنبە بار، ئۇنىڭدىن باشقا مەنبە يوق. يازغۇچى - شائىرلىرىمىز رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا خۇددى يىلتىزسىز دەرەخكە ئايلىنىپ قالغاندەك بولىدۇ.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات قارىشى ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىگە ئاساسەن خېلى بۇرۇنلا توغرا ھەم ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، ئاڭ فورمىسى ھېسابلىنىدىغان بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئەدەبىيات

بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەققىدە توختى-لىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئە-سەرلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات - سەن-ئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار مەۋجۇت. بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ ئاساسىي نەرسە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇلار-نىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت چېنىپ قالىدۇ. ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسىدۇر. چۈنكى، مۇشۇنداق مەنبەلا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ-نىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەنبە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس».

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئىلمىي يەكۈنى بىزگە بىر تەرەپ-تىن ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى چۈ-شەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇر-مۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ئۆز پېتىچە خاتىرى-لەپلا قويمايدۇ ياكى رېئاللىقتا نېمە بولسا ئۇنى شۇ بويىچە ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرمەيدۇ. بىزگە مەلۇم، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە - ھادىسىلەر قالايمىقان، چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز، خام پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ھەرگىز-مۇ بۇ خىل رېئال تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ قويۇش ئەمەس. يازغۇچى ئاشۇ رېئال تۇرمۇشتىكى توپلانغان چېچىلاڭ-غۇ، تەرتىپسىز، قالايمىقان، خام ماتېرىياللارغا نىسبەتەن تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆزگەرتىش، مەركەزلەشتۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ - دە، ئىلگىرىكى تۇرمۇشقا

قارىغاندا، ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان، تېخىمۇ چىن بولغان، تېخىمۇ تىپىك بولغان يېڭى تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. مانا بۇ خىل يېڭىچە تۇرمۇش كارتىنىسىدا ۋەقەلەر تىپىكلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئوبرازلار جانلىق بولىدۇ، تەسىرلىك بولىدۇ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋەقەلەر، ئوبرازلار بار بولىدۇ.

ئىپتىقكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئەسلىدىكى رېئال تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ. مانا بۇنداق ئىنكاسنى بىز بەدىئىي ئىنكاس دەپ ئاتايمىز. رېئال تۇرمۇشتىكى چېچىلاڭغۇ ۋەقە ـ ھادىسىلەر يازغۇچى ـ شائىرلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە قايتىدىن تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۇ بەدىئىي ئىنكاس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىكى چېچىلاڭغۇ خام ماتېرىياللار دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ھېچقانداق تەسىرلەندۈرۈش، زوقلاندۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئالغا يېتەكلەش رولى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. دېمەك، ئەدەبىياتتىكى ئەكس ئەتكەن رېئال تۇرمۇش ئەمەلىي رېئاللىقتىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېئال تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان تۇرمۇشتۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن رېئال تۇرمۇش كارتىنىلىرى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا يازغۇچى تەرىپىدىن قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى يارقىن، تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن تۇرمۇشتۇر. يازغۇچىلار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئەينەن، مېخانىكىلىق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇر-

مۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى، رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى تۇپ ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا ئۆز كاللىسىدا بەدىئىي پىششىقلاش ئېلىپ بارىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارغا، ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىز نەرسىلەرگە، تاسادىپىيلىق ۋە مۇقەررەرلىكلەرگە، خىلمۇخىل، لېكىن تارقاق، چېچىلاڭغۇ ھادىسىلەرگە نىسبەتەن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ شاللاش ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل تۇرمۇش چىنلىقى يۈكسەك، تىپىك، غايىۋى بولغان، بەدىئىي چىنلىق يۈكسەك، تىپىك، غايىۋى بولغان بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا، تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتسىز ۋە تاسادىپىيلىق بىلەن تولغان سىرتقى كۆرۈنۈشلىرى ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي چىنلىقى بولغان ماھىيەتلىك نەرسىلەر، يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە، دەۋرنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نەرسىلەر گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، رېئال تۇرمۇش دېگىنىمىزدە، بىز رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى نەزەردە تۇتىمىز. ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار ئاشۇ بىر پۈتۈن رېئال تۇرمۇشتىكى ئايرىم ئادەم، ئايرىم ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر. بىز ئومۇملاشتۇرۇلۇش، مەركەزلەشتۇرۇلۇش، تىپىكلەشتۇرۇش ۋە ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى تەكىتلەپ ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى يېزىشنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتسەك بولمايدۇ. بەزى شارائىتلاردا يېزىش زۆرۈر بولغاندا يېزىش كېرەك. مەسىلەن، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم» ناملىق ھېكايىدە بىزنىڭ ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرى، ئۇلارنىڭ چاۋشيەن

ئۇرۇش مەيداندىكى باتۇرلۇقلىرى يېزىلغان. بۇ ئەسەر ۋەقەلەر-
نىڭ چىنلىق ئاساسىدا يېزىلىشىدەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىزنى
تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ. بىز چاۋشيەن ئۇ-
رۇشى مەيدانىدىكى ئاشۇ باتۇر جەڭچىلىرىمىزنىڭ دۈشمەنگە زەر-
بە بېرىپ چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى
ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمىز.
باتۇر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە
قايىللىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچى ۋېي ۋېي
بۇ ۋەقەنى يېزىشتا خەلقنىڭ ئىرادىسىگە، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگى-
رىلەش يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇپ يازغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەسەر بىزگە ئايرىم ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەر
ئەمەس، بەلكى بىر دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئادالەتسىزلىك-
كە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ھەققانىيەتنى ياقلىشىدەك
ئارزۇ - ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
بۇنىڭدىن بىز شۇنى چۈشىنىپ ئالىمىزكى، ئەدەبىياتتا رېئال
تۇرمۇشنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەندە، يازغۇچىنىڭ
دۇنيا قارىشى ۋە مەيدانى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان
ئامىللارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى
توغرا، سىنىپىي مەيدانى روشەن بولسا، يەنى ماركسىزملىق
دۇنيا قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، شەيئىلەرنى كۆزەتسە چوقۇم ئايرىم
ۋەقە، ئايرىم ئادەملەرنى يېزىش ئارقىلىقمۇ بەزىدە رېئال تۇر-
مۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە، ئومۇمىي ماھىيىتىگە مۇناسىۋەت-
لىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.
ئەگەر يازغۇچى رېئال تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا ھەرقانچە
ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تاللاش ئېلىپ بارغىنى بىلەن، دۇنيا قارى-
شى توغرا بولمىسا، ۋەقە ۋە پېرسوناژلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ
بىر تەرەپلىمە سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە خالىغانچە توقۇش،
ياساپ چىقىش ئېلىپ بارسا، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ شەخسىي

مۇددىئاسىنى ئوبيېكتىپ ماھىيەتىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىۋالسا، ئۇ ھالدا بۇنداق ئەسەر ساختا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەسەرنى رېئال تۇرمۇشنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۇردى دېگىلى بولمايدۇ.

يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش بىلىمى قانچە كەڭ ۋە مول بولسا بۇنداق يازغۇچىنىڭ ئەسىرى رېئال تۇرمۇشنى شۇنچە بەدىئىي، شۇنچە تىپىك، شۇنچە ئومۇمىي ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش بىلىمى يېتەرسىز، چولتا، كەم بولسا، ئەمەلىي رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئەسەرنىڭ رېئال تۇرمۇشنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۇرۇشى مەلۇم تەسىرلەرگە ئۇچرايدۇ. كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەربىيەۋى رولىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى، يارامىلىق ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئامما ئارىسىغا بېرىشى لازىم. ئۇزاققىچە، شەرتسىز ھالدا ۋە جان - دىل بىلەن ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ، ئوتتەك قىزىق كۈرەش ئىچىگە بېرىپ، بىردىنبىر، ئەڭ كەڭ باي مەنبەگە بېرىپ، بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەشنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ بارلىق ئىپتىدائىي ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىجادىيەت جەريانىغا قەدەم بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ سۆزى بىزگە يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلىمى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۇرۇشى شۇنچە يارقىن، شۇنچە چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ ھاياتلىق زېمىنى، لېكىن بىز دەۋاتقان بۇ چىنلىق رېئال تۇر- مۇشنىڭ ئۆزىدىكى چېچىلاڭغۇ ۋەقە - ھادىسىلەر دۆۋىسى سۈپە- تىدىكى چىنلىق ئەمەس، ياكى بولمىسا شۇ چېچىلاڭغۇ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى مېخانىك كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ياكى بولمىسا تەقلىد قىلىنىشى، ئاددىي ھالدىكى بايان قىلىنى- شىمۇ ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش بىلىمى، تۇرمۇش چۈشەنچىسى، دۇنيا قارىشى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلاردا ئەكس ئەتكەن بىرقەدەر يۇقىرى بولغان چىنلىق — بەدىئىي چىنلىقتۇر. بۇنداق بەدىئىي چىنلىق- تا ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، تەربىيىۋى رولىنى ۋە ئېستېتىكىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتىشقا بولىدۇكى، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق رېئاللىق ئەدەبىياتنىڭ ماتېرىيالى بولىۋەرمەيدۇ. رېئاللىقتا ئەسەر قىلىپ يېزىشقا بولىدىغان نەر- سىلەرمۇ، ئەسەر قىلىپ يېزىشقا بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ بار. يازغۇچىلار خۇددى ھەسەل ھەرىسى نۇرغۇنلىغان گۈل - چېچەك- لەرنىڭ شىرىنلىرىنى يىغىپ ئۇنىڭدىن تاتلىق، لەززەتلىك ھە- سەل چىقارغىنىغا ئوخشاش، ئاشۇ ھادىسىلەر چىنلىقى ئىچىدىن كېرەكلىك، ئەھمىيەتلىك دېتاللارنى تاللاپ ئېلىپ كىشىگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدىغان، خەلق روھىغا ئىلھام بېرەلەي- دىغان بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن، رېئال تۇرمۇشتا ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك ناچار قىلمىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى- لار بۇ خىل ھادىسىلەرنى رېئال تۇرمۇشتا بار دەپلا ئۇنى ئەدەبى- ياتتا ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى كېرەك. رېئال تۇرمۇشتا بار نەر- سىلەرنىڭ بەزىلىرى رېئال تۇرمۇش چىنلىقىغا ۋەكىللىك قىلى- سا، يەنە بەزىلىرى رېئال تۇرمۇش چىنلىقىغا ۋەكىللىك قىلال-

مايدۇ. بۇنداق نەرسىلەر ئىنتايىن قىسمەنلىك بولۇپ، ئۇ ھەم دەۋرنىڭ روھىغا، يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - غايىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەگەر يېزىش زۆرۈر بولسا، يازغۇچى - سەنئەتكارلار بۇنداق پەسكەش-لىكلەرنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ، ئۇنى تۇپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش-نىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسىي مەق-سەت قىلىپ يېزىشى لازىم. تېخىمۇ مۇھىمى، خەلق ئاممىسىغا ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ يېزىشى لازىم.

دېمەك، رېئال تۇرمۇش ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئىنتايىن رەڭدار بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجابىي نەرسىلەرمۇ، شۇنداقلا سەلبىي نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەرگە ياقىدىغان نەر-سىلەرمۇ، كىشىلەرگە ياقمايدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان پاسسىپ نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت بو-لۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، مەيلى ئۇ ئىجابىي نەرسە بولسۇن، ياكى سەلبىي نەرسە بولسۇن، ھەممىسىنى ھەر-گىزمۇ ئەينەن يېزىشقا بولمايدۇ. نېمە بولسا شۇ پېتىچە كۆچۈ-رۈپ يېزىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر يازغۇچى تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى چىن نەرسە دەپ قاراۋەرسە، چىن دەپ قارىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى قارىقويۇق يېزىۋەرسە، ئۇ ھالدا ئەدەبىيات بەدىئىي ئەدەبىيات ئەمەس، بەلكى ئاخبارات ئەسىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ تاللىشى ۋە شاللىشى، تىپىكلەشتۈرۈشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشى-دىن ئۆتمىگەن ئىنكاسىنى بىز بەدىئىي ئىنكاس دېمەيمىز. ئەك-سىچە مېخانىكىلىق ئىنكاس دەپ ئاتايمىز.

ئەدەبىيات ناۋادا نېمە بولسا شۇنى يېزىش يولىغا كىرىپ قالسا، ئۇ چاغدا ناچار، ساختا، رەزىل نەرسىلەرنىمۇ قىلچە تاللىماي ئەكس ئەتتۈرۈۋېرىدۇ - دە، ئاخىرىدا بۇنداق ئەدەبىيات

ئاشۇ ساختا، رەزىل نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت جەمئىيەتتە جەزمەن يامان تەسىر پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. ئەدەبىيات يازغۇچىدىن رېئال تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۇرۇشنى، ئۇ بېرىدىغان بەدىئىي زوقنى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئالدىن ئويلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىتابخانلارمۇ يازغۇچىدىن رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەندە «ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇش»نى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ رېئاللىقنى قارىغاندا بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ غايىسى ۋە دەۋرنىڭ تەلىپى بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىتابخانلار يەنە ئەدەبىياتتىن ئۆز تۇرمۇشىنى ئەينەن، شۇ پېتىچە ئەمەس، بەلكى گۈزەللەشكەن ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدۇ. ئۆزلىرىگە بىر خىل ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان تۇرمۇش بولۇشنى خالايدۇ. بىز بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: بىز دائىم ئائىلىلەردە نۇرغۇن تەشتەكتە گۈللەر بار بولىسىمۇ، يەنە شۇ ئائىلىلەردە گۈللەرنىڭ سىزىلغان رەسىملىرىنى تاملارغا ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تەشتەكتىكى تەبىئىي ئۆستۇرۇلگەن گۈلنىڭ گۈزەللىكى بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ؟ چۈنكى، رەسىمدىكى گۈلگە رەسساملارنىڭ نۇرغۇن ئەمگىكى سىڭگەن. رەسسام ئاشۇ رېئاللىقتىكى گۈللەر ئىچىدىن تاللاپ، تۈرلۈك بوياقلارنى ئىشلىتىپ ماھارەت بىلەن سىزىپ چىققان. نەتىجىدە، سىزىلغان گۈل تەشتەكتىكى تەبىئىي گۈلگە ھەم ئوخشايدىغان، ھەم ئوخشىمايدىغان ھالەتكە كىرىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۇرۇلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەندە، تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغانلىرىنى تال-

لاپ، بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ھەقىـ
قىي ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىشى لازىم.
ئەنە شۇ چاغدىلا رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ
يۈكسەك، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ غايىۋى بولغان يېڭىچە تۇر-
مۇش مەنزىرىسىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بەرپا قىلالايدۇ.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغاندىلا
بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش، تەربىيە-
لەش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش رولى بولىدۇ. كىشىلەرگە جەڭگىـ
ۋارلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ زور مەنىۋى كۈچ ھاسىل قىلىدۇ.
كىشىلەر ئاشۇ مەنىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە رېئال تۇرمۇش
ھەققىدە چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى ئىجـ
تىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تونۇيدۇ، دەۋر-
نىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىگىلەيدۇ. بىز يازغۇچى ئابدۇراخـ
مان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىز-
دا، يازغۇچىنىڭ 40 ـ يىللاردىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىخىدىـ
كى بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىنقىلابىي ۋەقە — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىـ
لابىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى بەدىئىي ماھارىتىگە قايىل
بولماي تۇرالمايمىز.

يازغۇچى بۇ رومانىنى يېزىشتا بىر تەرەپتىن رېئالىزملىق
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ 40 ـ يىللاردىكى رېئال تارىخىي
تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە سادىق بولغان. گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى قانداق ئېكسپىـ
لاتاتسىيە قىلغانلىقى، قانداق ئەزگەنلىكى، ئىلغار كۈچلەرنى
قانداق باستۇرغانلىقى، ئىنقىلابچىلارغا قانداق زىيانكەشلىك قىلـ
غانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانداق نارازىلىق قىلغانلىقى قاتار-
لىق دېتاللارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن،
تەتقىق قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنە شۇ ۋەقەلەرنى ئەينى
دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى

بويىچە قايتا پىششىقلاپ، رەتلەپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ چىققان. ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رومان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەشلىرىنى، بۇ كۆرەشلەردە ئېرىشكەن بۈيۈك غەلىبە - نەتىجىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، جانلىق، تىپىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مەقسىتىگە يېتەلىگەن. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلىش روھىغا مەدھىيە ئوقۇشتەك غايىۋى مۇددىئاسىغا تولۇق يېتەلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق رومانىنىڭ 1 - تومىمۇ ئەينى دەۋرلەردىكى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۈرۈش، مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بىزنى قايىل قىلىدۇ. روماندا ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 40 - يىللاردا خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىش - ئىزلىرىنى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك فېئودال بەگلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شورىغانلىقىدەك رەزىل قىلمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش تۈپ مەقسەت قىلىنغان. يازغۇچى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال رېئال تۇرمۇشتىكى خام ماتېرىياللارنى پىششىق ئىگىلىگەن. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆششاق، چېچىلاڭغۇ ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇددىئا، مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپىكلەشتۈرگەن. تىپىك ۋەقەلىكلەر ئىچىدە ئالماس، ئاسىم ئەپەندى قاتارلىق ئىلغار كۈچلەر بىلەن مەخسۇتبەگكە ئوخشاش

سەلبىي كۆچلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقان. ئۆزى ئومۇملاشتۇر-
غان، پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئوبرازلار
ۋاستىسى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى خەلق
ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىگە قارشى ئىنقىلابىي
كۆرەشلىرىنى ھەم جانلىق، ھەم تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەرگەن.

مەيلى «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى بولسۇن، مەيلى «كۆ-
رەشچان يىللار» رومانىنىڭ 1 - تومى بولسۇن، بۇ ئىككىلا
رومان 40 - يىللاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىگە، ئۇنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقىغا قارشى ئېلىپ
بارغان ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇ-
نىسى ئېنىقكى، بۇ رومانلار ئەينى دەۋرلەردىكى ئىنقىلابىي كۆ-
رەشلەرنى، بولۇپ ئۆتكەن ئۇششاق - چۈششەك ۋەقە - ھادىسى-
لەرنى، ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز بولغان ۋەقەلەرنىڭ
ھەممىسىنىلا رومان ئىچىگە سۆرەپ كىرمىگەن، ياكى بولمىسا
نېمە ۋەقە، ئىش بولغان بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنىلا مېخانىكىلىق
ھالدا يېزىۋەرمىگەن. ناۋادا، يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشتا نېمە
بولسا شۇنى ئەينەن يېزىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان بولسا،
بۇ رومانلار ئەدەبىيات ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىشلار خاتىرىلەن-
گەن تارىخ ئەسىرى بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا بىزگە ئۇنچە
تەسىرلىك تۇيۇلمىغان بولاتتى. بۇ ئىككى رومانىنىڭ ھەقىقىي
ئەدەبىي ئەسەر بولالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ رومانلاردا ئەينى
دەۋردىكى ۋەقەلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، تىپ-
پىكلەشتۇرۇلگەن، مەركەزلەشتۇرۇلگەن، ئوبرازلاشتۇرۇلغان
دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىلگەن، ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر تاللانغان،
نەتىجىدە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا 40 - يىللاردىكى رېئاللىققا
قارىغاندا تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن،
تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولغان بىر

خىل رېئال تۇرمۇش مەنزىرىسى كەلتۇرۇلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا، ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. ئۇ يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى خام، چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز ماتېرىياللارنى يىغىپ، پىششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ، ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ئۆزى ئەمەس.

## § 2 . باش تېما بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە باش تېما بىلەن ماتېرىيال ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ بىللە تۇرۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر باش تېما بىلەن ماتېرىيال بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىسە كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ـ شائىرلار مەلۇم بىر خىل مەركىزىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغاندا، شۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشكە ياخشى خىزمەت قىلىدىغان ماتېرىيالنى تاللىيالمىسا، ئۇ چاغدا بۇنداق ئەسەر ياخشى ئەسەر بولالماي قالىدۇ. شۇڭا، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، باش تېمىنى قانداق بېكىتىش ۋە بۇ بېكىتكەن باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغان ماتېرىيالنى قانداق تاللاش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

باش تېما ئەسەر ياكى ماقالە يېزىشتا ئاپتورنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان مەسىلىدۇر. ئەسەر ياكى ماقالە يازغۇچىلار يېزىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئەسىرىدە زادى نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، نېمىنى چەكلەپ، نېمىنى تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى، نېمىنى چۈشەندۈ-

روپ، نېمىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشى
لازىم. ناۋادا ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ ئالدىراپ - تېنەپ قولىغا
قەلەم ئېلىپ يېزىشقا كىرىشىپ كەتسە، بۇنداق ئەسەر ياكى
چۇۋالچاق، باش - ئاخىرى ماسلاشمىغان، ئىزچىللىقى يېتەر-
سىز ئەسەر بولۇپ چىقىشى ياكى بولمىسا كىتابخانلارغا ھېچقان-
داق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولمىغان ئەسەر بولۇپ چىقىشى
مۇمكىن. شۇڭا، يازغۇچىلار يېزىقچىلىققا كىرىشىشتىن ئىلگە-
رىكى باش تېمىنى بېكىتىۋېلىشى، ئاندىن شۇ باش تېما ئاساسىدا
ماتېرىيال تاللاپ ئۆز مۇددىئاسىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە
ئۆتۈشى كېرەك.

بىز ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى لۇشۈننى مىسالغا
ئالىدىغان بولساق، لۇشۈنمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىشتىن بۇرۇن
نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىنى پاش قىلىش مەسىلىسىنى، قانداق
مەركىزىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن
پۇختا بېكىتىۋالاتتى. بىز ئۇنىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكا-
يىسىگە قارايدىغان بولساق، لۇشۈن فېئوداللىق جەمئىيەت ئەخ-
لاقىنىڭ ئادەمخور ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ كەڭ ئەمگەكچى ئاياللار-
غا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى چوڭقۇر پاش
قىلىشتەك باش تېمىنى ئاۋۋال بېكىتىۋالغان. ئاندىن مۇشۇ باش
تېمىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشقان.

داڭلىق يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنى مىسالغا ئالىدىغان
بولساق، زۇنۇن قادىرىمۇ دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن
كونا جەمئىيەتتە ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ يېڭى جەمئىيەتكە قەدەم
قويغاندىن كېيىن قايتىدىن جانلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئەمگەك
قويىنىغا باتۇرلۇق بىلەن شۇڭغۇپ، يېڭى دەۋرگە خاس يېڭى ئادەم
بولغانلىقىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت مۇشۇ باش تېمىنى ئالدىن
بېكىتكەن. ئاندىن باش تېمىغا ئېھتىياجلىق ۋەقەلەرنى تاللاپ
يېزىشقا باشلىغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، باش تېما بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. باش تېما پۈتۈن ئەسەرنىڭ جېنى بولۇپ، ماتېرىيال تاللاش، كومپوزىتسىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تىل ئىشلىتىش دېگەندەك باشقا ھەرقانداق تەرەپنىڭ ھەممىسى باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا، قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ. باش تېمىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي شۇڭا «باش تېما — ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئامىلى» دەپ كۆرسەتكەندى. دېمەك، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولغاچقا، تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. تىل بولمىسا ئەدەبىيات ئەدەبىيات بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ماكسىم گوركىي باش تېمىنى ئەنە شۇ تىلدىن قالسا ئەدەبىيات ئۈچۈن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باش تېمىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

باش تېما ئەسەرنىڭ روھى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى - شائىرلار باش تېمىنىڭ بۇنداق ئاساسىي ئورنىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىشى لازىم. ئەسەردە ئەگەر باش تېما بولمىسا ياكى غۇۋا، سۇس، مۇجمەل بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇنداق ئەسەر مەزمۇنسىز، نېمە دېيىلمەكچى بولغانلىقىنى، نېمىنى تەنقىدلەپ، نېمىنى مەدھىيىلەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

باش تېما خۇددى بىر تال قىزىل يىپقا ئوخشاش پۈتۈن ئەسەرنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەيلى قانداق يازغۇچى بولسۇن، ئەگەر باش تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللىيالىسا، ئۇ ھالدا ئۇ يازغۇچىنىڭ يېزىپ چىققان ئەسىرى

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئەسەر يازغاندا يازغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ چوقۇم ئالدى بىلەن يارامىلىق، ئەھمىيەتلىك بول-
غان، توغرا بولغان، مۇھىم بولغان باش تېمىنى بېكىتىشى
ئىنتايىن زۆرۈر. مۇشۇنداق تاللاش ئارقىلىق بېكىتىلگەن باش
تېما ئەسەردە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئاندىن
مۇناسىپ قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تىل ئارقىلىق ئۇلارنى
بىر مۇكەممەل، جانلىق گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن، بىز داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ
«ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ
روماندىكى باش تېما پۈتۈن رومانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇندا تۇرىدۇ. روماندا ئىلىم - پەننى تەشۋىق
قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرگەندىلا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ، خەلقنى بېيى-
تىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىلىم -
پەندىن ئىبارەت بۇ قورالغا تايىنىشىمىز كېرەك، دېگەن باش
تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

پۈتۈن رومان مۇشۇ خىل باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپا-
دىلەپ بېرىش ئۈچۈن بارلىق كومپوزىتسىيىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردىكى زىچ بىرلىكنى ساقلى-
غان. بۇ باش تېما پۈتۈن رومانىڭ بېشىدىن - ئاخىرىسىغىچە
خۇددى قىزىل يىپتەك تارتىلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرى-
دۇ. روماندىكى بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلار مۇشۇ خىل باش
تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇلغان. بىز رو-
مانىنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، باش تېمىغا مۇخالىپ
كېلىدىغان، ماسلاشمىغان ياكى بولمىسا «ئىلىم - پەنگە تايانماي
تۈرۈپمۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ» دېگەندەك باش تېمىغا
قارىمۇقارشى كېلىدىغان تەرەپلەرگە ياتىدىغان ھېچقانداق بىر
تەپسىلاتنى ئۇچراتمايمىز.

باش تېمىنى بېكىتىشتە يازغۇچىلار پەقەت ئۆزىنىڭ شەخ-
سىي سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىلا چىقىش قىلماسلىقى لازىم.
باش تېما چوقۇم مەلۇم پرىنسىپ ئاساسىدا بېكىتىلىشى كېرەك.
بىز باش تېمىنى بېكىتىش پرىنسىپى دېگەن ۋاقتىمىزدا،
باش تېمىنىڭ جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن
بېكىتىلىشىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش
ئاساسىدا بېكىتىلىشىنى، ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ مەلۇم ھەقىقىي
قىياپىتى بىلەن ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا بېكىتى-
لىشىنى، ئاپتورنىڭ تۇرمۇش بىلىمى، سەزگۈسىنىڭ چوڭقۇر،
ئەتراپلىق بولۇشىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ بېكىتىلىشىنى تە-
شەببۇس قىلىمىز.

باش تېمىنىڭ بېكىتىلىشى ھەققىدىكى بۇ پرىنسىپلارنى بىز
زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» ناملىق درامىسىنى مىسال قىلىپ
كونكرېت مۇلاھىزە قىلىپ باقساق، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ئېنىق
ھېس قىلىمىز.

بۇ يەردىكى جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ ئېھتىياجى دېگەنلىك
بولسا، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ نېمىگە ئېھتىياج-
لىق بولۇۋاتقانلىقى، نېمىنى ئارزۇ قىلىپ نېمىنى تەلەپ قىلى-
ۋاتقانلىقى دېگەنلىكتۇر. دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش دېگەنلىك
بولسا، مەلۇم تارىخىي دەۋردە دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى
سۈرىدىغان، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنى-
لىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەلۇم ئىنقىلابىي روھنى كۆرسىتى-
دۇ.

يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» ناملىق درامىسىدىكى
باش تېما ئالدى بىلەن دەل مۇشۇ پرىنسىپنى چىقىش قىلىپ
تۇرۇپ بېكىتىلگەن.

بىزگە مەلۇم، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئېلىمىز-
دە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئۇلارنىڭ قولچو-

ماقچىلىرى بولغان شاكىيۇ، بەگ، ئەللىكبېشى دېگەنلەرنىڭ يېـ
ـزىلىرىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان زوراۋانلىقى
ھەددىدىن ئاشقانىدى. خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك باھانىـ
ـلەر بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا ئۇچراۋاتاتتى. خەلق ئاممىـ
ـسى ئاشۇ فېئودال بەگلەرنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىـ
ـكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، فېئودال بەگ ـ غوجاملارنىڭ ئەدىپىـ
ـنى بېرەلەيدىغان قەھرىمانلارغا شۇنچىلىك تەشنا ئىدى، زۇلۇم
ۋە زوراۋانلىقتىن قۇتۇلۇپ، باياشاد تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى شۇنـ
ـچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. مانا بۇ شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت رېئاللىـ
ـقىنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

دەۋر ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، 40 ـ يىللاردا دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىنى، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان روھ ئەلۋەتتە ئىلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلىپ، ئاشۇ فېئودال بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىش ئىدى.

زۇنۇن قادىرى ئۆز دراممىسىدا مانا شۇنداق جەمئىيەت ئېھتىياجىنى ۋە دەۋر روھىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ باش تېما بېكىتكەن.

ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ مەلۇم ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا باش تېمىنى بېكىتىش دېگەن ۋاقتىمىزدا، بىز «غۇنچەم» دراممىسىدىكى يۇقىرىقى باش تېمىنى 40 ـ يىللاردىكى فېئودال يەرلىك بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارايمىز. ئەينى دەۋردە خۇددى «غۇنچەم» دراممىسىدىكى ئۆمەر شاكىيۇغا ئوخشاش يەرلىك فېئودال بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ئىمتىيازىغا تايىنىپ غۇنچەمگە ئوخشاش ئەمگەكچى خەلقىمىزنى بوزەك قىلاتتى، خور-

لايىتتى، خەلق ئاممىسى فېئودال بەگلەرگە نارازى بولسىمۇ، بىراق ئامال يوق ئىدى.

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىدى. ئۇ سۇبيېكتىپ شارائىت جەھەتتىن پۇتۇنلەي ئىلغار مەيداندا تۇراتتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىپ فېئودال بەگلەرگە قارشى تۇراتتى. شۇڭا، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى باش تېمىنى توغرا بېكىتەلىگەن.

ئەمدى ماتېرىيال دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ماتېرىيال دېگىنىمىز — ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئەڭ دەسلەپكى مەنبە بولۇپ، ئادەتتە ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن توپلىغان بارلىق ماتېرىياللىرى ۋە بۇلار ئىچىدىن ئەسەرگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن بىر قاتار مەزمۇنلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ماتېرىيال دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شەيئى، ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. ماتېرىيال ئاپتورنىڭ يېزىش ئالدىدىكى جۇغلىمىسى ۋە توپلىغان مول تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ھەر خىل يازما ماتېرىياللار، ھۆججەت قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ماتېرىيال ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى خام ماتېرىيال؛ يەنە بىرى يېزىشقا تاللىۋېلىنغان، ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن، پىششىقلانغان ماتېرىيال.

خام ماتېرىيال دېگىنىمىز، گەرچە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى تەرىپىدىن تېخى تاللىۋې-

لىنمىغان، رەتلەنمىگەن، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن ئىپتىدائىي ماتېرىياللاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇ يەنە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشىشتىن بۇرۇن سۇبيېكتىپ ئېڭىدا ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى، كۆزىتىشلىرىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

يازغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەر يېزىشتا ئالدى بىلەن رېئال تۇرمۇش قاينىمىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆزى يازماقچى بولغان دائىرىدىكى ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ماتېرىياللار قانچىلىك مول ھەم جانلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەربىر يازغۇچى ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شەكىللەنگەن دەسلەپكى ھېسسىي نەرسىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدە ماھىيەتلىك بولغان نەرسىلەرمۇ، ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرمۇ، چىن بولغان نەرسىلەرمۇ، چىن بولمىغان نەرسىلەرمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يازغۇچى مانا شۇ خام ماتېرىياللارنى رەسمىي ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىدا تاللاپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزىدۇ. باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ چاغدىكى ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال پىششىقلانغان ماتېرىيال بولىدۇ.

باش تېما بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ. باش تېما بولسا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يادروسى، ماتېرىيال بولسا ئۇنىڭ گۆشى ۋە قېنىدۇر. بۇ ئىككىسى بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، بىر - بىرىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ماتېرىيال باش تېمىنى تاللاش ۋە بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. يازغۇچىلار تۇرمۇشقا چۆكۈپ يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بول-

غاندا، بۇ ماتېرىياللار ئۇستىدە ساختىسىنى تاشلىۋېتىپ، ھەقد
قىيسىنى ئېلىشى، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىشى
لازىم. ماتېرىيالغا قارىتا پىششىقلاش، رەتلەش ئېلىپ بېرىشى
لازىم. شۇ چاغدىلا روشەن ھەم توغرا بولغان باش تېمىنى
تاللىغىلى، ھەم بېكىتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشك
بولىدۇكى، باش تېما بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتىدە ماتېرى
يال بىرلەمچى نەرسە بولسا، باش تېما ئىككىلەمچى نەرسىدۇر.
باش تېما ماتېرىياللار ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن،
يازغۇچى ۋېي ۋېي چاۋشيەندە ياردەم بېرىپ ئامېرىكىغ
قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پىدا
ئىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى
جەڭلىرىنى كۆرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولالد
غاچقىلا، ئۆزىنىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم» ناملىق
ئەسىرىدىكى باش تېمىنى بېكىتەلىدى. يازغۇچى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن ماتېرىياللارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تاللاپ ئەسە
رىگە كىرگۈزدى. نەتىجىدە مۇشۇ بىرلەمچى ماتېرىياللار ئاسا
سىدا، ئاندىن پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق
روھىغا مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت باش تېمىنى شەكىللەندۈر
دى.

باش تېما ماتېرىيال ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، چوڭقۇرلىشى
دۇ. ئەدەبىي ئەسەر مەلۇم بىر ئىدىيىنى ياكى باش تېمىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىدىيە
ياكى باش تېما مەلۇم ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ ۋ
ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. باش تېما كونكرېت ماتېرىياللارغا سىڭدۇ
رۇلۇپ ئىپادىلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولماي يازغۇچىنى
سۇبيېكتىپ تۇقتىئىنەزىرى بويىچىلا ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئ
چاغدا بۇندان ئەسەرنىڭ ھېچقانداق تەسىرلەندۈرۈش رولى ۋ
قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ.

دېمەك، ماتېرىيال يەنە باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بې-رىدىغان ۋاستىدۇر. يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنى كۆپىنچە ھاللاردا تولۇقلاشقا، يېڭىدىن يەنە ماتېرىياللارنى قوشۇشقا ئالاھىدە ئەھ-مىيەت بېرىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئەسەرنىڭ باش تېمىسى-نى ئېچىپ بېرىش دەرىجىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بو-لىدۇ.

باش تېمىنىڭ ماتېرىيال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يەنە باش تېما ماتېرىيالنىڭ تاللىنىشىغا، تەشكىللىنىشىگە قوماندان-لىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ دېگەنلىك، يازغۇچىنىڭ ماتېرىياللارنى تاللاش ۋە تەشكىللىشى باش تېمىنىڭ چەكلىمى-سىگە ئۇچرايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

باش تېما تېخى بېكىتىلمىگەن شارائىتتا، بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ماتېرىيال باش تېمىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىلار ئەڭ ئاۋۋال تۇرمۇش قاينىمىدا ئۆزى يولۇقتۇرغان ماتېرىياللار ئاساسىدا بىرەر باش تېمىنى بېكىتىپ قەلەم تەۋرىتىدۇ. ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر دەل ئەنە شۇنداق يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق ھېكايىلىرىدىن «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ناملىق ھېكايىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزى كۆرگەن، يولۇقتۇرغان تۇر-مۇش ماتېرىيالى ئاساسىدا باش تېمىسىنى بېكىتىپ يېزىپ چىق-قان.

باش تېما بېكىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن بولسا، ئەكسىچە، باش تېما ماتېرىيالنى تاللايدىغان ۋە تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇر-دىغان ئەڭ ئاساسىي قوماندانلىق مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. باش تېما ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان ياكى مۇناسىۋىتى ئانچە چوڭ بولمىغان ماتېرىياللارنى شاللىۋېتىشنى، تاشلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەكسىچە باش تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە زۆرۈر بول-

غان، باش تېمىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىياللارنى تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا بەزىدە باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ماتېرىياللارنى تولۇقلاش، يېڭىلاش ئېلىپ بېرىشمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

يېڭىدىن يېزىقچىلىققا كىرىشكەن يازغۇچىلاردا ياكى بەدىئىي قابىلىيىتى تازا پىشمىغان يازغۇچىلاردا باش تېما بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتىدە دائىم بەزى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەسەر يازغاندا ياكى ئۆزلىرى تاللىغان ماتېرىيالغا ئاساسەن باش تېمىنى تاللاپ بېكىتەلمەيدۇ ياكى ئۆزلىرى بېكىتكەن باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىنى تاللاشقا، رەتلەشكە ماھىر بولالمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار يېزىپ چىققان ئەسەرلەردە دائىم باش تېمىسى غۇۋا بولۇپ قېلىش، مەركەزلىك ئىپادىلىنەلمەسلىك، مۇستەھكەم بولماسلىقتەك سەۋەنلىكلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ماتېرىيالدا بولسا تېپىكسىزلىك، جايىدا بولماسلىق، چېچىلاڭغۇلۇق قاتارلىق سەۋەنلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

باش تېمىنىڭ ماتېرىيال تاللاشقا بولغان چەكلەپ تۇرۇش رولىنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلەش ۋە ئۇنى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. يېزىقچىلىقتا باش تېما بېكىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، باش تېما بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ماتېرىياللارنى قەتئىي تاللاشقا بولمايدۇ. جانسىز ماتېرىياللار ئۈستىدە قايتا پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش ياكى ئۇلارنى تاشلىۋېتىش كېرەك. بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان ماتېرىياللارغا نىسبەتەن بىرسىنى ئېلىپ بىرسىنى تاشلاش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش كېرەك. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەگەر ماتېرىيال جايىدا تاللانمىسا باش تېما جانلىق، ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئىپادىلىنەلمەيدۇ، ھەتتا بۇرمىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. يازغۇچىنىڭ ئەسلىي مۇددىئا-

سى بىر چەتتە قېلىپ، ماتېرىيال باشقا بىر مەزمۇننى ئىپادىلەپ
نېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، يازغۇچىلىرىمىز باش تېمىنى بېكىت-
كەنىكەن، بۇ باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا، تەلىپىگە ئاساسەن
ماتېرىيال تاللاش، تەشكىللەشكە ماھىر بولۇشى لازىم.

يازغۇچىلىرىمىزدا بەزى ھاللاردا باش تېمىنىڭ قوماندانلى-
قىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ماتېرىيالنى ياخشى
تاللىيالماي قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ماتېرىياللارنى پەرق ئېتىش قابىلى-
يىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. خاسلىقى ۋە
يېڭىلىقى بار بولغان ماتېرىياللارنى تاللاشقا كۈچ سەرپ قىلماي-
دۇ. نەتىجىدە بۇنداق يازغۇچى تاللىغان ماتېرىياللار گەرچە باش
تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا قارشى بولمىسىمۇ، ئەمما كىتابخانلارغا
ئادەتتىكىدەك تەسىرات بېرىدۇ، ھەتتا كىتابخانلارنى زېرىكتۈ-
رۈپمۇ قويىدۇ.

يەنە بەزى يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا، ماتېرىيال قانچە كۆپ
بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراشنى
چىقىش قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى كۆرگەن، يولۇقتۇرغان
ۋەقە، ئىشلارنى باش تېمىنى قانچىلىك دەرىجىدە جانلىق گەۋدى-
لەندۈرۈپ بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئەسىرى ئۈچۈن تاللى-
غان ماتېرىيالى قاتارىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. قولىدىكى ماتېرىياللا-
رنى باش تېمىنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ياكى ئىپادى-
لەپ بېرەلمەيدىغان ئۆلچەمنى چىقىش قىلىپ تاللاش، شاللاشقا
دىققەت قىلمايدۇ، ھەتتا قولىدىكى ماتېرىيالنى شاللىۋېتىشكە
كۆزى قىيماسلىق ھېسسىياتىدىمۇ بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق
پوزىتسىيە ۋە پىسخىكا ئەسەر ئۈچۈن پايدىسىز ئامىلدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، باش تېما بىلەن ماتېرىيال ئىنتايىن
زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ ئىككىسى بىر پارچە ئەسەرگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ماتېرىيال بولمىسا

باش تېما ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ ھەم ئىپادىلەنمەيدۇ. باش تېما بولمىسا تۇرمۇش قايىنمى ئىچىدىن تەسىرلىك ماتېرىياللارنى تاللىغىلى، مەركەزلەشتۇرگىلى بولمايدۇ. باش تېمىسىز تاللانغان ماتېرىيال ئەھمىيەتسىز ماتېرىيال بولىدۇ، قۇرۇق بولىدۇ، چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. ماتېرىيال تولۇق تاللىنىش ئاساسىدا يورۇتۇلمىغان باش تېمىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ، ئوبرازسىز، ئابستراكت بولۇپ قالىدۇ. كىتابخانلارغا ھېچقانداق تەسىر قىلالمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىسى مانا شۇنداق دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە.

## § 3. ئىجادىيەتتە ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەدەبىي ئىجادىيەت تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئۆزى تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا تەپەككۇر جەريانىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرى داۋامىدا شەكىللەنگەن تەپەككۇر ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، لوگىكىلىق تەپەككۇر، يەنە بىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر.

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر ۋە قائىدىسلەر ئارقىلىق ئابستراكتلاشتۇرۇپ بىلىش جەريانى — لوگىكىلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۇقۇمغا، ھۆكۈمگە، خۇلاسىگە تايىنىپ ئىگىلەيدىغان بىر خىل ئابستراكت تەپەككۇر شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇقۇم ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ،

ئۇقۇم ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، شەيئى-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت -
ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاچىدۇ.

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئابستراكتلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق بىلىش جەريانى ئوبرازلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئوبراز ئارقىلىق پىكىر يۈر-
گۈزۈلىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر.

ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەر دائىم قوللى-
نىلىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ ھېس-
سىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈشتەك ئومۇمىي قانۇنىيىتى-
گە ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە باشتىن - ئاخىر ئوبيېك-
تىپ شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق
ئىكەن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازى ئارقىلىق
رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش — ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەڭ
مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئورتاق
خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئابستراكتلاشتۇرۇپ
ئەكس ئەتتۈرۈش بولسا، لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ئالا-
ھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئومۇملاشتۇرۇپ، ئابستراكت-
لاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي
خۇلاسە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئاخىرىدا ئىل-
مىي ھەقىقەتكە ئېرىشىلىدۇ.

ۋەھالەنكى، لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلىدىن يالغۇز تەبى-
ئىي پەن ئالىملىرى ۋە شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىقتىساد، پەلسە-
پە، نەزەرىيە ساھەسىدىكى ئالىملار پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شائىر -
يازغۇچىلارمۇ پايدىلىنىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزمۇ

رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا لوگىكىلىق تەپەك-
كۇرغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاش، مەر-
كەزلەشتۈرۈش، يىغىنچاقلاش، پىششىقلاش، باش تېمىنى بېكى-
تىش جەريانلىرىدا ئاساسەن لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىپ يۈرگۈزىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەر ئىككىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئىنسانلار-نىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەر-تىش جەريانىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى ھەم بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىدۇ، ئۆزئارا ئۆتى-شىدۇ، ئۆزئارا سىڭىشىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تايىنىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇلار ئوب-يېكتىپ ئەمەلىيەتكە بېقىنغان بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەپەك-كۇر شەكلىنىڭ ئاخىرقى ئېرىشمەكچى بولغىنى ئوخشاشلا ئوب-يېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا ئەقلىي بىلىش ھاسىل قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

دېمەك، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر-نىڭ رېئال ئوبيېكتىپ تۇرمۇش بىلەن بولغان بۇنداق دىئالېكتى-كىلىق مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1927 - يىلى يازغان «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوك-لات» ناملىق نەزەرىيىۋى ئەسىرى بىلەن يازغۇچى لۇشۇننىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسىرىدە جۇڭگو ئەم-

گەكچى ئاياللىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت، ئورۇقداشلىق ھاكىمىيىتى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن دەلىللەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. لۇشۈن ئۆزىنىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ بۇ خىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى شىياڭلىن ھەدىنىڭ تراگېدىيىلىك ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى.

بىز دىققەت قىلساق، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ بىرسى لوگىكىلىق تەپەككۇردىن، يەنە بىرسى، ئوبرازلىق تەپەككۇردىن بارلىققا كەلگەن. لېكىن، ھەر ئىككىلا ئەسەر بىر خىل رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتكار ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ھەر ئىككىلا ئەسەردە بۇ خىل رەزىل رېئاللىقنى قەتئىي ئۆزگەرتىش غايىسى بىلەن ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر گەرچە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك بىرلىكمۇ مەۋجۇت. ماۋزېدۇڭ بىلەن لۇشۈن ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنى قوللانغان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقىنى يەنىلا ئوخشاش بىر مەسىلىدىن ئىبارەتتۇر.

لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ۋە بىلىش ئۈچۈن، بىز يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ كونكرېت ئىجادىيەت جەريانى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئىجادىيەت جەريانى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ماتېرىيال تاللاش، ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە باش تېمىنى بېكى-

تىش جەريانىنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى قىلىدۇ. يازغۇچىلار تۇرمۇشقا چۆكۈش ۋە ماتېرىيال تاللاش جەريانىدا كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش قاتارلىق ھېسسىي بىلىشنى ئاساس قىلغان لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. تاللىغان ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا بولسا ئويلاش، تۈرلەرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش، تاللاش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، باش تېما ئىدىيىسىنى بېكىتىش قاتارلىق ئەقلىي بىلىشنى ئاساس قىلغان لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ.

مەيلى ھېسسىي بىلىش جەريانى بولسۇن، مەيلى ئەقلىي بىلىش جەريانى بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانىغا مەنسۇپ بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە قارىتا تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش، يىغما خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق تەپەككۇر ۋاستىلىرىنى قوللىنىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولسا، ئىپادىلەش ۋە يېزىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا يازغۇچىلار ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، تەسەۋۋۇر، لىرىكا… قاتارلىق تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىشقا بولىدۇكى، لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى ئىجادىيەت جەريانىدا باشتىن - ئاخىر مۇھىم رول ئوينايدۇ. يازغۇچى بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىنى ئانالىز قىلىش، جەملەش، پىششىقلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق قانداق بىر مەركىزىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇشىدا ئاساسەن لوگىكىلىق تەپەككۇر مۇھىم رول

ئوينايدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ بولىدۇ. يازغۇچى تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىنى ئانالىز قىلىش جەريانىدا، بەزىدە ئوبرازلىق تەپەككۇرغىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىشىغا ھازىرلىق كۆرىدۇ. يازغۇچىنىڭ رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تەسۋىرلەش، ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن ئەسەر باش قەھرىمانى پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەيدانىنى كونكرېت تەسۋىرلەشلەردە بولسا، ئوبرازلىق تەپەككۇر مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما بۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا لوگىكىلىق تەپەككۇرمۇ بولىدۇ.

بىز بۇ سۆزىمىزنى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، يازغۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللار ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ۋاقتىدا لوگىكىلىق تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ؛ يازماقچى بولغان ئەسەرنى كۆڭلىدە قۇراشتۇرۇپ پىشۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئوبرازلىق تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ، قەلەم تەۋرىتىپ رەسمىي يېزىۋاتقاندا، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ؛ قەلىمىنى توختىتىپ، زەن قويۇپ ئويلانغان، تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىدا لوگىكىلىق تەپەككۇرنى قوللىنىدۇ. دېمەك، مۇكەممەل بولغان بىر يېزىقچىلىق جەريانىدا ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ بۇنداق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى رولىغا تەڭ ئېتىبار بەرگەندە، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. بەزىلەر لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئىجادىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەش يازغۇچىلارنى لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئەسەرنى

ئۇقۇملاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بۇن-داق بىر تەرەپلىمە قاراشلار خاتا. بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىجادىيەت جەريانىدا ھەرگىز بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەكسىچە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «مەن بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە ۋە ئىزدىنىش»[①] ناملىق ماقالىسىدە «ئىزدىنىش» رومانىنى يېزىش جەريانى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ 60 - يىللار ۋە 70 - يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى، تۆۋەنگە چۈشۈرۈل-گەن ۋاقىتلىرىدا ئۆزىگە ئوخشاش زىيالىيلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ. زوردۇن سابىر ئاشۇ جەريانلاردا ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتا لۇشيەنىگە بولغان نارازىلىقلىرىنى، رېئاللىققا بولغان ئوبيېكتىپ كۆزقاراش - مۇلاھىزىلىرىنى خا-تىرىسىگە يېزىپ ماڭغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلى-شىپ، ئېلىمىزدە ئىلىم - پەن ئىشلىرى قايتىدىن يولغا قويۇل-غان كۈنلەردىكى خۇشاللىقلىرىنىمۇ خاتىرىلەپ ماڭغان. مانا بۇ خاتىرىلىرى ئۇنىڭ كېيىن «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى يې-زىشقا ئىلھام بولغان.

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەينى دەۋرلەردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ نازۇك ھەم مۇرەك-كەپ قاتلاملىرىغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىش داۋامىدا لوگى-

① بۇ ماقالە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىن-غان.

كىلىق تەپەككۇر شەكلىگە تايانغان. پەقەت لوگىكىلىق تەپەك-
كۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپلا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىرقە-
دەر كەڭ دائىرىلىك ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. دەۋر-
نىڭ، هاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئىزدىنىش ۋە ئالغا بېسىشتا دەپ
قارىغان. دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى-
لار هامان قەدىرلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن هەم مۇشۇ
خۇلاسە ـ هۆكۈم ئاساسىدا تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تاللىغان.
يازغۇچى ئۆزى تاللىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تاۋلاش، مەر-
كەزلەشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا لوگىكىلىق تە-
پەككۇر قىلىش شەكلى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئوبرازلىق
تەپەككۇر قىلىش شەكلى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۆتۈپ،
ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى هېسسىياتىنى، كۆزقارىشىنى، ئوي ـ پىك-
رىنى ئەلا، هاشىر، رازىيە ... قاتارلىق ئوبرازلار ئارقىلىق
ئىپادىلەپ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇ
رومان ئەينى دەۋرلەردىكى مۇرەككەپ هايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ
ئوبرازلىق كارتىنىسى بولۇش بىلەن، بۈگۈنكى دەۋردىكى ياشلى-
رىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى.

ئەمدى شائىر ئابدۇرېهىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى»
ناملىق داستانىنى مىسالغا ئالساق، شائىر ئۆز داستانىنى يېزىش-
تا ئاۋۋال لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى بويىچە پىكىر يۈرگۈ-
زۈشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئاشۇ 40 ـ يىللاردىكى فېئو-
داللىق رېئاللىق ئۈستىدە، بۇ رېئاللىقنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك
قىلىدىغان، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى خالىغانچە دەپسەندە قى-
لىدىغان رەزىل ماهىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر تەهلىل يۈرگۈز-
گەن، توغرا هەم ئىلمىي بولغان هۆكۈم ۋە خۇلاسىگە ئىگە
بولغان. ئاندىن ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللى-
نىپ، مۇكەممەل بولغان بەدىئىي ئىزدىنىش ئارقىلىق لەيلى،
كېرەم قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ ئۆزىنىڭ

ئاشۇ فېئودال دەۋرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش مەق-
سىتىگە يەتكەن، زۇلمەتلىك يىللارنى پاش قىلىپ بۇگۇنكىدەك
ئازاد، ئەركىن، بەختلىك دەۋرگە بولغان مۇھەببىتىنى تەسىر-
لىك ئىپادىلىگەن.

بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، يازغۇچىلار
بەدىئىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە، ئۇچراتقان تۇرمۇش ھادىسىلە-
رىنىڭ ھەممىسىلا ئۇلار يازماقچى بولغان ئەسەرلەرگە ماتېرىيال
بولىۋەرمەيدۇ. مۇبادا بولىدۇ، دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئەينەن
كۆچۈرۈپ يېزىپ قويۇلمايدۇ. بەلكى، يازغۇچى نەزىرىنى تېخى-
مۇ يىراقلارغا تاشلاپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن
ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى بىرلەشتۇرۇپ پىكىر يۇرگۇزۇش
ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۇرمۇش دېتاللىرى ئىچىدىن ئۆز ئىجادى-
يىتىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئە-
سەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن،
بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۇچراتقان نۇرغۇن ۋەقە، نۇرغۇن
شەخسلەر ئىچىدىن ماھىيەتلىك بولغانلىرىنى تاللىۋالىدۇ. ما-
ھىيەتسىز بولغانلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. يازغۇچىنىڭ مانا بۇنداق
ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە دەل يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن لوگىكى-
لىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ.

كونكرېت بىر پارچە دراما ياكى بىر پارچە رومانىنىڭ ئۆزىگە
قاراپ باقساق، بۇ دراما ۋە روماندىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى-
نىڭ يارىتىلىشى، پېرسوناژلار ھەرىكىتى، تىلى قاتارلىق جە-
ھەتلەردىكى تەسۋىرلەر ئوبرازلىق تەپەككۇرنى نامايان قىلىدۇ.
ئاشۇ دراما ياكى روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلىدىن شۇ پېرسو-
ناژلار ياشاۋاتقان رېئاللىق ۋە بۇ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى، خاراك-
تېرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر بېرىلىدۇ. مانا بۇ بىزگە لوگىكىلىق
تەپەككۇرنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» ناملىق دىرامىسى بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنى كۆرىدىغان بولساق، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى فېئودال پومېشچىكلارنىڭ خەلق ئاممىسىنى خالىغان- چە بوزەك قىلىپ خورلىشىدەك رېئاللىق نۇرۇم، غۇنچەم قاتار- لىق پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ دىرامىدا نۇرۇمنىڭ تىلىدىن فېئودال پو- مېشچىكلارنىڭ زالىملىقى، چىرىكلىكى، بۇ زامانىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغۇچە يېڭى بىر ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇلاھىزە - پىكىرلەر بېرىلىدۇ. مانا بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇردىن پايدىلىنىپ ئىنكاس قىلىش ھېساب- لىنىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىمۇ ئەلا ئوبرازد- نىڭ تىلىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى سولچىل لۇشيەن ۋە ئۇنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. جەمئىيەتنى تۇزەپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ھەققىدە ئاكتىپ پىكىر - قاراشلار شەرھلىنىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھۆكۈم سۇرۇۋاتقان دەۋرنىڭ ماھىيىتىگە ئوب- يېكتىپ باھالار بېرىلىدۇ. مانا بۇ يەردىمۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرنى رومان پېرسوناژىنىڭ تىلىغا سىڭدۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

سىياسىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ئالساق، بۇنداق ئە- سەرلەردە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇن- دا تۇرغان بولىدۇ. ئەمما، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىشىنىمۇ ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. دۇنيا تارىخىدا سىيا- سىيونلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇھاكىمىلىق ماقالىلىرىدە مەن- تىقىي پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى جانلىق، كونكرېت، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن بەزىدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەردىن پايدى-

لىنىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئىگىلەشتىن ئىبارەت تەپەككۇر جەريانىدا ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇھىم شەكلى بولغان تەسەۋۋۇر ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يازغۇچىلار كۆپىنچە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولىدىغان ھادىسىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرەلەيدۇ، ھېس قىلالايدۇ ۋە ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچى - شائىرلار رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تونۇش، پەرق ئېتىشتە، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى، كېيىنكى ئاقىۋىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتە تەسەۋۋۇرغا تايىنىدۇ. تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ ئوبرازلىق تەپەككۇرغا يول ئاچىدۇ. ئەمدى يازغۇچىلار ئاشۇ رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشتە ئۇنىڭدىن مەلۇم ئەقلىي يەكۈن ۋە خۇلاسە چىقىرىشتا لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر قانچە ياخشى قوللىنىلسا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمدارلىقىمۇ شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاش جەھەتتە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئوبرازلار، ۋەقەلىكلەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى جەلپ قىلارلىق، ھېسسىياتلىق بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ رولىغىمۇ ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. لوگىكىلىق تەپەككۇر توغرا ۋە ئىلمىي بولمىسا، ئەسەر تېمىسىنىڭ ئىلمىيلىقىغا ۋە توغرا بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلار تۇر-

مۇش ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئېلىپ بارغاندا، چوقۇم توغرا ۋە ئىلمىي بولۇشقا دىققەت قىلىش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا بۇنداق ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى توغرا، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسى ئەھمىيەتلىك بولغان بولىدۇ، ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ.

مەسىلەن، بىز زوردۇن سابىرنىڭ «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىغا قاراپ باقايلى:

ھەممىمىزگە مەلۇم، يېزىلاردا يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىشقا باشلىدى. لېكىن، يېزا - كەنتلەردىكى كىچىك ئەمەلدارلار ئۆز قولىدىكى خەلق بەرگەن ھوقۇقىدىن ئۆز نەپسى ئۈچۈن خالىغانچە پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىشكە باشلىدى. ئۆزلىرىگە مال - دۇنيا توپلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، نامرات ھالەتتە قېلىۋاتقانلار بىلەن كارى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا - كەنتلەردە باي - كەمبەغەللىك ئايرىمىسى روشەن شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ 80 - يىللاردا بىر زور مەسىلە بولۇپ، بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ياكى بېرىلمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر يېزا - كەنتلەردىكى بۇ خىل ئەھۋالغا ۋاقتىدا دىققەت بىلەن قارالمىسا ئاقىۋىتىنىڭ تولىمۇ يامان بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەتتا بۇ زىددىيەت بارغانچە كېڭىيىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە، پارتىيىمىزنىڭ يېزا سىياسىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىشى، پارتىيىمىزنىڭ ئورتاق بېيىتىش، تەڭ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش چاقىرىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى.

يازغۇچى زوردۇن سابىر جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا بېرىپ بۇ خىل رېئاللىقنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال لوگىكى-

لىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە رېئاللىقنى ئىنچىكە تەتقىق قىلدى. كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەترەتنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىش يولى بىلەن بايلىق توپلىشىنىڭ ئاقىۋەتتە قانداق مەسىلىگە ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلدى. بۇنداق يامان ھالەتنى ئۆزگەرتمىسە، تۈزەتمىسە بولمايدۇ، دەپ قارىدى. نەتىجىدە يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ مەسىلىگە دائىر تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، يىغىنچاقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ چىقتى. ئاندىن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە نىجات، گۈلسارە، نەمەنجان قاتارلىق پېرسوناژلارنى ياراتتى ۋە بۇ پېرسوناژلارنىڭ بىر قاتار تەسىرلىك ھەرىكەت - پائالىيەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بەردى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا، ئەدەبىياتتىكى تۈر، ژانىرلارنىڭ خىلمۇخىللىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە چۈشىدىغان كونكرېت ئېھتىياجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

مەسىلەن، تېما دائىرىسى كەڭ، زىددىيەت - توقۇنۇشلار مۇرەككەپ، قاتناشقان پېرسوناژلىرى كۆپ، شۇنداقلا بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى يىرىك، چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەردە لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ سالمىقى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ئەينى دەۋرنىڭ ماھىيىتىگە، سىياسىي قىياپىتىگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپى ئاپتور تەرىپىدىن ئاساسەن لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياكى ھەل قىلىنغان.

كىچىك، قىسقا لىرىك شېئىرلارنى مىسالغا ئالساق، شائىر بۇنداق شېئىردا رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان كىچىككىنە ھېس - ھاياجىنىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق شېئىرلاردا لوگى-

كىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى زورمۇزور تېڭىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىسقا، لىرىك شېئىرلاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر باشتىن ـ ئاخىر شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا، يازغۇچىلار لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ رولىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پايدىلانغان ۋاقتىدا، ئۆزلىرى يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە، مەزمۇن جەھەتتىكى سىغىمچانلىقىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

## § 4 . ئىجادىيەتتە بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش ماھارىتى

بايان بىلەن تەسۋىر ئەسەر يېزىقچىلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىز مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش، لىرىكا قاتارلىقلارنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بايان بىلەن تەسۋىرگە ئوخشاش ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرالمايدۇ.

مۇھاكىمە ئۇسۇلى بولسا پاكىت كۆرسىتىپ داۋلى سۆزلىگەندە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تەھلىل قىلغاندا، توغرا كۆزقاراشنى ئىسپاتلاپ خاتا كۆزقاراشقا رەددىيە بەرگەندە قوللىنىلىدۇ. چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بولسا، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ھالىتىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرغاندا قوللىنىلىدۇ. لىرىكا بولسا شەيئىلەرنى مەدھىيىلىگەن، ماختىغان ۋاقتىدا قوللىنىلىدۇ.

بايان ئۇسۇلى بىلەن تەسۋىر ئۇسۇلى بولسا، ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغاندا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بايان ئۇسۇلى بولسا، ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى، تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، پېرسوناژلارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندا قوللىنىلىدۇ. كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشىنى، تەرەققىياتلىرىنى، پېرسوناژلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاشۇ بايان ئارقىلىق ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كىتابخانلار بايان ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەردىكى ۋەقەلەر بىلەن تونۇشالايدۇ، تەسۋىر بولسا، مەنزىرە، تەبىئەت مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەسۋىرلىگەندە، پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ پېرسوناژ ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا تەسۋىرنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

### 1. بايان ماھارىتى

بايان دېگىنىمىز، ھەرىكەت ۋە ۋەقەلىكنى پېرسوناژ پائالىيىتى ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە بايان، پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى شۇنداقلا ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يازغۇچىلار مەيلى قانداقلا ئەسەر يازمىسۇن، باياننى چوقۇم ئىشلىتىدۇ. بايان ئىشلىتىش ماھارىتى قانچە يۇقىرى بولسا ئەسەرمۇ شۇنچە ئۇتۇقلۇق چىققان بولىدۇ.

#### 1) بايان تىلى

بايان تىلى دېگىنىمىز، بىرىنچى شەخس بايان تىلى ۋە ئۈچىنچى شەخس بايان تىلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى شەخس بايان تىلى «مەن»، «بىز» دەپ يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس بايان تىلى «ئۇ»، «ئۇلار» دەپ يېزىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ «مەن» ياكى «بىز» بايانى ئارقىلىق ھەر خىل
كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى شۇنىڭدەك ئەسەر-
دىكى پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلىكلەر جەريانىنى كەڭ كىتابخانلارغا
ئېيتىپ بېرىشتە قوللىنىلىدىغان بايان تىلى بىرىنچى شەخسلىك
بايان تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى زوردۇن سابىر-
نىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى دەل مانا
شۇنداق بىرىنچى شەخس تىلىدا، يەنى «مەن» نىڭ بايانى بىلەن
يېزىلغان. روماندىكى ۋەقەلىك، پېرسوناژلارنىڭ تەرەققىيات
كەچۈرمىشلىرى «مەن» نىڭ بايانى ئارقىلىق كىتابخانلارغا چۈ-
شەندۈرۈلىدۇ. بىز «مەن» دىن ئىبارەت بىرىنچى شەخس بايان
تىلىدىن روماندىكى باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى-
نى، گۈزەللىككە تەلپۈنۈشلىرىنى، ئىنچىكە ۋە نازۇك پىسخىك
كەچۈرمىشلىرىنى كۆرۈپ ئالىمىز ۋە ئەلا ئوبرازىغا بولغان چۈ-
شەنچىمىز ھاسىل بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر يازغاندا، بىرىنچى شەخسلىك بايان قىلىش
ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى،
ۋەقەلىك تەرەققىياتلىرىغا نىسبەتەن كىتابخانلاردا چىنلىق ھىس-
سىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. كىتابخانلارنى ۋەقەلىك
تەرەققىياتىغا جەلپ قىلىش ھەم ئىشەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغى-
لى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىدىيىۋى
ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەپ-
لىك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان «ئىز-
دىنىش» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئاپتور بىرىنچى شەخس
تىلىدا بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، روماندىكى ۋەقەلەر
تەرەققىياتى بىزگە شۇنچىلىك ئىشەنچلىك ھەم يېقىملىق بىلىنى-
دۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ۋەقەلەر جەريانىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىيا-
تىنى بىۋاستە ئىپادىلىيەلىگەن بۇ خىل ھېسسىيات بىزگىمۇ
شۇنچىلىك چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، بىرىنچى شەخس بايان ئۇسۇلىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئەسەرلەردە بىرىنچى شەخس بايان ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا، ۋەقەلىك، پېرسوناژلار پەقەت «مەن» نىڭ كۆرگەن، بىۋاستە ئالاقە قىلغان ياكى ئاڭلىغان ۋەقەلىكلىرى ھەم پېرسوناژلىرى دائىرىسىدىلا تەسۋىرلىنىدۇ. «مەن» نىڭ ھەرىكەت دائىرىسىدىن ھالقىپ باشقا ماكان، باشقا زامانىدىكى ۋەقە، پېرسوناژلارنى ئەركىن بايان قىلىش چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ. بايان قىلماقچى بولغان ۋەقەنىڭ دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت بولمايدۇ.

مەسىلەن، بىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى «مەن» نىڭ تىلىدىن بېرىلگەن مۇنۇ بايانغا قاراپ باقايلى:

*«ئېچىلغان قوقاسىنىڭ يورۇقىدا باقىنىڭ يۈزىگە سەپسالغانىدىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۈل، بوستان، بۇلبۇل، باھار دېگەن چىرايلىق سۆزلەر خىيالىمدىن ئۆچتى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۈششۈك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى ئەمەس، بۇلبۇل بولۇپ سايراپ يۈرگەن چاغلىرىنى كۆرگۈم كەلدى.»*

*«مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ ئاسمانغا قارىدىم، يېقىن بىر جايدىكى قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇن ئاي ماراپ تۇراتتى. يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇرماقلارنىڭ تونۇر بېشىدىكى ئالا كۆلەڭگىسى ئوينايتتى. كېچە بەك چىرايلىق ئىدى»* .

مانا بۇ يەردىكى بىرىنچى شەخس بايان تىلى بىزگە چىنلىق، ئىشەنچلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. لېكىن، باشقا كىشىلەرنىڭ باقىغا قانداق قارايدىغانلىقى، دەل

مۇشۇ ۋاقىتتا باشقا يەردە يەنە قانداق ئىشلار بولۇۋاتقانلىقى دېگەندەك ۋەقەلىكنى كېڭەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك جەريانلارنى با-يان قىلىشتا ئاپتور چەكلىمىلىككە ئۇچراۋاتىدۇ.

ئەسەر يازغاندا، ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات جەريا-نىنى، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كىتابخانلارغا ئۈچىن-چى بىر كىشىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىشى — ئۈچىنچى شەخسنىڭ بايان قىلىش تىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى شەخس بايان تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا بىرقە-دەر ئومۇملاشقان بايان تىلى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 2 ـ قىسمى بىلەن «ئانا يۇرت» رومانلىرى پۈتۈنلەي ئۈچىنچى شەخس بايان تىلىدا، يەنى «ئۇ»، «ئۇلار» دېگەن شەكىلدە يېزىلغان.

بىز يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «سىناق مەيدانىدىكى لەتە-پە» دېگەن ھېكايىسىدىكى مۇنۇ بايانغا قاراپ باقايلى:

*«بىر ئايدىن بىرى كوچا ـ كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن مىش ـ مىش خەۋەر ئاخىرى راستقا ئايلاندى. تۈنۈگۈن ۋىلايەت-لىك مائارىپ ئىدارىسىدىن چىققان ئۈچ كىشىلىك كومىسسىيە گۇۋاھنامە تارقىتىپ، 20 ـ ئۆكتەبىر ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلى-قىنى ئۇقتۇردى. گۇۋاھنامە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى نۇر-دۇنغىمۇ بېرىلگەنىدى. ئۇ ‹بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر-نىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش گۇۋاھنامىسى› دېگەن خەت يېزىلغان قەغەزگە تىكىلگىنىچە بىرپەس تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇنى ئۈس-تەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، بىلىكىدىكى كالېندارلىق سائىتى-گە قارىدى. چېسلا ‹18› رەقىمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى پەرۋاسىزلا سىلكىپ قويدى. قارىغاندا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۈتۈن ناھىيىنى سارامىسىگە سېلىۋاتقان بۇ خەۋەر نۇردۇن ھاكىمغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ھە-*

*مىشە ئۇيقۇسىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ شۇ پېتى قىسىلىپ، نۇرسىز پىلدىرلاپ تۇراتتى.»*

مانا بۇ ئۈچىنچى شەخس بايان تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ يەردە ھېچقانداق ۋاقىت ياكى ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن ناھايىتى ئەركىن قەلەم تەۋرەتكەن.

دېمەك، ئۈچىنچى شەخس بايان تىلىنى قوللانغاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتور ناھايىتى ئەركىن قەلەم تەۋرىتىش شارائىتىغا ئىگە بولالايدۇ. ئۆزى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ۋەقە ۋە پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتەلەيدۇ. نۇرغۇن تىپىك مىساللار ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرالايدۇ ھەم چۈشەندۈرەلەيدۇ. ماتېرىيال تاللاشتا بىرىنچى شەخسكە ئوخشاش «مەن» نىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى كەڭ ماكان ـ زامان ئىچىدە پېرسوناژ ھەم ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ زىددىيەت، كۈرەشلەرنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر پارچە ئەسەردە پەقەت بىرلا شەخس بايان تىلى قوللىنىلىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا بىر پارچە ئەسەردە بىرىنچى شەخس بايان تىلى شەكلىمۇ، ئۈچىنچى شەخس بايان تىلى شەكلىمۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە ھېكايىنىڭ باش قىسمى بىرىنچى شەخس بايان تىلى بىلەن يېزىلغان، يەنى ھېكايىدە «مەن» نىڭ لۇجېڭ كەنتىگە تاغىسى لۇسى بەگنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە شياڭلىن ھەدىنى ئۇچراتقانلىقى، كېيىن شياڭلىن ھەدىنىڭ تويۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر «مەن» دىن ئىبارەت بىرىنچى شەخس بايان تىلى بىلەن يېزىلغان. ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىمۇ يەنىلا «مەن» نىڭ تىلىدىن، يەنى بىرىنچى شەخس بايان شەكلى بىلەن يېزىلغان.

ھېكايىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى، يەنى شياڭلىن ھەدىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۆلەكلىرى «ئۆ» نىڭ تىلى بىلەن، يەنى ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلىدە يېزىلغان.

دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىرىنچى شەخس بايان شەكلى بىلەن ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلى بەزىدە مانا شۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلىدۇ. ئەمما، بىر نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇنداق ئارىلاش قوللىنىش بىرىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىكنى ئىپادىلەپ بېرىشى، پېرسوناژلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتقان بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، شەخس ئالمىشىش ۋاقتىدا چوقۇم باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشنى ئېنىق تاپشۇرۇش لازىم، ھەرگىزمۇ قارىقويۇق ئارىلىشىپ كېتىپ بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

2) باياننىڭ مۇھىم ئامىللىرى

بایاندىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژ، ۋەقە، سەۋەب، نەتىجىدىن ئىبارەت ئالتە مۇھىم ئامىل بار. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بايان ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا قايسى ۋاقىت، قايسى ئورۇن، قايسى ئادەم، قايسى ئىش (ۋەقە) قاتارلىقلار شۇنىڭدەك شۇ ئىش (ۋەقە) نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ھەم نەتىجىسى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، كىتابخانلار ئەسەرگە نىسبەتەن مۇكەممەللىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ. كەمتۈكلۈك، يېتەرسىزلىك، ئېنىقسىزلىق تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئەسەردە باشلىنىش بىلەنلا بۇ ئالتە ئامىلنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا يېزىلىپ كەتمەيدۇ. ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئەگىشىپ بۇ ئالتە ئامىل تەدرىجىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ماڭىدۇ. مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدا باياننىڭ بۇ ئالتە ئامىلنىڭ ھەممىسى

تېپىلىدۇ.

ۋاقىت دېگەندە، 50 ـ، 60 ـ يىللار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئورۇن دېگەندە، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، لەنجۇ شەھىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئادەملەر دېگەندە، ئەلا، گۈزەلئاي، ھاشىر، رەقىب ... قاتارلىق شەخسلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. قايسى ئىش (ۋەقە) دېگەن ۋاقىتىمىزدا، ئىلىم ـ پەن ئىگىلەپ دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش بىلەن بۇ خىل ئىلغار روھقا قارشى ھالدىكى شەخسىيەتچى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، كۆرەشلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ۋەقەنىڭ سەۋەبى دېگەن ۋاقىتىمىزدا، مۇشۇ كۆرەشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىقلار، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى خاتالىقلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ۋەقەنىڭ نەتىجىسى دېگەن ۋاقىتىمىزدا، كۆلپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى قايتىدىن يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى خاتا سىياسەت تۈپەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زىيالىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

دېمەك، باياننىڭ ئامىللىرى ئەگەر ئەدەبىي ئەسەردە لايىقىدا، تەبىئىي ھالدا قوللىنىلسا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش، كىتابخانلارنى قايىل قىلىش، ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىنى زىچ بىردەكلىككە ئىگە قىلىشتەك مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

### 3) باياننىڭ يىپ ئۇچى

باياننىڭ يىپ ئۇچى دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان باياندا بىرلا يىپ ئۇچى بولىدۇ، بەزى ئەسەر-

ـەردە بىرقانچە يىپ ئۇچى بولىدۇ.

ئومۇمەن باياندىكى يىپ ئۇچى كىتابخانلارغا ۋەقەلىكنىڭ تەرتىپىدىن بېشارەت بېرىپ، كىتابخانلارنى باش - ئاخىرىنى تاپالماي قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ.

4) باياننىڭ تۈرلىرى.

بايان قىلىش ئۇسۇلى ئادەتتە تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار تەرتىپلىك بايان قىلىش (يەنى ئوڭ بايان قىلىش)، تەتۈر بايان قىلىش، قىستۇرما بايان قىلىش، پاراللېل بايان قىلىش (يەنى تەڭداش بايان قىلىش) دىن ئىبارەتتۇر.

ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى، ئاخىرلىشىشى قاتارلىقلارنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئۇسۇلى تەرتىپلىك بايان قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» ناملىق ھېكايىسىنى ئالساق، كوللېكتىپنىڭ قويلىرىنى ياز بولغاندا تاغدىكى يايلاققا ئېلىپ مېڭىشى، يولدا شىۋىرغان ۋە بۆرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا يايلاققا قويلارنى ئامان - ئېسەن ئېلىپ چىققانلىقىدەك ۋەقەلىك ناھايىتىمۇ تەرتىپلىك، يەنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك يۆنىلىشى بويىچە بايان قىلىنىپ بەرگەن. مانا بۇ ئەسەردە تەرتىپلىك بايان قوللىنىلغان.

تەرتىپلىك باياننى قوللىنىشنىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ماتېرىياللارنى ئاسان تەشكىللىگىلى، سۆز - جۈملىلەرنى رەتلىك قىلغىلى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى بالداقمۇبالداق ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەگەر ماتېرىياللارنى ئىنچىكە، تەسىرلىك قىلىپ تەشكىللىمىسە، ئۇ ھالدا يازغانلىرى ھادىسىلەر تىزمىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، كىتابخانلارنى جەلپ قىلالمايدۇ.

تەتۈر بايان — ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قىسمىنى، يەنى بىرەر ۋەقەنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ۋەقە پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، شۇنداقلا ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

تەتۈر بايان ھېكايە خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپرەك ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. تەتۈر بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ رولى شۇكى، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئەسەر يازغاندا، ئەسەرنى قىزىقارلىقلا ئىگە قىلىپ، كىتابخاننى قىزىقتۇرغىلى، دولقۇنسىمان كەيپىيات يارىتىپ باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، قۇرۇلمىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، داڭلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇ چۇش ئەمەس» ناملىق ھېكايىسى مانا شۇنداق تەتۈر بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەردە ئالدى بىلەن، گۈلشەننىڭ ئۆلۈۋالغانلىقى يېزىلىدۇ، ئاندىن گۈلشەننىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكى، نېمە بولغانلىقى، قانداق ۋەقە ئىكەنلىكى دېگەنلەر يېزىلىدۇ. بىز بۇ ھېكايىنى ئوقۇش بىلەنلا گۈلشەننىڭ ئۆلۈمىنى ئۇچرىتىمىز ـ دە، گۈلشەننىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكىگە قىزىقىمىز، باش تېما ئىدىيىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

تەتۈر بايان ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، يازغۇچىلار چوقۇم ئەسەرنىڭ كېيىنكى جەريانلىرى بىلەن بولغان سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. نەتىجىسىنى يازغاندا، كېيىن يېزىلىدىغان مەزمۇن ئۇچۇن شەرت ـ شارائىت يارىتىلىشىنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم. ھېكايىنىڭ كېيىنكى قىسمى چوقۇم بېشىدىكى نەتىجىنىڭ ئىزاھلىنىشى، چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇشى لازىم.

قىستۇرما بايان — مەركىزىي ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانى-

دا، باش تېما ياكى پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىر ئالاقىدار ۋەقە ياكى پېرسوناژنى ئارىغا قىستۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

قىستۇرما بايان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاساسىي ۋەقەلىكنى تولۇقلاش، ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

قىستۇرما بايان بىر ئەسەرگە نىسبەتەن پەقەت بىر ئۆزۈندە ياكى پارچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىلار بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچە ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىگە، باش تېمىنى ئىپادىلەش، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەسەردە قىستۇرما بايان تۈگىگەندىن كېيىن ئاساسىي ۋەقەلىككە قايتىپ كېلىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدە قىستۇرما بايان ئۇسۇلى ئارقىلىق باقىنىڭ قابىل، زېرەك، ئىشچان بىر ئادەمدىن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ خورلىشى بىلەن، كارغا كەلمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك خاراكتېرىنى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەرگەن. ئەسەردە باقىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى قىستۇرما بايان قىلىنغان. بۇ قىستۇرما بايان باقىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى مەركىزىي ۋەقەنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

پاراللېل بايان — ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋەقەنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇل يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانىدا كۆپ قوللىنىلغان، يازغۇچى

سۈپۈرگەنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بولۇپ، ئارقىدىنلا ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى، قىياپەتلىرىنى، سۈپۈرگە بارغۇچە ئۇ شەھەردە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ.

## 2. تەسۋىرلەش ماھارىتى

تەسۋىر ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ كىتابخانلارغا ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پېرسوناژ، ۋەقە ھەم كۆرۈنۈشلەرنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك، خۇددى شۇ مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ ـ دە، ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدۇرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، تەسۋىر ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ چىراي شەكلىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىتىنى كونكرېت چۈشەندۈرىدۇ.

بايان بىلەن تەسۋىر بىر پارچە ئەسەردە ئوخشاشلا مۇھىم ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بايان ئىچىدە تەسۋىر بولىدۇ، تەسۋىرلەر جەريانىدا بايان بولىدۇ. بايان بولسا ئەسەردىكى پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدىكى ئادەتتىكى تونۇشتۇرۇش، چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. تەسۋىر بولسا ئەسەردىكى پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىت توغرىسىدىكى ئىنچىكە، تەپسىلىي، كونكرېت چۈشەنچە بېرىدىغان، رېئال تۇرمۇشنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەسۋىر تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پېرسوناژ تەسۋىرى ۋە مۇھىت (تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت) تەسۋىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) پېرسوناژ تەسۋىرى

پېرسوناژ تەسۋىرى ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا پېرسوناژ تەسۋىرى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسەر بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىردىنبىر ھالقا. شۇڭا بىز ئەدەبىيات ـ ئادەمشۇناسلىق پېنى دەپ ئاتايمىز.

بىزگە مەلۇمكى، ئادەم بولسا جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىدۇر. ئادەم بولمايدىكەن، جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ، ئوخشاشلا ئادەم تەسۋىرى بولمايدىكەن، ئەدەبىي ئەسەرمۇ بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھەر خىل كۆرەشلىرى، روھىي قىياپىتى، ئەخلاقىي پەزىلىتى قاتارلىقلار ئەسەردە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەچكە، پېرسوناژ تەسۋىرى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

پېرسوناژ تەسۋىرى يەنە قىياپەت (پورترېت) تەسۋىرى، پسىخىك (روھىي ھالەت) تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، تىل (دىئالوگ) تەسۋىرى، دېتاللار تەسۋىرى، ۋەقە تەسۋىرى، بايان تەرەپتىن تەسۋىرلەش، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

قىياپەت تەسۋىرى دېگىنىمىز، پېرسوناژنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ پېرسوناژنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، چىراي شەكلى، تەقى ـ تۇرقى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى كىتابخانلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرەپ بولغاچقا، يازغۇچىلار بۇ خىل تەسۋىرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. تاشقى قىياپەت تەسۋىرىدىن بىز مەلۇم دەرىجىدە شۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «جىمجىت جۇڭغارىيە» ناملىق رومانىنىڭ 1 ـ قىسمىد

تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان زەينۇلنىڭ تاشقى قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

*«زەينۇل تىلماچ ئورۇق، ئېگىز بوي، قىرلىق بۇرۇن، چېچەك يۈزلۈك، 25 ـ، 26 ـ ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مايتاغدىكى ۋەزىپىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى.»* (رومانىڭ 398 ـ بېتى)

بۇ رومانىنىڭ 418 ـ بېتىدە تىرىشچان، بىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان، ھەقىقەت تەرەپتە تۇرىدىغان خاراكتېرلىك يىگىت شياۋلىيۇنىڭ تاشقى قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

*«شياۋلىيۇ ئوتتۇرا بوي، يۈزى يۇمىلاق، ھەمىشە ئويچان يۈرىدىغان، كەم سۆز، ئۆز ئىشىغا پۇختا، 25 ياشلاردىكى زىيالىي ياش بولۇپ، باش ئىنژېنېر ئىشخانىسىدا كاتىپلىق قىلاتتى.»*

ئۇنىڭدىن باشقا لۇشۇن «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە شياڭلىن ھەدىنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ھالەتلەرنى جەمئىي تۆت قېتىم تەسۋىرلىگەن. بىز ھەر قېتىمدىكى تەسۋىردىن شياڭلىن ھەدە خاراكتېرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىش — تراگېدىيىلەرنى كۆرۈۋالىمىز.

دېمەك، تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ئەسەرلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنى كونكرېت، ئېنىق قىلىپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى مۇ بەزىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان «جىمجىت جۇڭغارىيە» رومانىدىكى زەينۇلنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ئۇنىڭ چېقىمچى، كاززاپ، ئىككى يۈزلىمىچى خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن.

پسىخىك تەسۋىر پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە مۇھىت ۋە شارائىتتىكى ئىرادىسى، ئارزۇسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇيغۇسى ۋە كەچۈر-

مىشلىرى قاتارلىق مەنىۋى پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشـ ـنى مەقسەت قىلىدۇ. يازغۇچىلار بۇ تەسۋىر ئارقىلىق ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئىجابىي پېرسوناژنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ناماـ يان قىلىپ بېرىدۇ. سەلبىي پېرسوناژنىڭ چىرىكلىكى، رەزىلـ ـلىكى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. پسىخىك تەسۋىر ئادەتتە پېرسوناژنىڭ مونولوگى، ھەرىكىتى، قىياپىتى، چىراي ئىپادىسى، خىيالىي، چۈشى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىچكى دۇنيا ئەمەلىيەتتە پېرسوناژ پائالـ ـيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىـ ـنىمۇ، نېمە ئويلايدىغانلىقىنىمۇ سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مانا شۇ چاغدا بۇنداق پېرسوناژلار كىتابخانلارغا ئۆز كۆزى بىلەن كۆـ ـرۈپ، خۇددى شۇ پېرسوناژ بىللە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەلەيدۇ.

پسىخىك تەسۋىرنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇلگىلىرىنى بىز يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. ئۇ ئەسەرلىرىدە پسىخىك تەسۋىرنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان يازغۇچى. مەسىـ ـلەن، ئۇنىڭ «قوشنىلار» ناملىق ھېكايىسىدىكى مۇنۇ پسىخىك تەسۋىرگە قاراپ باقايلى:

*«نەس جاھان، نەس باسقان دۇنيا، — دەپ زارلىدى ئۇ بوستاندىكى كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېلىپ قاتتىق ئۇھ تارتىپ، — بۇنىڭ نەسلى قۇرىغۇچە مېنىڭ نەسلىم قۇرۇيدىغان ئوخشايدۇ. كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەن شۇ. پېشانەڭنىڭ كاجلىقى ـ دە، باياشادلىق بولۇپ مۇنۇ سالىدەكلەرنىڭ ئوشۇقى ئالچا چۈشكىلى تۇردى. ئەسكى ـ تۇسكىگە قاراشقا ھېچكىمنىڭ كۆزى يوق. كىچىك ئىسكىلاتتىكى كونا ـ يالغاننىڭ بازىرى چىققسا بولاتتى. مەمۇرچىلىق بولسا ئەسكىگە بازار يوق. ئىلاھىم*

*بىر ئاچارچىلىق بولسا ئىدى، شۇ چاغدا مۇنۇ سالىدەكلەر ئۈششۈك چۈجىسىدەك قانىتىم ئاستىغا چۈكۈلداپ كىرىشەتتى. يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت، مېنىڭمۇ تىلىكىم ئىجابەت بولۇپ، مەمۇرچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، قەھەتچىلىك باشلىنار ئىلاھىم.»*

خىيال ۋە مونولوگ تۈسىدە بېرىلگەن بۇ پىسخىك تەسۋىردە پېرسوناژنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى، ئىچكى توقۇنۇشى بىلەن ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلىرى بەكمۇ ئېنىق، بەكمۇ جانلىق ئەكس ئەتكەن. جامىنىڭ رەھىمسىزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن خۇنۇك روھىي دۇنياسى ئايان بولغان. دېمەك، دەل ۋە جايىدا بېرىلگەن كىچىككىنە بىر پىسخىك تەسۋىر پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە رول ئوينىغان.

ھەرىكەت تەسۋىرى — پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئوخشاشلا پېرسوناژنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

ھەرىكەت تەسۋىرى پېرسوناژنىڭ مۇئەييەن شارائىت ۋە بەلگىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتىدىكى ئىش - ھەرىكىتىنىڭ جانلىق ۋە ئوبرازلىق سىزىپ بېرىلىشىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار ھەرىكىتى شۇ پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشى بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەرىكەت تەسۋىرىنى قوللانغاندا، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىپىك ئىش - ھەرىكەتلەرنى تاللاپ تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بىز يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئېھ، تۈپلىق يول»

ناملىق ھېكايىسىدىكى تۆۋەندىكى ھەرىكەت تەسۋىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى، بۇ ھەرىكەت تەسۋىرىدە شوخ ۋە چىرايلىق ياش ئايال گۈلئايشەمنىڭ روزەك بەز بىلەن بولغان مۇھەببەتسىز تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ، يېڭى بىر ئىشقىي ھەۋەس ئارزۇسىغا تەلپۈنۈۋاتقان روھىي دۇنياسى ناھايىتى كونكرېت ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ بېرىلگەن. گۈلئايشەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

*«ئۇ شېرىن مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى. يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورىكىدىن بىزار بولۇپ، كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ سىرتقا چىقتى. دالا ئايدىڭ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق تارتىلغاندەك، گىرىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك، بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكىلا بىر خىل ئەندىكىش، سېغىنىش بىلەن تېپىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈلئايشەم ئوڭ ياڭىقىنى ئالىقىنىغا قويۇپ كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ناخشا مۇڭلۇق، تاتلىق ئىدى.»*

تىل تەسۋىرى — پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەۋاسىتە ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ئۇ پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگ ۋە نۇتۇقلىرىغا قارىتىلغان.

تىل تەسۋىرىدە نۇقتىلىق ھالدا پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى سىزىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم ئىندىۋىدۇئال بولۇش، ئوبرازلىق بولۇش، جانلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىدە قېرى، كۆرۈمسىز دېھقان روزەك بەز بىلەن پۇلخۇمار، گۈزەل ئايال گۈلئايشەمنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇچراش-

قان ۋاقتىدىكى تۇيغۇ ھەم تەسىراتلىرىنى مۇنداق دىئالوگ تەسۋى-
رى بىلەن ئىپادىلىگەن:

*« ــ خېنىم بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھ-
قانغا ئاش بولالىمۇ، ــ گۆلئايشەمنىڭ كۆلكىسى تۆگىگەندىن
كېيىن روزەك بەز ئايالدىن سورىدى.*

*ــ خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن، ماڭىمۇ بەزلىك قىلالا-
مۇ؟*

*ــ توپىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا، بېيىمايدۇ،
خېنىم!*

*ــ سىقىپ، سىقىمىمدىن چىققاننى يالا دېسىلە، سىلىگە
ئاش بولمايمەن، ھەممە گەپنى ھامام ئېيتقاندۇ، ھامامنىڭ
دېگىنىگە كۆنسىلە، مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن!*

*ــ كۆنگەچكە ئالدىلىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمەن، خې-
نىم! »*

مانا بۇ تىل (دىئالوگ) تەسۋىرىدىن روزەك بەز بىلەن
گۆلئايشەمنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى ئىپادىلى-
نىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن جانلىق بولغان خەلق
تىلى، تۇرمۇش تىلى قوللىنىلغان.

دېتاللار تەسۋىرى — پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ
بېرىدىغان ۋەقەدىن باشقا يەنە پېرسوناژنىڭ روھىي قىياپىتىنى
ئىپادىلەپ بېرىشتە رول ئوينايدىغان ئالاھىدە بىرەر تۇرمۇش
دېتالىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىشكە قارىتىل-
غان. بۇنداق قىلغاندا كىتابخانلارنىڭ پېرسوناژلارنى چۈشىنى-
شىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئۇنۇملۇك ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، «سىيىت نوچى» ناملىق ئەسەردە سىيىت نوچى-
نىڭ ئۇچتۇرپاندا بىر چېرىك بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى قانداق
ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە دېتال سۈپىتىدە ئىنچىكە تەسۋىرلى-
گەن. بۇ تەسۋىر ئومۇمىي ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىدە پەقەت نىسبىي

ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارغا سىيىت نوچىنىڭ قەيەردە زۇلۇم بولسا شۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەقىقەتنى ياقلايدىغان باتۇر خاراكتېرىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ۋەقە تەسۋىرى — ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتور تەرىپىدىن تۇرمۇشتىن تاللاپ ئېلىنغان، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋەقەلەرنى يېزىشقا قارىتىلغان.

ئەدەبىي ئەسەر ۋەقەدىن ئايرىلمايدۇ. ھەرقانداق بىر پارچە ئەسەر ۋەقەلىك ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، ئاپتور ۋەقەلىك تەسۋىرىدە چوقۇم ۋەقەنىڭ ئادەم ۋە ئورۇندىن ئايرىلمايدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا پېرسوناژلار تەسۋىرىدە يەنە يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ.

يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش دېگىنىمىز، ئاپتورنىڭ پېرسوناژنى بىۋاستە، توغرىدىن ـ توغرا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى باشقا پېرسوناژ ۋە ۋەقەنى تەسۋىرلەش جەريانىدا ئاشۇ باشقا پېرسوناژلارنىڭ بايانى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ياندىن تەسۋىرلىنىدىغان پېرسوناژ ئەسەردە ئاساسەن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

مەسىلەن، يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوبرازى ئاشۇنداق ياندىن تەسۋىرلەنگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش بولسا، يازغۇچىنىڭ ئۆز پېرسوناژىنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى ۋە ھەر خىل سۈپەتلىرى توغرىسىدا باشتا ياكى ئاخىرىسىدا كىتابخانلارغا بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسىدە مەتنىيازنىڭ شەھەردىن نىمە ئۈچۈن يېزىغا كۆچۈپ چىقىپ قالغانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرىدۇ. ئاندىن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

2) مۇھىت تەسۋىرى

مۇھىت تەسۋىرى ئادەتتە مەنزىرە تەسۋىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مۇھىت تەسۋىرى تەبىئىي مۇھىت (تەبىئەت مەنزىرىسى) تەسۋىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت (جەمئىيەت مەنزىرىسى) تەسۋىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى — تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ تەسۋىرلەر باش تېمىنى ئىچىپ بېرىش، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەنزىرە تەسۋىرى مەيلى پېرسوناژلار ھەرىكىتىدىن ئايرىلىپ ئايرىم تەسۋىرلەنسۇن ياكى پېرسوناژلار ھەرىكىتى بىلەن كىرىشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنسۇن، ئۇ چوقۇم ئۆز ئالدىغا يەككە نەرسە بولماسلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرىنى چوقۇم ياخشى ھەم پىلانلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئۇ ئەدەبىي ئەسەردە كەيپىيات يارىتىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئورۇن ـ جاينىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بېرىش قاتارلىق رولىلارنى ياخشى ئارتتۇرالايدۇ.

مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» ناملىق ھېكايىسىدىكى مۇنۇ مەنزىرە تەسۋىرىگە قاراپ باقايلى:

*«مانا كۈنمۇ چىقتى. ياپيېشىل قارىغايلار بىلەن قاپلانغان مىڭ مارال چوققىلىرىغا قۇياش نۇرى قىزىل ھەل بەردى. يېشىل قاپتاللاردا يامراپ قىيغىتىشىپ ئەركىن ئوتلاۋاتقان سان-*

*سىز قويلار ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان چەكسىز ئېتىزلاردىكى غوزىـ
لىغان پاختىلارنى ئەسلىتەتتى.*

*چىرايلىق مەنزىرىگە تويماي قاراپ تۇرغان سەيپى ھاياجان
بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ مۇنداق دەيتتى ...»*

مانا بۇ تەسۋىردە گۈزەل مەنزىرە ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ
كۆتۈرەڭگۈلىكى، خۇشال روھي ھالىتى ئېچىپ بېرىلىۋاتىدۇ،
شۇنىڭدەك يەنە ئېپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى — مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ئىجـ
تىمائىي ۋەزىيىتى، سىياسىي ئالاھىدىلىكلىرى، كىشىلەر ئوتـ
تۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى
كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئىجتىمائىي مۇھىت
ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىچىدە ياشايدۇ ھەم يارىتىلىدۇ.
بۇ تەسۋىرمۇ ئوخشاشلا دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش،
خاراكتېرنى ياخشى ئېچىپ بېرىش، سۇژىتنى تەرەققىي قىلدۇـ
رۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

*مەسىلەن، يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»
ھېكايىسىدىكى مۇنۇ ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرىگە قاراپ باقايـ
لى:*

*«بۇ ئائىلىدە كۆپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تۇيۇنۇش ھۆكۈم
سۈرەتتى، باللار تاماقنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ چاينىماي
يۇتىدۇ. قاچىدا ھېچ نەرسە قالمىغاندىن كېيىن تاماقنىڭ تاتلىقى
قالغان بارماقلىرىنى يالاپ شۈمەپ، ئانىسىغا ‹يەنىچۇ› دېگەندەك
بويىنىنى سىڭايان قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.» «بىز تېخى كىـ
چىك ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزدىن قالغان بىرنەچچە مو
يېرىمىزنى ئۆزىمىز تېرىپ باشقۇرالمايتتۇق. مەھەللىمىزدە ئۆـ
زىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەرلىرىگە دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە
يېرىنى تېرەلمىگەن بىرنەچچە دېھقان بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىـ*

*ىدىغان بىر خوجايىن بار ئىدى. بىر يىلى بىزمۇ شۇ ئادەم*
*بىلەن ئورتاقچىلىق قىلدۇق».*

مانا بۇ ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرىدە باقى ياشىغان دەۋر-
نىڭ خەلق ئازاب چېكىۋاتقان، تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئۆتۈ-
ۋاتقان، يەر ئىگىلىرى، پومېشچىكلار كەمبەغەل دېھقانلارنى قاق-
تى - سوقتى قىلىۋاتقان ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۆتمۈش جەم-
ئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ تەسۋىر-
دىن ئەينى دەۋردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ھەق-
قىدە تونۇشقا ئىگە بولىمىز. يازغۇچىنىڭ كونا جەمئىيەتنى تەن-
قىدلەپ باقىغا ئوخشاش زۇلۇم تارتقان كەمبەغەل كىشىلەرگە
ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىدەك باش تېمىسىنى ھېس قىلىمىز،
باقىنىڭ ئېزىلگەن، خورلانغان خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆ-
رىمىز.

ئومۇمەن ئالغاندا، بايان ۋە تەسۋىر ئەدەبىي ئەسەر يېزىقچى-
لىقىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يازغۇچىلار ۋەقەلىكنى
قانات يايدۇرۇش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇش، باش
تېما ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە بايان ۋە تەسۋىردىن ئىبارەت
بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.
بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى چىنلىققا
ئىگە قىلىش، كىتابخانلارنى جەلپ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم
رولى بار. يازغۇچىلار ئىجادىيەتتە بۇنداق تەرەپكە دىققەت قىلىشى
زۆرۈر.

## § 5 . ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ئەسەر-دىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىش

بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسۋىر

ئىستىلىستىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېزىقچىلىقتا ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوبرازلىق تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى تولۇق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ، ئابستراكتنى ئۇقۇملار ۋە شەيئىلەرنى ئېنىق ئەكس ئەتتۇرگىلى، بەدىئىي ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بەدىئىي ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەتراپلىق، تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ يېزىقچىلىقتا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئەسەر تىلىنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، تىلنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ۋە كونكرېت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېزىقچىلىقتا ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق قوللانغاندا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا، مۇكەممەل ئىپادىلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن، ماكسىم گوركىينىڭ «دانكو» ھېكايىسىدىكى تۆۋەندىكى پارچىغا قاراپ باقايلى:

*... «جاڭگاللىق شۇنداق قاراڭغۇلاشتىكى، دۇنيا يارالغاندىن بۇيان، قانچە قاراڭغۇ كېچىلەر ئۆتكەن بولسا، گويا شۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغاندەك بولۇپ قالدى ... دانكو بىردىنلا ئۆزىنىڭ كۆكسىنى قولى بىلەن ياردى ـ دە، يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىپ، بېشىنى ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى. يۈرەك خۇددى كۈنگە ئوخشاش، ھەتتا كۈندىنمۇ يورۇق لاۋۇلدىدى، مانا ئەمدى ئادەملەرگە بولغان ئۇلۇغ مۇھەببەت مەشئىلى بىلەن يورۇغان پۈتۈن جاڭگاللىق جىمجىت بولۇپ قالدى. قاراڭغۇ زۇلمەت يورۇقچىلىقتىن قېچىپ، جاڭگاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سېسىق سازلىققا بېرىپ تىقىلدى ...»*

بۇ نېمىدېگەن كارامەت ئوخشىتىش، نېمىدېگەن جانلىق سۈرەت ـ ھە! «قاراڭغۇ كېچە» لەرنىڭ «ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغاندەك بولدى» دېگەندە، تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

نۇقتىسىدا قانات يايغان چەكسىز قاراڭغۇ زۇلمەتنى كۆز ئالدى-
ڭىزغا كەلتۈرىسىز، «كۆكسىنى قولى بىلەن ياردى»، «يۈرى-
كىنى يۇلۇۋالدى» دېگەندە، تەڭداشسىز پىداكارلىقتىن ھاسىل
بولغان ئاجايىپ بىر سەلتەنەتلىك ھەرىكەت ۋە ئاۋازنى كۆزىڭىز
بىلەن كۆرۈپ، قولىقىڭىز بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.
«كۆنگە ئوخشاش»، «كۆندىنمۇ يورۇق» دېگەندە، بەخت -
سائادەت ئىچىدىكى شادلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلىسىز.
دېمەك، ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى
گۈزەل، جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە
قىلىدۇ.

ئۇنداقتا ئىستىلىستىك ۋاستە دېگەن نېمە؟

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئا-
شۇرىدىغان، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، سۆز - جۈملىلەرنىڭ گۈ-
زەل، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋاستە
ئىستىلىستىك ۋاستە دېيىلىدۇ. تۆۋەندە ئىستىلىستىك ۋاسى-
تىلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىرقانچە تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ يېزىق-
چىلىقتىكى رولى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئوخشىتىشنىڭ رولى

ئوخشىتىش نەرسە ياكى ھادىسىلەرنى كىتابخانلارغا ئېنىق
گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ، كىتابخانلاردا شۇ نەرسە ياكى ھادىسە
توغرىسىدا ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئوخشىتىش ناھايىتى
كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىك ۋاستە بولۇپ،
مۇرەككەپ داۋلىلارنى كونكرېتلاشتۇرۇشتا، پېرسوناژلارنى سۈ-
رەتلەشتە، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە ناھايىتى زور رول ئويناي-
دۇ. مەسىلەن:

*«قاپتالدا يانباغىرلاپ ياتقىنىمدا قۇلىقىمغا بىر كۈي ئاڭلان-*

ىدى:

*سەبىي بوۋاقنىڭ تېلىقىپ كۈلىشىدەك،*
*قازاق ئاقىنىنىڭ دومبۇرىنى چېرتىشىدەك.*
*تاشۋاينىڭ زەخمەك ئۇرۇشىدەك،*
*ئاتلىق پولكلارنىڭ ھۇررا كۆتۈرۈشىدەك ...»*
*بۇ كۈي قىلىن قار ئاستىدىن، جىلغىدىكى مۇزلار قېتىدىن كېلىۋاتاتتى.*

(مۇختەر مەخسۇتنىڭ «قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي» ناملىق نەسرىدىن)

ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بولىدۇ. ئەگەر ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ۋە ئوخشاشلىق بولمايدىكەن، ئۇلارنى ئوخشىتىشقا بولمايدۇ.

ئوخشىتىشلار توغرا ھەم ئورۇنلۇق قوللىنىلسا، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، شەيئىلەرنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرۈپ ئەسەر تىلىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان شەيئى ئىجابىي شەيئى بولسا، ئۇنى ئىجابىي شەيئىلەر بىلەن، سەلبىي شەيئى بولسا، سەلبىي شەيئىلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن:

*«ھەممىيلەن ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، ھاجىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلەنگەن بۆركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك يالت - يۇلت قىلىپ كەتتى» . (ئىجابىي ئوبراز)*

*«ئىچكىرىدىن چىققان ئەمەلدارلار شىنجاڭغا چۈنتەك توشقۇزۇشقىلا كېلىدىغان، ئۇلار خۇددى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ۋە باغ - ۋارانلىرىنى ۋەيران قىلىپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كې-*

*يمن، قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىدىغان ياۋا توڭگۇزلارغا ئوخشاي-*
*دىكەن» .* (سەلبىي ئوبراز)

(ئابدۇرېهىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىن)

ئوخشىتىشلار ياسىلىشى ۋە رولىغا ئاساسەن، ئېنىق ئوخ-
شىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ
ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

1) ئېنىق ئوخشىتىش. ئۇ روشەن ئوخشىتىش بولۇپ،
ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ،
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت «دەك»، «تەك»
قوشۇمچىلىرى ۋە «گويا»، «خۇددى»، «ئوخشاش» دېگەندەك
سۆزلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*«يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يېغىشقا*
*باشلىدى»*

2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش. يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئېنىق
ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ،
ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئېنىق
ئوخشىتىشقا قارىغاندا تېخىمۇ زىچ ۋە يوشۇرۇن هالدا بولىدۇ.
ئەمما كىتابخان ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ بارلىقىنى
ئېنىق هېس قىلىدۇ. ئېنىق ئوخشىتىشتا ئوخشاشلىق ئاساس
بولسا، يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا ماسلىشىش ئاساس بولىدۇ. مە-
سىلەن:

*«ئەنە، ئاۋۇ جىلغا ئىچىگە باشلاپ كىرىدىغان تارغىنا يول*
*قاسنىقىدىكى ئاپئاق لېچەك ئارتقان تال سۆگەت ۋە قارىياغاچلار*
*باش باهاردىكى هۆپپىدە ئېچىلغان نەشپۈت چېچەكلىرىنى ئەسلە-*
*تىدۇ.*

*(مۇختەر مەخسۇتنىڭ «قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي» ناملىق نەسرىدىن.)*

3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش. ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەيدىغان، پەقەت ئوخشىغۇچى شەيئىلا بولۇپ، ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوخشىتىشتۇر. بۇ خىل ئوخشىتىش ئالدىنقى ئىككى ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىر قەدەم چوڭقۇرلاشقان ئوخشىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

*4967. كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،*
*يورىدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى.*
*(«قۇتادغۇبىلىك» تىن)*

يېزىقچىلىقتا ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىپ ئوبراز ياراتقىلى، مۇرەككەپ داۋلىلارنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوبراز يارىتقاندا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. لۇشۈن «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە ياڭ ئېرساۋنىڭ ئوبرازىنى ئوبدان ياراتقان. مەسىلەن:

*«كۆزۈمگە مەڭز سۆڭەكلىرى چىقىپ كەتكەن، لەۋلىرى نېپىز بىر ئايال كۆرۈندى. ئەللىك ياشلارغا كىرگەن بۇ ئايال مېنىڭ ئالدىمدا قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشتانلىق ئۇزۇن پۇتلىرى خۇددى كەڭ ئېچىلغان سىركۇلدەك بولۇپ تۇراتتى».*

بۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلگەن، يەنى «كېرىپ تۇرۇلغان پۇت» بىلەن «سىركول» ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار.

ئوخشىتىش بىلەن داۋلى چۈشەندۈرگەندە، ئوخشالغۇچى

بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئىچكى باغلىنىش مۇناسىۋىتى گەۋدىلەن-
دۇرۇلۇشى لازىم. مەسىلەن:

*«سەھەرگە يېقىن دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈردى. تۇن زۇلمى-
تى تارقاپ، ئۇپۇق سوزۇلدى، تاڭ شەپىقى ئۇنىڭ جەسىتىگە
ئوتقاشتەك قىزىل يوپۇقنى ياپتى ...»*
*(ھاجى ئەخمەتنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دىن)*

2. جانلاندۇرۇشنىڭ رولى

يېزىقچىلىقتا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېنىق، جانلىق ۋە تەسىر-
لىك بولۇشى ئۈچۈن، بەزىدە جانلىق، جانسىز نەرسىلەر
ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىياتقا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشاش
تەسۋىرلىنىدۇ ياكى جانلىق نەرسىلەر جانسىز نەرسە قىلىپمۇ
تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن:

*«قار ئەكسىدە مىڭ كۆز بولۇپ چاقناۋاتقان، قارىغاي ئا-
راشلىرىدىن ئالتۇن قوللىرىنى سوزۇۋاتقان، جىلغىلارنىڭ تى-
نىقلىرىدا ئوتلۇق تەپتىنى بېرىۋاتقان قۇياش جىلۋىسى بىزنى
تونۇۋالدى.»*
(مۇختار مەخسۇتنىڭ «قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي» ناملىق
ئەسىرىدىن)

جانلاندۇرۇش ئەسەر تىلىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ.
جانلاندۇرۇش مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرى
ئاشىدۇ. كىتابخانلاردا جانلىق، روشەن تەسىرات پەيدا قىلىپ،
ئۇلارنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تونۇشىغا يېقىندىن
ياردەم بېرىدۇ.
جانلاندۇرۇش ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى جانسىز نەر-

سىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش، يەنە بىرى جانلىق نەرسىلەرنى جانسىزلاشتۇرۇش.

نەرسىلەرگە ئادەملەردىكى ئىدىيە، ھېسسىيات، تۇيغۇر ۋە ھەرىكەتلەرنى چېتىپ، ئۇنىڭغا ئادەملەرگە خاس بولغان ھەرىكەتلەرنى قىلدۇرۇش ئادەملەشتۈرۈش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*«زىلال سۇ كۈمۈش بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ ئۆز كۈيىنى ياڭراتماقتا ...»*

*«گۈلخان تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ لاۋا ئاتماقتا».*

(مۇختەر مەخسۇتنىڭ «قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي» ناملىق نەسرىدىن)

يېزىقچىلىقتا ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ رولى ناھايىتى زور. نەرسىلەرگە ئادەملەرنىڭ قىلىق ـ خۇسۇسىيەتلىرى بېرىلسە، كىشىلەرگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. كىتابخانلار ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ، ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى تىلنىڭ جانلىقلىقىنى، لىرىكىلىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئىلھام بېرىدۇ.

نەرسىلەشتۈرۈش — ئادەمنى نەرسە قىلىپ يېزىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ھەجۋىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**3. مۇبالىغىنىڭ رولى**

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشى، تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن كۆپ دەرىجە ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

*ئالته ئاي يىلقاڭنى باقتىم،*
*بەرگىنىڭ مۇشتۇمچە تاي.*
*مەن پىيادە، سەن ئاتلىق،*
*ئەمدى مەن قانداق قىلاي.*
(«غۇلجا خەلق قوشاقلىرى» دىن)

ئەسەر يازغاندا مۇبالىغە توغرا، مۇۋاپىق، ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلسە، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بايان قىلىنماقچى بولغان شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

*«ئۇلار بىر پارچە تۇزلۇكتىن ئۆرلەپ داۋاننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. پەللىنىڭ ئۈچىدا كىچىكىنە چىلەك بىر پارچە تۇز يەر بار ئىكەن. بۇ يەردىن پەسكە قارىغاندا پۈتكۈل دۇنيا ئاياغ تېگىدە تۇرغاندەك، يۇقىرىغا قارىغاندا باش ئاسمانغا تاقاشقاندەك قىلىدۇ.»*
(سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدىن)

يېزىقچىلىقتا مۇبالىغە تىلنىڭ جانلىقلىقىنى ۋە ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا رومانتىزملىق روھنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

*«ئۇ كۈلسە پۈتۈن كۆك ئاسمانمۇ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كۆك ئاسمانمۇ بىللە يىغلايتتى.»*
(«ئوغۇزنامە» دىن)

موبالىغە ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىمۇ ئاساس قىلىدۇ. ئاپتوردا كۈچ-

لۇك تەسىرات بولماي تۇرۇپ مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللانسا كۆپ-تۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئاساس قىلىنمىسا، ئەمەلىيەت بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. ئىلمىي ماقالە، قارار، ئۇقتۇرۇش، ئاخبارات، ئېلان ۋە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردا مۇبالىغىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

4. سىمۋولنىڭ رولى

مەلۇم بىر شەيئى - ھادىسىنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بول-غان ئىككىنچى بىر شەيئى ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈ-رۈش يېزىقچىلىقتا دائىم ئۇچرايدۇ.

يېزىقچىلىقتا سىمۋول ئوي - پىكىرنىڭ چۈشىنىشلىك، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. سىمۋول قىلىش ئۇسۇلىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ئادەم ياكى .شەيئىلەرنىڭ نامى توغرىدىن - توغرا، بىۋاسىتە ئاتالماي، بەلكى شۇ ئادەم ياكى شەيئى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان باشقا نەرسە ياكى شەيئىنىڭ ئىسمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ماكسىم گوركىينىڭ «بورانقۇش قوشىقى» دېگەن نەسرى شېئىرىدا بوراننىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تەنتەنىسى كۆتۈرۈ-لۈش ئالدىدا تۇرغان رۇسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ سىمۋو-لى قىلىنغان. «بېلىق ئالغۇچلار» ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇ-نىدىن قورقۇپ، يۇرىكى يېرىلىپ كەتكۇدەك ھالغا چۈشۈپ قال-غان رۇسىيە بۇرژۇئا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

سىمۋول قىلىش ئۇسۇلى يېزىقچىلىقتا شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە كىتابخانلار چوڭقۇر ئويلاندۇ-رۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا زور رول ئوي-نايدۇ.

سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا سىمۋول قىلىنغان شەيئى بى-ۋاستە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنى كىتابخانلار ئويلاپ تەسەۋۋۇر ئارقى-

لىق ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى، سىمۋول شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقتا ئاساسلىنىدۇ. مەسى- لەن:

*ئەي تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى،*
*كۆزلەرنى يىللاپ ياساپ ئۆتەمسەن.*
*رەھىمسىزلەرچە گۈرزە بىلەن،*
*باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇرامسەن،*
*ياق! سېنىڭ ئىزگۇ شەپقىتىڭ يوق،*
*ئۆمىلىگەن چايانسەن.*

*يىغلاپ زارلانسا،*
*رەھىمسىزلىكتە قارا قەھرىمانسەن.*
*سەن قارا قەھرىمان ئۆز دەۋرىڭدە،*
*چىشلەپ كۆزىنى ياشلايسەن،*
*كىملەرنى قاقشاتمىدىڭ،*
*تاغ، دېڭىز، جانلارنى سەن.*
......................................

(ئەنۋەر ناسىرنىڭ «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرىدىن)

بۇ شېئىردا سوغۇق قىشنى مۇدھىش كونا جەمئىيەتكە سىم- ۋول قىلىش ئارقىلىق كونا جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ئېزىدىغان شەپقەتسىزلىكىنى پاش قىلغان.

### 5. سېلىشتۇرۇشنىڭ رولى

بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل نەرسە ياكى چۈشەن- چىنى ياكى بىر نەرسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنى

بىر - بىرىگە سىڭىشتۈرۈپ، ئوي - پىكىرنى ئېنىق، گەۋدىلىك ئىپادىلەشمۇ يېزىقچىلىقتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردۇر. مەسىلەن:

*گۈلنىڭ گۈزەللىكى ياپراق بىلەن،*
*ئادەم گۈزەللىكى ئەخلاق بىلەن.*
(خەلق ماقالىسى)

ماقالە - ئەسىرلەردە سىڭىشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن جانلىق پايدىلىنىلسا، ئۇ ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ۋە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

*«مەھبۇس غالىبانە سۈرەتتە ئۆز دۈشمەنلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى.»*
*«تېرگاۋچى ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قان ئىچىشكە تەييار تۇرغان جاللاتلارغا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. بىر توپ بەتبەشىرە مەخلۇقلار تەرەپ - تەرەپتىن يىگىتكە يېپىشتى.»*
(ھاجى ئەخمەتنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دىن)

بۇ مىسالدا ئوخشاش بولمىغان قارىمۇقارشى ئىككى خىل ھالەت كۆرسىتىلىپ، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

بەدىئىي ئەسەرلەردە بەزىدە ئىككى پېرسوناژنىڭ پورترېت تەسۋىرى، پسىخىك ئۆزگىچىلىكى، باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە مۇئامىلىسى ئۆزئارا روشەن سىڭىشتۈرمىلار ئارقىلىق

بىرىلىپ، كىتابخانىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

*«ئۇلار ياندىشىپ مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا قاراڭ: بېشىر دوغىلاق، قىسقا بويۇن، كەڭ يەلكە، ئاياغلىرى مەزمۇت ئەزىمەت. رازاق ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە شۇدىنما، پۇت-لىرى ئىنچىكە، تىزى ئېگىلىپ تۇرىدىغان دۇمچەكرەك ئادەم، چىرايلىرىچۇ؟ بېشىر قارا قۇمچاق، يۈزلىرى ياپىلاق، ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىل، ساقال - بۇرۇتلۇق، كۆرۈمسىز ئا-دەم، رازاق ئۇنىڭ تەتۈرىچە، ئاق سېرىق، ئاياللاردەك سىلىق يۈز، بۇرنى كىچىك، كۆزى يوغان كوسا يىگىت ... بېشىرنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ، موزاينىڭكىدەك قوپال؛ رازاقنىڭ ئاۋازى بويىدەك ئىنچىكە ۋە جاراڭلىق. ئەمدى مىجەزىگە كەل-سەك، بېشىر كەم سۆز، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەربىر سۆزى خۇددى ئامبۇردا تارتىپ چىقىرىلغاندەك تەستە چىقىدۇ، ئۇ كەمدىن - كەم كۇلىدۇ، ئويۇن تاماشىدا يوق. رازاق بولسا ئىشتىن ئويۇن-نى، ئويىقۇدىن گەپ سېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ گەپ بىلەن يىغلاۋاتقان بالىنى يىغىدىن، تەرسانى ئاچچىقىدىن توختىتالايدۇ... » ... «ئۇلارنىڭ سايلىنىش قائىدىسىمۇ ئاددىي، سىياسىي ھەرىكەت بولسىلا دۇيجاڭلىق رازاققا تېگىدۇ. دۇي قىيىنچىلىقتا قالغاندا، ئەزالار بېشىرنى دۇيجاڭ قىلىۋالىدۇ. رازاق گەپ بىلەن، بېشىر ئەپ بىلەن ئەزالارنى ياخشىلايدۇ. بىرى باي قىلىدۇ، بىرى گادايلاشتۇرىدۇ.»*

(زوردۇن سابىرنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىدىن)

بىر - بىرىنىڭ ئەكسىچە بېرىلگەن بۇ سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق بۇ ئىككى پېرسوناژ كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

سېلىشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلانغاندا، سېلىشتۇرۇش-

ـنى توغرا، مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئاپتورنىڭ مەيدانى توغرا، كۆزقارىشى ئېنىق بولۇشى، ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان شەيئىنىڭ قارىمۇقارشىلىق ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشى ۋە تەھ-لىل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇش تەكتلەش، كۈ-چەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، كىتابخانىلارغا نېمىنىڭ ياخ-شى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، نېمىگە مۇھەببەت باغلاپ، نېمىدىن نەپرەتلىنىش كېرەكلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بو-لۇشى لازىم.

6. رىتورىك خىتابنىڭ رولى

ئاپتور قاتتىق ھاياجانلانغاندا، بەزى ھاللاردا، ئاڭلىغۇچى ياكى ئوقۇرمەندىن ئىبارەت ئوبيېكت بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋا-ستە ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ. مەسىلەن:

*«قەدىردان ئۇستاز، ئۇستۇبېشىڭدىكى ئاق توزانلارنى قېقىـ-ۋەتمەي تۇرغىنا، ساڭا تەلپۈنگەن قەلبىم سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا سېنى قۇچاقلاۋاتىدۇ، كۆزلىرىمدىن چاقنىغان ھېرىسلىك نۇرلار ھۆسنۈڭنى سۆيۈپ، سېنى مەھكەم قۇچاقلىغان بور توزۇندىلىـ-رىغا قىزىقىپ قاراۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، سېنىڭ مېھنەت تەرىڭ تەپچىپ تۇرىدىغان تېنىڭنى — جاپالىق ئىزدىـ-نىشلەر قالدۇرغان، يادەك ئېگىلىسىمۇ قەيسەر كۆرۈنىدىغان قا-مىتىڭنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ.»*

(ئەنەيتوللا قۇربانىنىڭ «سەن چوققىمۇ كۆمۈش يالاتقان» ناملىق نەسرىدىن)

بۇ نەسىردە ئاپتور كىتابخانغا ئەمەس، بەلكى ئۇستازىغا

خىتاب قىلىنىۋاتىدۇ.

رىتورىك خىتاب ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، يەنى ئادەمگە خىتاب، نەرسىگە خىتاب.

ئادەمگە خىتاب ئۇسۇلىدا ئاپتور كىتابخان بىلەن ئەمەس، ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن ياكى ئەسەردىكى پېرسوناژ ئۆز يېنىدا بولمىغان بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ. مەسىلەن:

*«رەھمەتلىك ئاپا، شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيدىڭ! قىزىم مۇشۇنداق قارا كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ! ئويلىغان بولساڭ، نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ توينى چوڭ قىلىمەن دەپ توختىتىپ قويمىغان بولاتتىڭ، خەير ئاپا! قورۇنما، يەرلىكىڭدە تىنچ يات.»*

(زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» درامىسىدىن)

نەرسىگە خىتاب ئۇسۇلىدا ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ ياكى ئەسەردىكى پېرسوناژ ئەسەردە بايان قىلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ. مەسىلەن:

*«يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،*
*ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.*
*قىرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،*
*ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.»*

(ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىدىن)

ئومۇمەن رىتورىك خىتابنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ لىرىـ

كىلىقىنى ئاشۇرۇشتا رولى ئىنتايىن زور.

7. سۈپەتلەشنىڭ رولى
ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

*«بۇنى ئاڭلىغان زامانلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا «ۋال» قىلىپ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: كۆپكۆك ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك ئاي قومۇلۇق دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ، مەرۋايىت تاشلاردەك يىراقلارغا سوزۇلغان تاۋۇزلۇقلارنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنەتتى.*

(لۇشۇننىڭ «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىن)

سۈپەتلەش تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، مەۋھۇم ئۇقۇمنى كونكرېت نەرسىنىڭ قىياپىتىگە يۆتكەپ، كىتابخاندا كۈچلۈك ھاياجانلىنىش، تەسىرلىنىش ھېسسىنى قوزغايدۇ.

8. رىتورىك سوراقنىڭ رولى
ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئاپتورلار مەلۇم بىر مەزمۇننى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەسلىي مەقسەتنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن سوئال قويۇپ كىتابخانلارنى ئويلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

*«ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق، ئۆزىنىڭ مېڭىسىدە ئەسلىدىن بارمۇ؟ ياق، ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.»*

— ماۋزېدۇڭ

بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىتابخانىلارنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىغا ياردەم بەرگىلى ھەم ئۇلارنىڭ قەدەممۇقەددەم ئېنىق ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

رىتورىك سوراق ئۇسۇلى ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ شېئىر ۋە نەسردە كۆپ قوللىنىلىپ، ئىدىيە - ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىق ئەسەرلەردە سوراق ئارقىلىق خاتا كۆزقاراشلارغا رەددىيە بېرىلىپ، توغرا كۆزقاراش شەرھلىنىدۇ. كىنو سىنارىيىلىرىدە، دراممىلاردا قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئالاھىدە زور رول ئوينايدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، يېزىقچىلىقتا، ئەسەرنىڭ تىلىغا ئوبرازلىق بەدىئىي گۈزەل تۈس، جانلىقلىق بېرىشتە ۋە ئىپادىلىنىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشتا ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ رولى ناھايىتى زور بولۇپ، يازغۇچىلار دائىم ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىستېتىك ۋە ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئويلايدۇ. ئېنىقكى بۇنداق بولغاندا، ئەسەرنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىمۇ تېز بولىدۇ، قوبۇل قىلىنىش جەريانىمۇ ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

## 6 § . ئەدەبىي زوق ۋە كىتابخان قارىشى

ئەدەبىي زوق كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ھەمدە بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر ۋە چۈشىنىش قاتارلىق بىر قاتار پسىخىكىلىق ئىقتىدارنىڭ ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل لەز-

زەت ئېلىش پائالىيىتى، يەنى كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىش، تەسىرلىنىش ۋە ئۆزلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى پائالىيىتىدۇر.

دېمەك، ئەدەبىي زوق كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن كونكرېت ئۇچرىشىشى جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى پائالىيىتىدۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى پەقەت زوقلاندۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتلىرىنى نامايان قىلالايدۇ.

ئەدەبىي زوق پائالىيىتى خاراكتېر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش تىپىدىكى پائالىيەت. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئادەتتىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئادەتتە گۈزەللىكتىن لەززەتلەنگەن كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدىلا ئاندىن ئەدەبىي زوقلىنىش مەۋجۇت بولالايدۇ. بىز مەلۇم بىر تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەننىڭ باشقا تارماقلىرىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدىكى روشەن، توغرا نۇقتىئىنەزەرلەردىن؛ تولۇق، كۈچلۈك بولغان نەزەرىيىۋى ئاساسلاردىن؛ پۇختا، ئەتراپلىق، چوڭقۇر بولغان دەلىللەشلەردىن قايىل بولىمىز. لېكىن، بۇنداق ماقالە ـ ئەسەرلەر بىزنى ھېس ـ ھاياجانغا چۆمدۈرەلمەيدۇ، بىزنى زوقلاندۇرۇپ، مەنىۋى ئەركىنلىك، مەنىۋى قانائەتلىنىش، مەنىۋى شاد ـ خۇراملىققا ئىگە قىلالمايدۇ. پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىلا بىزدە ئېستېتىك زوق قوزغىيالايدۇ.

مەسىلەن، بىز بىر پارچە روماننى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ روماندىكى ۋەقەلەر، يارىتىلغان ئوبرازلار بىزنى ئۆزىگە شۇنچىلىك جەلپ قىلىۋالىدۇكى، بىز ھەتتا بەزىدە تاماق ۋە ئۇيقۇدىن كېچىپ ئوقۇپ كېتىمىز. ئۇنىڭ ۋەقەلىرىدىن، يارىتىلغان

ئوبرازلاردىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلىنىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا، بىز بىرەر ناخشىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا شۇ ناخشىغا ئىختىيارسىز مەپتۇن بولۇپ قالىمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتنىڭ كىتابخانلاردا ياكى تاماشىبىنلاردا پەيدا قىلىدىغان بىر خىل گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش پائالىيىتىدۇر.

ئەدەبىي زوق ئالدى بىلەن زوقلاندۇرغۇچى ئوبيېكتنىڭ گۈزەللىك ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر گەرچە بىلىم، ئەخلاق، تەلىم - تەربىيە، سىياسىي قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئامىللار ئۆز ئالدىغا ھەرگىز يەككە - يېگانە مۇستەقىل ھالدا ئىپادىلەنمەستىن، ئەكسىچە، گۈزەللىك ئامىللىرىغا سىڭىپ، بىرلىشىپ ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخاننىڭ قىزىقىدىغىنى قانداقتۇر تەسىرسىز، تۇتۇرۇقسىز سۆز - ئىبارىلەر بولماستىن، بەلكى ئاپتور تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تىپىكلەشتۈرۈلگەن ھالدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبراز بولىدۇ. مانا بۇ ھالەتتىكى ئوبيېكت زوقلانغۇچىنىڭ گۈزەللىك پىسخىكىسىنى قوزغايدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئەدەبىي زوق بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندە بىرنەچچە تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئەدەبىياتنىڭ رولى ئەدەبىي زوقلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق
ئەكس ئەتتۇرىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر جانلىق بەدىئىي
ئوبرازلار ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر-
خىل كۆرۈنۈشلەرنى چىنلىق بىلەن قايتا ئىپادىلەپ، مۇئەييەن
تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلى-
رىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. تۇرلۇك سىنىپ ۋە تەبىقىدىكى ئوخشى-
مىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ،
شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارغا مول تۇرمۇش بىلىملىرىنى، مۇئەي-
يەن ھەقىقەتلەرنى تونۇتىدۇ. نىمىنىڭ راستلىقى، نىمىنىڭ
يالغانلىقى، نىمىنىڭ ياخشىلىقى، نىمىنىڭ يامانلىقى، نىمىنىڭ
گۈزەللىكى، نىمىنىڭ سەتلىكى، نىمگە قارشى تۇرۇپ، نىمە-
نى مەدھىيىلەش لازىملىقى ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ. كىشىلەرنى
گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ.
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مانا بۇ خىل روللىرى پەقەت كىتاب-
خانلارنى زوقلاندۇرۇش ئارقىلىقلا جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ئىستې-
تىكىلىق رولى ئارقىلىقلا كەڭ تارقىلالايدۇ، كىتابخانلار قەلبى-
دە ئۇزاققىچە ئەستىن چىقمايدىغان تەسىراتنى بېرەلەيدۇ.
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن يارىتىلىپ چىققانلى-
قى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە تۇرلۇك روللىرىنىڭ ئەمەل-
گە ئېشىش ئىمكانىيىتىنىڭ ھازىرلانغانلىقى بولسا، بۇ خىل
ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن كەڭ كىتابخانلار-
نىڭ زوقلىنىشىغا تايىنىشقا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قو-
بۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىر
پارچە ئەسەر ھەرقانچە ياخشى يېزىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن
زوقلىنىدىغان كىتابخان بولمىسا، بەرىبىر ئۇنىڭ ھېچقانداق
ئەھمىيىتى بولمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولى-
دۇكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رولى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشماي-
دۇ، بەلكى كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى

پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش جەريانىدا، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ئىپادە-لىنىۋاتقان ئىدىيىۋى مەزمۇننى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇن - تىنسىز هالدا تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بىز «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن روماننى ئوقۇساق، بۇ روماندىكى باش پېرسو-ناژ پاۋىل كورچاگىننىڭ خەلق ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن فاشىستلار بىلەن هايات - ماماتلىق جەڭلەرنى قىلغانلىقى، كۆ-رەشلەردە نۇرغۇن قېتىم باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى، كېيىن ئا-زادلىقتا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ يەنە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىنقى-لاب يىللىرىدىكى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ هەقىقەت، ئادالەتنى ياق-لاپ، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ ياشاش قاتارلىق جەهەتلەردىكى يۈكسەك ئوبرازى بىزنى هاياجانلاندۇرۇپ، قەلبىمىزدە مەنىۋى كۈچ پەيدا قىلىدۇ. ئۆزىمىز بىر خىل هاياجانلىنىش ۋە تەسىرلىنىش ئىچىدە بۇ روماننى سۆيۈپ ئوقۇيمىز. بىر خىل هاياجانلىنىش كەيپىياتى ئىچىدە روماندا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇننى قو-بۇل قىلىمىز، ئۆزىمىزنى پاۋىل كورچاگىننىڭ ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلاش روهى بىلەن سۇغىرىمىز.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» روماننى ئوقۇ-غىنىمىزدا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەلا ئوبرازىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمىز هەم هاياجانلىنى-مىز. ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ بىلىم ئىگىلىشى، ۋەتەننىڭ سوتسى-يالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك هەسسە قوشۇش يولىدا هارماي ئىزدىنىش روهى، شۇنىڭدەك ئادىل، هەققانىي، پاك دىل بولغان ئالىيجاناب پەزىلىتى بىزنى ئۆزىگە مەهلىيا قىلىۋالىدۇ. بىز مۇشۇ خىل ئېستېتىك مەهلى-

يالىق ئىچىدە بۇ رومانىنىڭ مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلىمىز ھەم تەربىيىۋى تەسىر ئالىمىز. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر زوقلىنىشتىن ئايرىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. كىتابخانلار زوقلىنىش جەريانىدا ھەمىشە ھېسسىيات جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىش، بىلىش جەھەتتە ئىلگىرىلەش ھەمدە ئېستېتىك جەھەتتە ھۇزۇر ئېلىشنى ئىزدەيدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ۋە خاراكتېرىنى تاۋلاش، روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش بىر خىل ئېستېتىك پائالىيەت بولغانلىقتىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. كىتابخانلار ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، چۈشىنىش قاتارلىق كۆپلىگەن پسىخىك ئىقتىدارىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن ياخشى بولغان كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىدۇ، شادلىقنى چۈمىدۇ، قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇشۇنداق نىشانغا يېتەلىگەندىلا ئاندىن ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز.

بىز ئەدەبىي ئەسەردىكى مەلۇم بىر گۈزەل شەيئىدىن ياكى گۈزەل تەسۋىردىن تەسىرلەنگەن چېغىمىزدا، بىزدە ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىش ۋە قانائەتلىنىش پەيدا بولىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۇ بىزدە گۈزەل تۇرمۇش بىلەن ئالىيجاناب پەزىلەتكە تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش غايىسىنى ھەم ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. بىز يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئېھ، ھايات»

ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئاپتورنىڭ ماھىرلىق بىلەن، تەسۋىرلىگەن مۇنداق گۈزەل تەسۋىرلىرىنى ئۇچرىتىمىز:

*«بۇ يەرنىڭ تاغلىرى پاكار، ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ تۇرغاندەك قىزىل، خۇددى ئاشۇ نامەلۇم ئىچكى ھارارەت تۇپەيلىدىن چوغقا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنى قۇرۇتۇۋەتكەندەك تاقىر، پەقەت قۇمساڭغۇ يانباغرى چوڭقۇرلۇقلاردا سۇس رەڭلىك سۆك - سۆك، ئاق تىكەن، ئەۋلەك، سېسىقئوتلار، قۇمدەك چېچەكلەيدىغان، بىرلىيانت ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك كىچىك، ئەمما بەكمۇ قىزىل ئېچىلىدىغان ئاللىقانداق ئوت - چۆپلەر يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. ئاشۇ تاغلارنىڭ مەركىزىدىكى قىزىل، قارا، كۈل رەڭ، سۆسۈن، سېرىق رەڭلەردە تاۋلىنىپ تۇرىدىغان زور ئىگكى چوققا ئوتتەك ئىسسىق. چوققىلار ئۈستىدىن گۈڭگۈرت پۇرايدىغان قىزىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.»*

بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزىمىزنى گويا ئاشۇ تاقىر تاغلار باغرىدىكى قاقاسلىقتا يۈرگەندەك ھېس قىلىمىز. بۇ تەسۋىرلەر بىزگە ھەم ئىنتايىن چىنلىق تۇيغۇسى، ھەم كۈچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. بىز قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىمىز. ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە تويۇنغان، گۈزەل بىر پارچە رەسىمدەك يارىتىلغان بۇ مەنزىرىدىن بىز بىر خىل ئالىيجاناب پەزىلەتكە تەلپۈنۈش ئارزۇسىدا بولىمىز.

گۈزەل شەيئىلەر، گۈزەل مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنمىگەن ئەسەرلەردە بەدىئىي زوق قوزغاش بولمايدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بەزى ئەسەرلەردە بىۋاستە تۇردە گۈزەل شەيئىلەر ۋە گۈزەل پەزىلەتلەر يېزىلماستىن، بەلكى گۈزەل شەيئىلەر ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بۇلغىنىشلىرى، ئاياغ ئاستى قىلىنىشلىرى، ۋەيران قىلىنغانلىقلىرى يېزىلىپ، رەزىل كۈچلەر بىلەن رەزىل روھىي دۇنيا پاش قىلىنغان، قامچىلانغان بولىدۇ. بۇ

خىلدىكى ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا بىزنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇرە-لەيدۇ، ھاياجانلاندۇرالايدۇ، قانائەتلەندۇرەلەيدۇ، شۇنداقلا بىزدە رەزىل شەيئىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش، گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئالىيجاناب پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

مەسىلەن، يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق ئەسىرىدە سەمەتخان غوجام باشچىلىقىدىكى بىر توپ مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ قالاق، خۇراپىي ئىدىيىلەر-گە ئېسىلىۋېلىپ، باشقىلارنى ئالداپ بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقان-لىقىدەك رەزىل قىلمىشلىرى ئاساسلىق يېزىلغان. بۇ بىر توپ رەزىل كۈچلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى، زومىگەرلىكى، خۇراپىيلىقى نۇسرەتتىن ئىبارەت پاك، ئالىيجاناب، پەزىلەت ئىگىسىنى ئېچىن-ىشلىق تراگېدىيىگە دۇچار قىلدى. ئۇنىڭ پاك ھەم گۈزەل قەلبىنى ۋەيران قىلدى. بىز پوۋېستنى ئوقۇغاندىن كېيىن رە-زىل كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ تۇرلۇك پىتنە ـ پاساتلىرىغا، خۇراپىيلىقنى تەرغىب قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي يول قويماسلىق ئىدىيە-مىز مۇستەھكەملىنىدۇ. دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ زەھىرىنى تازى-لاپ، گۈزەل ھايات بەرپا قىلىش ئارزۇيىمىز ھەسسىلەپ ئاشى-دۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوق — ئىجادىيەت تەرەققىياتىنى ئىل-گىرى سۈرگۈچى كۈچ بولۇشتەك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتى ئەدەبىياتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىل-گىرى سۈرۈشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىيات — تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكس تەسىر كۆرسىتىش دەل زوقلىنىش ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. ئەدەبىيات

بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئەسەر ۋە ئۇنىڭغا بولغان بەدىئىي زوقتا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىش بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىگە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ھېس قىلىش يازغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، يازغۇچىلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئويلىشىپلا قالماستىن، يەنە زوقلانغۇچىلارنىڭ تەلەپ ۋە ئۈمىدىنىمۇ ئويلىشىدۇ. ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بولسۇن، يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ھامان زوقلانغۇچى بار بولغان بولىدۇ. ئۆز ئەسىرىگە تېخىمۇ كۆپ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدە ياراتقان بەدىئىي ئوبرازنى كىتابخان چۈشىنىپ ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، كىتابخان تەرىپىدىن تولۇقلاش، بېيىتىش مۇھىتىغا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا بۇنداق ئوبراز قۇرۇق، بىمەززە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئەسەردىن چىنلىق ۋە قايىل كۆچىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى كەڭ ئاممىنىڭ زوقلىنىشىدىكى تەلەپ، ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقانلىقى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ئەدەبىي زوق ئۇ پاسسىپ ھالدىكى ھېس قىلىش

پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ھالدىكى تەكرار ئىجادىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

كىتابخان ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئەسەردىكى بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە كىرىپ، ۋەقە ھەم تەپسىلاتلاردىن تەسىرلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كىتابخان ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. ئەسەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي زوق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويىدىغان ئېستېتىك تەلەپ - ئېھتىياجىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. كىتابخانلار ئۆزىگە بەدىئىي زوق بېرىشتە ئەسەرلەرگە يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. بىزنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ تەقدىم قىلدى ھەم كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. كىتابخانلار «ئويغانغان زېمىن»، «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت»، «قۇم باسقان شەھەر» قاتارلىق رومانلار ئۆزلىرىدىكى يۈكسەك بەدىئىي گۈزەللىكلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرگە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپ، ئىجادىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بول-

ماقتا.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي زوق — ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي زوققا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇ بەدىئىي زوقنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشىدۇر.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش بولۇپ، ئۇ كونكرېت بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنى باھالىغۇچىنىڭ زوقلىنىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى ئەدەبىي ئەسەردىكى چىنلىقتىن ۋە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازدىن تەسىرلەنگەندىن كېيىن تەھلىل ـ تەتقىق ئېلىپ بارالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي زوق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. بەدىئىي زوق ئېستېتىك ھادىسە دېيىلسە، ئەدەبىي تەنقىد ئەسەر ئۈستىدىن لوگىكىلىق ھۆكۈم ۋە باھالاش يۈرگۈزىدىغان بىر خىل نەزەرىيىۋى پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەقسىتى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەم ئەھمىيىتىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن توغرا باھالاشنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرى سۈرىدىغىنى كونكرېت ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش، ئىزاھلاش، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن بىز ئەدەبىي زوق پائالىيىتى بىلەن ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندىلا، ئاندىن شۇ ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازدىكى ئىدىيىۋىلىك بىلەن ئۇنىڭدىكى جانلىقلىق، چىنلىق، تىپىكلىك قاتارلىق تەرەپلەر

توغرىسىدا ئەمەلىي بولغان، توغرا بولغان، ئىلمىي بولغان، ئەتراپلىق بولغان باھانى بېرەلەيدۇ. دېمەك، ئەدەبىي زوق ئاسا- سىدا مەيدانغا كەلگەن مۇشۇنداق تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور پايدىسى بولىدۇ.

بىر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بە- لەن، بىر ياخشى زوقلانغۇچى بولۇش كېرەك. ئەگەر ئەدەبىي تەنقىدچىدە زوقلىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولسا، بۇنداق تەنقىد- چى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا كۆزىتىش، ھېس قىلىش جەھەتتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەل ۋاقتىدا ئۆزگىچە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. مۇھىم قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ. ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولغان قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرەلەيدۇ. بۇنداق خىلدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەيلى ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قى- لىش جەھەتتە بولسۇن ياكى خەلق ئاممىسىنىڭ زوقلىنىش سە- ۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتە بولسۇن پايدىسى ناھايىتى زور.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بولسا، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە توغرا باھا بېرەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا خاتا باھالارنى بېرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدى- سىز ئامىللارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدە- بىي تەنقىدچى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىكنى، ئۇنىڭدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنى ئۆز بىلىمى، ئۆز تونۇشى، ئۆز ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئۆز تەجرى- بىسى ئاساسىدا چۈشىنىپ بىلەلەيدىغان، تەكرار ئىجادىيەت مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىپ ئوبراز ۋە مەزمۇنلارنى بېيىتىپ، تولۇقلاپ بارالايدىغان زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كې- رەك.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئەدەبىي تەنقىد سۇپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد سۇپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئېلىمىز ياكى چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز. ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان تەنقىدچىلەردىن شەكىللەنگەن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك ئىلمىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى بۇ ئەللەرنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئالساق، يېقىنقى يىللاردا كىشىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىمۇ راۋاجلاندى. نەتىجىدە ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز بارلىققا كېلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

ئەدەبىي زوقنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە تۈرلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاخىرقى نۇقتا سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. ئۇ يەنە كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئۈچۈن ئاساس بولۇشتەك رولى ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي زوقنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇش ھەم چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە شۇنىڭدەك كىتابخانلار قاتلىمىنى ئويلىشىش، كىتابخانلارغا ھەقىقىي زوق بېرەلەيدىغان ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئەدەبىيات ھادىسىلىرى قاتارىدا كىتابخان مەسىلىسىمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرسى بولماقتا. يازغۇچى ئۆزىنى ئىپادىلەشكىمۇ، كىتابخانلار قەلبىنى ئىپادىلەشكىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ئوخشاشلا ئېتىبار بېرىشى شەرت بولماقتا. بۈگۈنكى ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىدە كىتابخانىنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بىر پارچە ئەسەر پەقەت كىتابخان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىلا ئۇنى ھەقىقىي ئەسەر دەپ قاراش ئادەتكە ئايلانماقتا.

# سەككىزىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد مەسىلىلىرى

## § 1 . ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چۈشەنچىسى

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش — ئەدەبىي پائالىيەتلەر جەريانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھالقىدۇر. ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەر ئاپتور تەرىپەدىن ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئېستېتىكىلىق تېخى ئاشكارىلانمىغان، تېخى يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. بىر پۈتۈن ئەدەبىي پائالىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئوتتۇرىدىكى ھالقا بولۇپ، كېيىنكى قەدەمدە ئۇ چوقۇم كىتابخاننىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت پائالىيەت جەريانىغا ئايلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇنلۇق ئاشكارىلىققا ئايلىنالايدۇ. ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىتابخاننىڭ ئەدەبىي قوبۇل قىلىشى تاماملانغاندىلا، ئەدەبىي پائالىيەت ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا بىز ئىلگىرى ئەسەرنىڭ ئۆزىگىلا ئېسىلىۋالغانلىقىمىز، مەۋجۇتلۇقنى ئەسلىي تېكىست ئىچىدىلا ئىزدىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كىتابخاننىڭ قوبۇل قىلىشى دېگەن بۇ چۈشەنچە، كۆپىنچە كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان، ھەتتا تەنقىدچىلەر تىلغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەلدى، كىتابخاننىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئەسەرگە قاتنىشىشى نەزەرگە ئې-

لىنىمىدى. بۇ ھال ئەدەبىيات تەھلىل ـ تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا، ئەدەبىي چۈشەنچىلەر تېيىز، مۇنازىرىلەر جانسىز، كۆزقاراشلار بىر تەرەپلىمە بولۇشقا سەۋەبچى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئەدەبىي قوبۇل چۈشەنچىسى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىمىز بۇگۈنكى كۈندە تېخىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش چىقىش قىلىدىغان نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېستېتىكىسىز قوبۇل قىلىش ۋە ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئېستېتىكىسىز قوبۇل قىلىش ئاساسەن تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان ئوقۇش ۋە قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، قوبۇل قىلغۇچى (كىتابخان) ئەدەبىيات تارىخچىسى، ئىزاھلىغۇچى ياكى توپلىغۇچى بولسۇن، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تىل، قۇرۇلما، ئوبرازلىرىدىن زوقلىنىپ ئولتۇرمايدۇ، ئەسەرنى ئۆز كەسپى، تەتقىقاتى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش، يىغىش مەقسىتىدىلا كۆرىدۇ ۋە ئوقۇيدۇ. بۇ خىل ئوقۇش تەبىئىيكى بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت. ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش — ئەسەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تونۇش جەھەتتىكى پائالىيەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇمۇ كىتابخاننىڭ ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرىدىكى قوبۇل قىلىشى بىلەن تەنقىدچىنىڭ تەنقىد خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىش ھېسسىيات، ئىلھامنىڭ مەھسۇلى. تەنقىد خاراك-

تىرلىك قوبۇل قىلىشقا بولسا ئىدراكلىقمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ.
لېكىن، ئېستېتىكىلىق نۇقتىدىن ئۇلار يەنىلا بىر خىل جەريانغا
مەنسۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش قوبۇل قىلىش شەرتى جەھەت-
تىن، قوبۇل قىلغۇچى پىسخىك ئىقتىدارىنىڭ ئىختىيارىي،
ئەركىن ھالەتتە بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئېستېتىكىلىق قو-
بۇل قىلىش جەريانىدا كىتابخاننىڭ ھېسسىياتى، ئەقلى، ئىلھا-
مى، سەزگۈ ۋە تەسەۋۋۇرى، خاتىرە ۋە خىيالى قاتارلىق بارلىق
پىسخىك قۇرۇلمىلىرى يۇقىرى دەرىجىدە جانلىنىش ھالىتىدە
تۇرىدۇ. زوقلانغۇچى روھىي جەھەتتىن ئەنە شۇنداق چەكسىز
ئىختىيارلىق ھالىتىگە كىرگەندىلا، بەدىئىي دۇنيادىن تولۇق
ھۇزۇرلىنالايدۇ.

2

ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە، قوبۇل قىلىش ئوب-
يېكتى مۇھىم شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئىشلەپچىقى-
رىش بولمىسا، ئىستېمالدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكت بولمىغانغا
ئوخشاش، ئەسەر بولمىسا كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ قوبۇل قىلىش
سۇبيېكتىمۇ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى
قوبۇل قىلىش ئوبيېكتقا ئايلىنىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئە-
سەر ئاددىيسى ئاز - تولا بولسىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە
بولۇشى كېرەك. ئوبراز، مەنە، كەيپىيات، تىل قاتارلىق جە-
ھەتلەردىن ياخشى چىققان ئەسەرلەرلا كىتابخاننىڭ ئەدەبىي تۇي-
غۇسىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە
قاتناشتۇرالايدۇ.

بەزى يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەر ئەدەبىي قوبۇل قى-
لىشنىڭ باشقا ھەممە تەرەپلىرىنى قايرىپ قويۇپ پەقەت ئەسەر-

نىڭ ئۆزىنىلا ئەڭ ئالىي «خاتىرە مۇنارى» قىلىشۇالىدۇ. كى-
تابخانىنىڭ قايتا ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىز
ئەلۋەتتە بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايمىز. چۈنكى، بۇ خىل قاراش
ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى باشقا تەرەپلەردىن ئايرىپ،
ئەسەردىن ئىبارەت بىرلا تەرەپنىڭ رول ئوينىشىنىڭ مەھسۇلى
قىلىپ قويىدۇ. يەنە بەزى قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرد-
يىچىلىرى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رولىغا يەڭگىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ
ۋە ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق پوزىتسىيە ۋە سەل
قاراشنىمۇ توغرا دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە چوقۇم ھەر
ئىككىلا تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئاپتور يۇكلىگەن مەنە
بىلەن كىتابخان يۇكلىگەن مەنىنى ئوخشاش ھېسابقا ئېلىشقا
توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىي قوبۇل قىلىشتا يەنە مۇنداق ھالەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كىشى-
لەرنىڭ مىجەزى، خاراكتېرى، قىزىقىشى، ئەھمىيەت بېرىد-
غان تەرەپلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال قوبۇل
قىلغۇچىنىڭ ئەسەرنى چۈشىنىشى، مەنىنى ھېس قىلىشىدىمۇ
بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئە-
سەرنىڭ تولۇق مەنىسى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىسى بىلەن ئۆز-
گەرگەن مەنىسىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر پارچە ئە-
سەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ قىممىتى بەزىدە تولۇق ئاشكارىلىنىپ
كەتمىگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر خىل چەكسىزلىككە
سوزۇلغان ئەھۋاللارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈن-
دە، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ نەزىرىدە مەتىمىن ھوشۇر بىلەن
مۇھەممەت باغراشنىڭ ئەسەرلىرى «مەنىسى دەماللىققا تولۇق
ئاشكارىلىنىپ كەتمىگەن» ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلانماقتا.
يەنە بىر جەھەتتىن، قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلە-
نىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىمۇ

كېڭىيىش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدىغان سارتىرې (1905 — 1980) كىتابخانىنىڭ ئوقۇش پائالىيىتىنى بىر خىل «يېتەكچىلىك ئاستىدىكى ئىجادىيەتتۇر» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى يېتەكچىلىك قىلغۇچى تەبىئىيكى ئەسەر بولۇپ ھې-سابلىنىدۇ. قوبۇل قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئالغاندا، ئەدەبىي ئەسەر ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ «يېتەكچىلىك قىلغۇچى» نىڭ چەكلەپ تۇرۇش رولى بولمىسا، قوبۇل قىلىش مەنبەسىز، تەرتىپسىز پائالىيەتكە ئاي-لىنىپ قالغان بولىدۇ. دېمەك، پۈتكۈل ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىرىنچى ئامىل، كىتابخا-نىنىڭ قوبۇل قىلىشى بولسا ئىككىنچى ئامىلدۇر. قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ: «ئە-دەبىي ئەسەر پەقەت قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىنى يارىتىپلا قالماس-تىن، يەنە بۇ خىل ئىشتىياق ۋە تەلەپنى قاندۇرىدىغان شەكلىنى-مۇ يارىتىدۇ» دەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر ھەم ئاشكا-رىلىق، ھەم يوشۇرۇنلۇققا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي قوبۇل قىلىش جەريانىدا يوشۇرۇنلۇقمۇ ئاشكارىلىققا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم رولLARنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ئەسەردىكى يوشۇرۇنلۇق مەنە ۋە خاھىشتىكى يوشۇرۇنلۇقتىن باشقا تىلدىمۇ بولىدۇ. ئالايلى: «چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كېتىپ باراتتى» دېگەن جۈملىدە، كېتىۋاتقۇچىنىڭ ئايال ئەمەس، قىزلىقى، كىچىك بالا ئەمەسلىكى، چىرايلىقلىقى قاتارلىق ئۇچۇق - ئاشكارا تەرەپ-لىرىمۇ، ئۇ قىز ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ؟ ئېگىزمۇ، پاكارمۇ؟ چىرايلىقلىقىنىڭ دەرىجىسى، ئۇنىڭغا قاراپ كېتىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى قاتارلىق بىزگە نامەلۇم، يوشۇرۇن تەرەپلەرمۇ بار. ئەسەرنىڭ ئۆزىدە بۇنداق يوشۇرۇنلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەدەبىي قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە، قوبۇل قىلغۇچىنى ئەسەرنىڭ ھەقى-

قىي مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىپلا قالماستىن، مۇھىمى يەنە كىتابخاننى ئەسەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

### 3

گەرچە ئەدەبىي ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ئوبيېكت دەپ قارالسىمۇ، لېكىن قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى ئەسەرنىڭ تېكىستى بىلەن كونكرېت بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۆزىدە روشەن دەرىجىدە پەرقلەر بار، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، تېكىست تېخى باسما ماتېرىيال ياكى باسما بۇيۇمى ھالىتىدە بولغاچقا (گەرچە ئۇ يوشۇرۇن مەنە، قۇرۇلما، تىلىغا ئىگە بولسىمۇ)، ئۇ تېخى رېئال گەۋدىگە ئايلانمىغان، كىتابخانىنىڭ ھېسسىياتىغا تېخى تەسىر قىلمىغان ھالەتتە بولغانلىقى سەۋەبلىك ھامان ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانمىغان بولىدۇ. باسما ماتېرىيال ۋە باسما بۇيۇم ھالىتىدىكى ئەسلىي تېكىست، قوبۇل قىلىش سۇبيېكتى ھېسابلىنىدىغان كىتابخانىنىڭ ھۇزۇرلىنىش خاراكتېرلىك ئوقۇشى، ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىش ئارقىلىقلا ئىككىنچى تېكىستكە ئايلىنىدۇ. قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسىنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، دىققەت - نەزىرىنى كىتابخانغا بۇراش، كىتابخانىنىڭ ئىجادكارلىق رولىنى گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن بىللە كىتابخانلارنى «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ئاخىرلاشتۇرغۇچىسى» دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. ئېستېتىكىچى ياش كىتابخانىنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يازغۇچى، ئەسەر ۋە كىتابخاندىن ئىبارەت ئۈچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەتتە، ئاخىرىدىكىسى ھەرگىزمۇ جانسىز ئامىل ياكى خاس ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى ئىجادىيەت تارىخى-

ـدىكى بىر خىل كۆچتۈر» . ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىدىكى تەقدىرىنى كىتابخان — قوبۇل قىلغۇچىـ ـنىڭ قاتنىشىشىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.»

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە، ئەسەرنىڭ قىمـ ـمىتى ھەقىقىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئومۇمەن قوـ بۇل قىلغۇچىنىڭ رولى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشمەكتە. كىتابـ خانىنىڭ چۈشەنچىسىگە ھۆرمەت قىلىش، كىتابخاننى پائال تۈردە ئەسەرگە قاتناشتۇرۇش ئەمدىلا تىلغا ئېلىنىۋاتقان ۋە تەكىتلىنىـ ۋاتقان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ تەبىئىي مەۋجۇت ئىدى. فرانسىيە سىمۋولىستىك شېئىرىيەت ئېقىمىغا تەۋە بىر شائىرنىڭ «مېنىڭ شېئىرلىرىمغا ھەقىقىي مەنىنى كىتابخانلار بەرگەن» دېگەن سۆزىمۇ بىزنى بۇ ھەقتە بەلگىلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4

كىتابخاننىڭ ئەسەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنـ ـىش جەريانىدىكى رولىنى ھەققىي تۈردە مۆلچەرلەش، مۇقىمـ ـلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە مۇنداق بىرنەچچە تەرەپنى ئايدىڭلاشتۇـ رۇۋېلىشىمىز لازىم.

1) ئەسەرنىڭ مەۋجۇت ھالىتى بىلەن كىتابخاننىڭ قوزغاتـ قۇچىلىق رولىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. ئۇنداقتا، كونكرېت ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرى، يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قارشى بولۇپ، ئۇلار يازـ غۇچى ئىجاد قىلغان تېكىستنى ئەسەرنىڭ ئۆزى دەپ تونۇپ، ئەسەر پەقەت تېكىست ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىتابـ خانىنىڭ تەسىرلىنىشى جەريانىدىن ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى

ئىزدىگىلى بولمايدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ مە-
سىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىدا، كىتابخانلار تەربىيىلىنىشى-
نىڭ تەكشىسىزلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تەر-
بىيىلىنىشى ياخشى كىتابخانلار ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا، ئۆز-
لىرى ئىلگىرى ھېس قىلمىغان تەسىرات، چۈشەنچىلەرگە ئېرى-
شەلەيدۇ. تەربىيىلىنىشى ياخشى بولمىغان كىتابخانلار بولسا،
ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ھېچقانچە ھاسىلاتلارغا ئېرىشەلمەسلى-
كى مۇمكىن. بۇنداق «تەسىرلىنىش» جەريانى ئەلۋەتتە ئەسەر-
نىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. يەنە بىرى، قوبۇل
قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار
يۇقىرىقىلارنىڭ قاراشلىرىدىن ساۋاق ئېلىش ئاساسىدا، ئەسەر
بىلەن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرۇپ مۇلا-
ھىزە قىلىدۇ. ئۇلار. ئەسەر تېكىستى «يېپىق دۇنيا ئەمەس»،
ھەرقانداق مەۋجۇت بىر ھالەت، پەقەت بىر خىل ماكان ۋە زامان
شەرتى ئاستىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ماكان ۋە زامان
ئىچىدە دەل كىتابخانمۇ بار. ئۇ يازغۇچىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى
سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرنى تەڭ يارىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

2) كىتابخانىنىڭ يازغۇچىغا نىسبەتەن ھەمكارلىشىش رولى
مەسىلىسى. كىتابخانىنىڭ تېكىستنى ئوقۇش جەريانى، ئۇنىڭدى-
كى يوشۇرۇن مەنە ۋە ئېنىقسىزلىقلارنى ئاشكارىلاش جەريانى
بولۇپ، ئادەتتە بۇ جەريان «كونكرېتلاشتۇرۇش» تىن ئۆتكەندى-
لا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنىدۇ، يەنى
ئېستېتىكىلىق ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، كونكرېتلاشتۇ-
رۇش بولمىسا ئەدەبىي ئەسەر بولمايدۇ. ئوخشاشلا ئېستېتىكى-
لىق ئوبيېكتىمۇ بولمايدۇ، ئاخىرىدا ئەدەبىي قوبۇل قىلىشمۇ
بولمايدۇ.

«كونكرېتلاشتۇرۇش» تەلىماتى يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمى-
دىكىلەرنىڭ ئەسەرنى مۇستەقىل «يېپىق دۇنيا» قىلىۋېلىشى

جەھەتتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى خېلىلا تولۇقلىدى، يەنى بىر پارچە ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ مۇتلەقلىشىپ قېلىشى، پەقەت بىرلا تەرەپ بىلەن چەكلىنىپ قېلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىلىشى ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىگە نىسبەتەن نەزەرىيە جەھەتتە كەڭ يول ئاچتى. بۇ يەردە يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، قوبۇل قىلغۇچىنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈپ تەكىتلەشمۇ ئوخشاشلا بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. قوبۇل قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتىنىڭ ھەر خىل، تەكشىسىز بولۇش مەسىلىسىگە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئارىسىدا خېلى غۇلغۇلىلارنى قوزغىدى. ئالايلى: بىز تىلغا ئېلىنىۋاتقان «كونكرېتلاشتۇرۇش» تەلىماتى ھەربىر كىتابخاننىڭ ئەسەرگە نىسبەتەن شۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز كۆزقارىشى بويىچە ئىش كۆرۈش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان. بۇنداق بولغاندا، بىر پارچە ئەسەرنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇش جەريانى ئەسەلىي تېكىستىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، ھەتتا پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كېتىدىۋېرىدىغان بولسا، ھەركىم ئۆزى بىلگەن سەنىمىگە دەسسەيدىغان تەرتىپسىز، چۈشىنىكسىز بىر ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسەرنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى دەپ قاراۋېرىدىغان بولساق، بۇ ۋاقىتتا مۇقەررەركى نەزەرىيە ساھەسىدە نىسپىيچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز. 1993 ـ يىلى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىدىكى تالاش ـ تارتىشلار [1] بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىر پارچە

---

[1] كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن يالقۇن روزىنىڭ ماقالىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەسەرنى كونكرېتلاشتۇرغاندىلا، كىتابخانىنىڭ ئەسەرنى قايتا ئى-
جاد قىلىشى، مۇستەقىل تەھلىل قىلىشى بىلەن ئەسلىي ئەسەر-
نىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىشى-
مىز زۆرۈردۇر. «مىڭ كىتابخانىنىڭ مىڭ خاملېتى بار» دەيدى-
غان كۆزقاراشمۇ دەل مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى تەڭ
ئېتىبارغا ئېلىش ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈندۇر.

بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر يوشۇرۇن مەنىسىنىڭ سىرتقا
نىسبەتەن بىر خىل تەسىر كۈچى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كىتابخا-
نىڭ قوبۇل قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتابخاننى ئەسەرگە
مۇناسىۋەتسىز تەرەپلەردىن چەكلەپ، ئەسلىدىكى بار بولغان يو-
شۇرۇن مەنە ئاساسىدا تەھلىل، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يېتەك-
لەيدۇ. بۇنداق شارائىتتا كىتابخان ئەسەرگە نىسبەتەن ھەرگىز-
مۇ مۇتلەق ئەركىن، ئىختىيارىي پوزىتسىيىدە بولمايدۇ، ئەسەر
ئەمەلىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئالغاندا، كىتابخان بىر خىل ئىجادىي كۈچ سۈپىتىدە تې-
كىستكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈمىد، خاھىشى، قىزى-
قىشى، تەلىپى بويىچە تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
نەتىجىدە بۇ يەردە كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىككى
خىل جەريانى مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تېكىستنىڭ تە-
سىر كۆرسىتىش جەريانى؛ يەنە بىرى، كىتابخان، يەنى قوبۇل
قىلغۇچىنىڭ قايتا ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى
جەريان، ئىككى خىل كۈچنىڭ مەلۇم نۇقتىنى بويلاپ تەرەققىي
قىلىشى بىلەن بىر پۈتۈن ئەدەبىي قوبۇل قىلىش بارلىققا كېلى-
دۇ.

لىك ئىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەدەبىيات تەھلىل، تەت-
قىقات ئىشلىرىدا ئالاھىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە نەزەرىيىۋى
چۈشەنچىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ
ئاپتور، تېكىست، كىتابخان ھەققىدىكى بايانلىرى يېڭى ۋە ئىل-
غار بولۇپ، تونۇشۇپ قويۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەدەبىيات تارى-
خىغا ئەدەبىي قوبۇل قىلىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلى-
كى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى بويىچە نەزەر سېلىش ئەدەبىياتنىڭ
قىممىتىنى ھەقىقىي باھالاشتا بىزنى تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر
بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بىز كىتابخاننىڭ
ھەمكارلىشىش رولىغا تولىمۇ سەل قاراپ كەلدۇق. مەيلى تەن-
قىدچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى ئىجادكارلىرى-
مىزنىڭ نەزىرىدە بولسۇن، كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئا-
مىل نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ئاجىز، بىر تەرەپلىمىلىك-
لەردىن خالىي بولالمايدىغان ھالىتى شەكىللەندى. كلاسسىكلى-
رىمىزنى كىتابخاننى ئويلاشتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ
نەزىرىدىكى كىتابخان كۆپىنچە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن
چەكلەندى. مانا شۇنىڭدىن داۋاملاشقان چۈشەنچىلەر ئۇزۇنغىچە
ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىمىزدە ساقلىنىپ، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندى-
كى ئەدەبىياتىمىز ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىلا پاسسىپ تەسىر-
لەرنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## § 2 . ئىككى خىل كىتابخان

ئەسەر بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش —
ھازىرقى زامان تەنقىدچىلىكى ئېتىبار بېرىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ
بىرى. بەزى تەنقىدچىلەر كىتابخانغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ

ئۆزى ئەدەبىياتنىڭ ئىستىقبالىغا تۇتقان پوزىتسىيىدۇر، دەپ
قاراۋاتىدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىغا كۆيۈنىدىغان ھەرقانداق
بىر كىشى «كىتابخانلار مەسىلىسى» دىكى دائىرىدىن سىرتتا
قالمايدۇ. چۈنكى، ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر كىتابخان ھې-
سابلىنىدۇ.

كىتابخانلار زوقلىنىش، ئوقۇش قىزغىنلىقى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، يې-
زىقچىلىق قابىلىيىتى، تەنقىد ئىقتىدارى جەھەتتە چوقۇم پەرق-
لىق بولىدۇ. بۇنداق پەرق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى-
غا روشەن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە
قىلىش زۆرۈر. كىتابخانلار يۇقىرىقىدەك پەرقلەرگە ئاساسەن
ئاشكارا كىتابخانلار تىپى ۋە يوشۇرۇن كىتابخانلار تىپى، دەپ
ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

1) ئاشكارا كىتابخانلار تىپى. كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئە-
سەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش
تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، كىتابخانلاردىكى ئىجادچانلىق رو-
لىنى تەتقىق قىلىشتۇر. ئامېرىكىلىق مەشھۇر تەنقىدچى فىش:
«ئاق قەغەز، قارا بىلەن پۈتكەن نەرسە ئەدەبىيات ئەمەس. ئەدە-
بىيات ئۇ، كىتابخانىنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تەسىرات - چۈشەن-
چىسى، مەنىمۇ ئەدەبىي ئەسەردىن مۇستەقىل ئايرىلىپ چىقىدى-
غان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنىڭ تې-
كىستقا بولغان تونۇشىدۇر» دېگەنىدى. بۇ يەردە فىش ئەدەبىي
ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىستىقبالىنى كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسى
بىلەن باغلاپ قارىغان، تەنقىدچىلەرنىڭ شەخسىي باھاسىدىن كى-
تابخانلارنىڭ تونۇشىنى ئۈستۈن قويغان.

دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تەسىرات
ھاسىل قىلالايدىغان، ئۆز كۆزقارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، ئەسەرگە بىر پۈتۈن باھا بېرەلەيدىغانلار ئاشكارا كىتابخا-

لار تىپىگە كىرىدۇ. بۇ خىل كىتابخانىلار ئاساسەن، ئاز - تولا يېزىقچىلىق ھەۋىسى بارلار، بەلگىلىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلىمىگە ئىگە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردۇر. مانا بۇلار-نىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار ئوقۇ-تۇش ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار-نىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادچانلىق رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. كۆپلىگەن ئەدەبىي ئە-سەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنىڭ بىردىنلا ئۆرلەپ، بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ كۆپىنچە مۇشۇنداق كىشىلەرگە باغلىق بولىدۇ.

2) يوشۇرۇن كىتابخانىلار تىپى. مۇنداق كىتابخانىلار تەھ-لىل - تەنقىد قابىلىيىتى جەھەتتە ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش، زوقلىنىش جەھەتتىنمۇ ئاشكارا كىتابخانىلار تىپىگە يەتمەيدۇ. ئادەتتە، ئۇلار ھېچقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇمايدىغاندەك، قى-زىقمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئەدەبىي ئەسەر-لەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىگە قۇلاق سالىدىغان، بىرەر پارچە ھېكايە ياكى شېئىر ئوقۇپ قويىدىغانلىرى بولىدۇ. بىز ئۇلار-نىڭ ئاشۇنداق ناتونۇش تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، «يوشۇرۇن كىتابخانىلار تىپى» دېدۇق. بىزدە مۇشۇنداق تىپقا ياتىدىغانلار كۆپرەك. مانا بۇلار بىرەر ئەسەرگە ئۆز تونۇش - چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئەمما، ئىنكاس تەنقىدچىلىكى كىتابخانى-لارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە نىسبەتەن يېرىم ئىجادچانلىق رولىنى تەھلىل - تەتقىق قىلغاندا، يەنىلا مۇشۇ يوشۇرۇن كىتابخانىلارنىمۇ ئېتىبارغا ئالماي قالماي-دۇ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىي ئىجادىيەت بى-لەن شۇغۇللىنىدىغانلارغىمۇ باغلىق بولۇپ قالماستىن، ئاكتىپ-

لىق بىلەن يۇرگۈزۈلگەن، تەنقىد خاراكتېرلىك كىتاب ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغىمۇ باغلىق. ئومۇمەن، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزدا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا تۆرلۈك نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تەھلىل يۈرگۈزۈش، باھا بېرىش، ئاخىرىدا نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە سىستېمىلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. كىتابخانلار بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

## 3 § . ئىككى خىل قۇرۇلما

يىپىق قۇرۇلما — ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، باش ـ ئاخىرى ئېنىق ھەم ماسلاشقان، سەۋەب ـ نەتىجىلىكلىكى روشەن بولغان ئەسەرلەرگە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق يىپىق قۇرۇلمىلىق ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا ئالدى بىلەن مۇھىم بولغان بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ. پېرسوناژلار شۇ ۋەقەلىك جەريانىدا پەيدا بولۇپ يارىتىلىپ بارىدۇ. ۋەقەلىك ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسى بويىچە قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق ئەسەرلەردە پەلسەپىۋىلىك ۋە ئېستېتىكىلىق يېتەرسىز بولىدۇ. ئوچۇق قۇرۇلما بولسا يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىزچىل ۋەقەلىكنىڭ بولۇشىنى چەتكە قاقمىسىمۇ، ئەمما پېرسوناژلارنىڭ خىيال، تەسەۋۋۇر، چۈشى، پەلسەپىۋى ئويلىنىشى قاتارلىقلارنى ئەركىن تەسۋىرلەشكە ئېتىبار بېرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ چوڭقۇر روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىدە مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى دائىرە جەھەتتىن بولسۇن، بارلىق چەكلىمىلەرنى

بۇزۇپ تاشلىيالايدۇ. تۇرمۇشنى تەرتىپسىز ۋە خىلمۇ خىللىقى بويىچە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر پېرسوناژ-نىڭ ئاڭ جەھەتتىكى تەپەككۇر تەرتىپىنى ئاساسىي لىنىيە قىل-غان. ۋەقەلىك ۋە ۋاقىت تەرتىپى بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «دېڭىز دولقۇنلىرى» ناملىق ھېكايىسى ئوچۇق قۇرۇلمىلىق ھېكايە. ھېكايىدىكى ۋاقىت پەقەت بىرنەچچە سائەتلا، باش پېر-سوناژ پاراخوت ئۈستىدە تۇرلۇك روھىي ئۆزگىرىشلەردە بولى-دۇ. بېشى قايىدۇ، كۆڭلى ئايىنىيدۇ، ئىچى سىقىلىدۇ، تۇرۇپ يەنە خىياللارغا پاتىدۇ. نەتىجىدە باش پېرسوناژنىڭ تەپەككۇر رىتىمىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەر خىل كۆرۈنۈش-لەر: دېڭىز بىلەن قىرغاق، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، بۈگۈن بىلەن كېلەچەك گىرەلەشتۇرۇلگەن تەسۋىرلەر نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. باش پېرسوناژنىڭ ھاياتلىق، ئالەم، كىشىلىك تۇر-مۇش، تەبىئەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئويلىنىشلىرى ھېچقان-داق چەكلىمىسىز نامايان بولىدۇ، ھەتتا ئۆز ئالدىغا بىر رىتىم ھاسىل قىلىدۇ. قارىسىڭىز پىسخىك جەھەتتىكى قۇرۇلما ئە-سەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق ئىستاكان»، «ئايخان»، «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈش» ھېكايىلىرىمۇ ئا-ساسىي جەھەتتىن ئوچۇق قۇرۇلما شەكلىدە يېزىلغان. ئەسەر-لەردە «مەن» نىڭ خىيال - تەپەككۇرلىرى ۋەقەلىك مەنتىقىسى-نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن، باشتىن - ئاخىر تەسۋىرلىنىپ بارىدىغان پېرسوناژ ئوبرازى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. كوچا ئاپتوبۇسىدا ئادەملەر ئالمىشىپ تۇرغانغا ئوخشاش، بۇنداق قۇ-رۇلمىلىق ئەسەرلەردىمۇ پېرسوناژلار ھەم چۈشۈپ قېلىپ، ھەم يېڭىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

# 4 § . ئەدەبىي تەخەللۇس

ئەدەبىي تەخەللۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە خاس بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئۇقۇم. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئۇقۇم ئۇستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى، شەخس پسىخىكىدا دېگەنلەردىن ھالقىپ ئومۇمىي جەمئىيەت پسىخىكىسى، ئەدەبىيات قارىشى، ئەدەبىي تەسىر دېگەندەك تەرەپلەرگە چوڭقۇرلاپ بېرىشى ئۇنى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا دىققەت قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەدەبىي تەتقىقاتچىلىق ساھەسى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەزى مۇچمەل چۈشەنچىلەرنى شۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ كىتابخانلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قاراشماقتا. بۇنداق قاراشنىڭ ھەقىقەتەن ئىلمىيلىكى بار.

ھازىر كۆپىنچە كىتابخانلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە ئەدەبىي تەخەللۇس دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ياكى ئۆز ئىسمىنىڭ ئورنىغا قوللانغان «ئىمزا» دىن ئىبارەت، دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنى مەلۇم مەنىدە ئەدىبنىڭ ئىستېتىكا ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ، تەتقىق قىلىپ بېقىش ئىمكانىيىتى تىلغا ئېلىنمايۋاتىدۇ.

ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىر ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى مۇنداق

ئىچكى ـ تاشقى ئامىلغا باغلىق بولىدۇ. بىرى، شۇ ئەدىبنىڭ قىزىقىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئەدىب ياشىغان دەۋردىكى ئەدەبىي مۇھىت مانا بۇلار تاشقى ئامىل سۈپىتىدە ئەدەبىي تەخەللۇسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، شۇ ئەدىب تەۋە بولغان ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى. مانا بۇلار ئىچكى ئامىل سۈپىتىدە ئەدەبىي تەخەللۇسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز بىرەر ئەدىبىمىزنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇ-سىنى مانا شۇ تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ كۆرەلىسەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەخەل-لۇسنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان بولاتتۇق.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن ئالساق، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش بارغانچە كۆپىيىپ بىر خىل قىزغىنلىقنى شەكىللەندۇرۇپمۇ قويدى. ل. مۇتەللىپ، ت. ئېلىيوف، ئا. ئۆتكۈر قاتارلىق شائىرلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش ئاساسەن ياش-لاردا گەۋدىلىك: م. باغراش، ئا. ئابدۇمىجىت دولانى، ئا. ئاب-دۇراخمان جاغىستاي، ن. قېيۇم كەلپىنى قاتارلىقلار. چوڭقۇر ھايات سۆيگۈسى ۋە غايىسى ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تەخەللۇسلار: م. تەشنائى، م. ساۋۇت ئۈركىشى، م. كامال خۇشخۇيى، ئا. داۋۇت شەھلائىي قاتارلىقلار. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل ئەدەبىي تەخەللۇسلاردا كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىشتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادى-لىنىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلمايمۇ بولمايدۇكى، ھازىر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەدەبىي تەخەللۇسلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىيلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ھېچ-قانداق ئەدەبىي خاھىش.ياكى پوزىتسىيە، غايە دېگەندەك بېشارەت

بىرەلمەيدىغان، ئېستېتىك زوق بېرىشنىڭ ئورنىغا كىشىنى كۆلدۈرىدىغان ياكى بىزار قىلىدىغان «تەخەللۇس» لارمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق «تەخەللۇس» لارنىڭ زادى نېمە مەقسەتتە قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى ئەدەبىي نۇقتىدىن ھەرقانچە ئىزدىنىپمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇنداق «تەخەللۇس» لارنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ غەلىتە ھەرىكەت ـ سۆزىگە قاراپ ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قويۇپ قويغان لەقىمىگە ئوخشاپ قالغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىقتا گەرچە تەخەللۇستا شۇ ئەدىبنىڭ شەخسىي پسىخىكىسى ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك دەپ قارالسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئەدەبىيلىك» خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىيلىك خاراكتېرى يوق، مۇقامى تۆۋەن «تەخەللۇس» لاردىن قانچە بىزار بولسا، ھەقىقىي ئەدەبىيلىك خاراكتېرى بار، مەلۇم مەنە ھەم خاھىشقا ئىگە ئەدەبىي تەخەللۇسلارغا شۇنچە موھتاج بولۇۋاتىدۇ.

## § 5 . ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مەجبۇرىيەتلەر يۈكلەنگەن. چۈنكى، ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئەدەبىياتتىكى يېڭىلىقلارنىڭ ۋاقتىدا يورۇقلۇققا چىقىشى ۋە ئومۇملىشىشىدا ئۇلارنىڭمۇ رولى بولىدۇ. «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەردىمۇ ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ ئەمگىكى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات قارىشى، نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلىرى ياكى ئىجادىيەت قابىلىيىتى جەھەتتىكى بىر قىسىم ئارتۇقچىلىق-

لىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ سىڭگەن، دېگەن قاراشلارنىڭ كىشىلەرگە يات تويۇلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالدى بىلەن بىز ھەربىر تەھرىرنى ئالايلى، ئۇلاردا ئالدى بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتەك تەھرىرلىك كەسپىي ئېڭى ۋە ئەسەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىكلىق قىزىقىشىغا ماسلاشتۇرۇش، ئىجابىيلىقى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەرنى تاللاش، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، يېڭى ئىستون، يېڭى بەتلەرنى ئېچىش قاتارلىق پايدىلىق بولغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بولىدۇ.

دېمەك، كىتابخانلارنى تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش، ياخشى ئەسەرلەر بىلەن يېڭىلىق يوق، بەدىئىيلىكى تۆۋەن ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى ئەدەبىي تەنقىدچىگە ئوخشاشلا كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

بىزدە ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ دائىرىسى ئومۇمەن ئەدەبىي ژۇرنال، نەشرىيات ئەدەبىيات بۆلۈمى ۋە گېزىت ئەدەبىي بېتى بىلەن چەكلەنگەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مول قابىلىيەتكە، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئورۇنلارغا مەركەزلەشكەن. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەۋزەل شارائىت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرى بولۇشى بىلەن بىرگە، يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك رولىنى ئۆتەشتەك مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتسە، ئىجادىيەت سۈپىتىمىزنىڭ ئۆسۈشىدە ئۈمىد تېخىمۇ زور بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەر كىتابخانلار تەرىپىدىن كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كېلىپ، ئېتىبارسىز قارىلىۋاتىدۇ. ئىجادىيەت ساھەسىدە گەرچە بۇنداق ھادىسىلەردىن ساقلانغىلى

بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھادىسىلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈ-
رۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلانغان ۋاقتىمىزدا، ئەدەبىي ئەسەر
تەھرىرلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەقلىقمىز.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرىنىڭ
رولى خېلى چوڭ. ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىرى ئەدەبىيات ئىشلە-
رىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيە، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى
چۈشەنچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرى جەھەتتە
ئۆزلىرىنى داۋاملىق سىناپ تۇرۇشقا تىرىشسا، تەنقىدچىلىرى-
مىزنىڭ باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلىرىدە تېخىمۇ تېز ئىلگىرى-
لەشلەرگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

## § 6 . ئەدەبىياتتىكى كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش

كۆپ نۇقتىدىن (كۆپ تەرەپتىن) بايان قىلىش — ھازىرقى
زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئومۇملىشىش دائى-
رىسى كەڭ، ئۈنۈمى يۇقىرى ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇ ئۇسۇل
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەزى
غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە
«ئەنئەنىگە قارشى» (گەرچە توغرا بولمىسىمۇ) بايرىقى ئاستىدا
ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، كېيىن باشقا
ئېقىملارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ھەم قوللىنىلدى. بولۇپمۇ، ئاڭ
ئېقىمى ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ تەسىرى ۋە قوللىنىلىشى
ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ۋەقەلىك بايان
قىلغۇچىنىڭ (ئاپتورنىڭ) «ھەممىگە قادىرلىقىغا» ياكى باش
قەھرىمان «مەن» نىڭ پۈتۈن جەريانىنى ھېكايە قىلىشىغىمۇ يول

قويۇلمايدۇ. ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى، ياشاش شارائىتى بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان ئورۇن، مەيداندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پېرسوناژلار ئورۇن جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن «قارشى نۇقتىلىق قۇرۇلما» ياكى قارشى نۇقتا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز ئورنىدىن ئۆز ئېغىزى بىلەن بايان قىلىدۇ. كىتابخان بۇنداق ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئۆزىنى قالايمىقان ۋەقەلەر ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلسىمۇ، ئەمما ئەسەر ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش، پېرسوناژلار بىلەن ياخشى تونۇشۇش جەريانىدا يۇقىرىقىدەك تۇيغۇدىن خالىي بولىدۇ. ئەكسىچە تېخى كىتابخاندا بىر خىل يېڭى ۋە ئەينەنلىك تۇيغۇسى بارغانچە كۈچىيىپ بارىدۇ. دېمەك، كىتابخانىنىڭ تونۇش دەرىجىسى (بەدىئىي ۋە مەزمۇن جەھەتتىن) ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ روشەنلىشىپ بارىدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا بىر تەرەپتىن كىتابخاننى ئىستېتىك يېڭىلاش ئىچىدە يېتەكلەپ، ئەسەرنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلارنى تېخىمۇ جانلىق، ھەقىقىي ئادەمدەك قىلىپ يارىتىش، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ قۇلايلىق ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئەسەردىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنى ئۆز ئورنى، ئۆز ئېغىزىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئادەتتىكىچە بايان قىلدۇرۇپ قويۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئالدى بىلەن بايان نۇقتىلىرى

ياكى «قارشى نۇقتىلىق قۇرۇلما» ئىچىدىكى بىر نۇقتىنا (تەرەپ) نى ئاساس ياكى «مەركەز» قىلىدۇ. قالغان نۇقتىلار ۋە بۇ نۇقتىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل كەچۈرمىشلىرى ئەسەردىكى مۇشۇ «مەركەز» ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، ۋاستىلىك باغلانغان بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا «مەركەز» بىلەن باشقا نۇقتىلار بىر ۋەقەلىككە (تېمىغا) مەركەزلىشىپ، باش تېما ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەم ئەسەرنىڭ قاتلاملىقىنى، ستېرېئولۇقىنى، ئەينەنلىكىنى كۈچەيتىدۇ.

ئامېرىكا «جەنۇب ئەدەبىياتى» نىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ۋىلىيام فولكېنىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «سۇرەت ۋە ئەنسىزلىك» رومانىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يازغان. روماندا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى تېما قىلىنغان. روماندا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ۋە نېگىر دېدەك قىزنىڭ تۇرمۇش سەزگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. روماندا، كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئالدى بىلەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنىڭ ھالاكەتلىك تۇرمۇش سەزگۈزەشتىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئورنى، ئۆز تىلىدىن بايان قىلىدۇرۇلغان، نېگىر دېدەك قىز تەرىپىدىن ۋەقەلىك خۇلاسىلەنگەن. نەتىجىدە، ئەسەر ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ يىمىرىلىشى ئارقىلىق جەنۇبتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق قائىدىسى ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ كۇنسېرى بىتچىت بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى روشەن، كۈچلۈك، تەسىرچانلىقتا ئىدىگە قىلىپ ئىپادىلەپ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.

كۆپ نۇقتىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» (1 - قىسمى) رومانىدىمۇ قوللىنىلغان. روماندا ئەلا، ھاشىر، گۈزەلئايلار ئوخشىمىغان

مۇھىت، ئورۇن، شارائىتتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ (قىسمەن بىللە بولۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئوخشاش بولمىغان ئورۇن، شارائىتتا بېشىدىن كەچۈرگەن ھەم كەچۈرۈۋاتقان ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئورنى، ئۆز ئېگى نۇقتىسىدىن ئۆزلىرىگە بايان قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ بايانلارنى بىز ئۇلارنىڭ ئەلاغا يازغان خەتلىرى ئارقىلىق ئاڭلايمىز ۋە ئوقۇيمىز. رومانىدىكى بۇ بىرقانچە نۇقتىلانى «مەركەز» قىلىپ ئۇيۇشىدۇ. نەتىجىدە، رومانىنىڭ ئېلىمىزدە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «سول» ئىدىيىۋى لۇشيەننى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭ زىيالىيلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئېغىر كۆلپەتلەرنى بەدىئىي يوسۇندا سۈرەتلەپ بېرىشتەك باش تېما ئىدىيىسى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەينەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

## § 7. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىجادىي روھ

بىز تالاي يىللاردىن بېرى ئەسەرگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغانلىقىغا ئالدى بىلەن دىققەت قىلىپ كەلدۇق. بۇنداق بولۇشى يازغۇچىنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ كاللىمىزدا ئورناپ كەتكەنلىكىدە بولغان. بىز ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ بىزگە تونۇش، رېئال بولۇشىنى — نەزىرىمىزدە بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالدۇق. دېمەكچىمىزكى، بىز ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەييار پرىنسىپلىرىنى ئىجادكارلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت

روھىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىۋالدۇق. نەتىجىدە، بىزدە ئىجادىيەت روھى زور دەرىجىدە كەمسىتىشكە ئۇچراپ كەلدى.

بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئۇتۇقىغا باھا بېرىشتە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى ھەمىشە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىشقا بولمايتتى. ئەسەرنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى شۇ خىل تەرەپكىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايتتى. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيەت روھىنى شەرت قىلىپ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئۆتمىگەنىدۇق.

بىز تەنقىدچىلىكىمىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ئالدىراپ بىرەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى قىلىۋېلىشقا ئەمدى قارشى تۇرىمىز. ئۆزىمىز ياراتقان يېڭىلىقلارنى باشقىلارنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ئۆلچىمەي، ئۆزىمىزنىڭ ئەندىزىمىز بىلەن ئۆلچىشىمىز، باھا بېرىشىمىز لازىم. چوڭقۇرلاپ قارايدىغان بولساق كلاسسىك نەمۇنىلىرىمىز بىزنىڭ تەبىئەت، ئالەم، جەمئىيەت ھەققىدىكى پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەخلاق قاراشلىرىمىز بىلەن پۈتكەن ئابىدىلەردۇر. بۇلار بىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىمىز ئۈچۈن ئاساس بولالايدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلمىدۇق دەپ قارىساق، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىدىن باشقا ھازىرقى زامان چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى ئەلۋەتتە چەتكە قاقالمايمىز. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بارغانچە چوڭقۇرلاپ، ئىجاد قىلىش روھى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق روھتىن مەيدانغا كەلگەن

ئەسەرلەردە ئۇتۇقلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. تەنقىدچىلىكـ
مىز بولسا، ئەمدى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئۇتۇقنىلا
كۆپتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىكى ئۇتۇقنى چۆكتۈرىدىغان ياكى
نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان كونا يولدا مېڭىۋەرمەي، ئەڭ مۇھىـ
مى ئىجادكارلارنىڭ ئىجادىيەت روھىغا چوڭقۇرلايدىغان، ئۇتۇق
ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى شۇ خىل ئىجادىيەت روھى بىلەن بىرلەشـ
تۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىدىغان يېڭىچە يولدا مېڭىشى كېرەك.

# توققۇزىنچى باب ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىنىڭ خىل شەكىللىرى

ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى تۆرگە ئايرىش ئەلۋەتتە قد-
يمن، بىز بۇ يەردە پەقەت نىسبىي ھالدا دائىم بىزگە ئۇچراپ
تۇرىدىغان شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيە-
سى تەتقىقاتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد مەخسۇس
ئەسىرىمۇ ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى ياكى ئەدەبىيات نەزەرىيە-
سى ھەققىدىكى يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرگە ئوخشاشمايدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئادەتتە ئومۇمىي بولغان ئەدەبىي پائا-
لىيەتلەرنى، يەنى ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتلەرنى، ئەدەبىيات ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئامىللارنى
ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك بولسا كونكرېت، ئالاھىدە بولغان ئەدەبىيات ھادى-
سىلىرى ئۈستىدە، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن
ياكى كېلىۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشلەر ئۈستىدە ھۆكۈم، خۇلاسە
چىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. دېمەك، بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋ-
دىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ، ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى بولسا، ناھايىتى
ئېنىق بېكىتىلگەن، شۇنداقلا كەسپىي خادىملار ۋە جەمئىيەتتە
كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغان ئەدەبىيات نەتىجىلىرى
بولىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ

ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئېنىق تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئادەتتە بىرئاز ۋاقىت پەرقى بولىدۇ. ئەمدى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى بولسا، يېڭىدىن مەيدانغا چىققان، كىشىلەر تەرىپىدىن تېخى ئومۇميۈزلۈك ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشەلمىگەن، لېكىن بىرقەدەر قىممىتى بار، شۇنىڭدەك ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقات ـ تەھلىل ئوبيېكتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئادەتتە ۋاقىت پەرقى روشەن بولمايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئاساسەن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، تەنقىدچى كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ 1997 ـ يىلى يازغان «ئۆتكۈر ئەپەندى رومانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «مۇھەممەت باغراشنىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرى دەل شۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ رومانى ۋە مۇھەممەت باغراشنىڭ ھېكايىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، بۇ ماقالە ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان «نىمشېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى» ناملىق ماقالە بولسا، نىمشېھىت ۋاپات بولۇپ 30 يىلدىن كېيىن يېزىلغان. شۇڭا بۇ ماقالە ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا تەۋە بولىدۇ.

تۆۋەندە بىزگە دائىم يولۇقىدىغان، كەڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ماقالە شەكىللىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1 § . تەتقىقات ئەسىرى شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى

تەتقىقات ئەسىرى شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد بىزگە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر شەكىل. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئابست-

راكت تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياخشى زېمىن ھازىرلايدۇ. بۇنداق شەكىلدىكى تەنقىدنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا لوگىكىچانلىقى كۈچلۈك، كۆزقاراشلار ئېنىق، پاكىتلار تولۇق، مۇھاكىمىلەر قايىل قىلارلىق، باش - ئاخىرى مۇكەممەل ۋە پۇتۇنلۇككە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق شەكىلدىكى تەنقىد بەزىدە نەچچە يۈز بەتلىك كىتاب بولۇشىمۇ، بەزىدە نەچچە ئون بەتلىك ماقالە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ئۇلارنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى چوڭ - كىچىكلىكىدە. مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ.

بۇنداق شەكىلدىكى ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يازغۇچى توغرىسىدا، ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدا ۋە ياكى ئەدەبىي ئېقىملار — ھادىسىلەر توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە بۆلۈنۈشى مۇمكىن.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىدە ئەدەبىي ئەسەر تۇرىدۇ، شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدا تەنقىد ئېلىپ بېرىش ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىد بىلەن يازغۇچى توغرىسىدىكى تەنقىد بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئومۇمەن، يازغۇچى ھەققىدىكى تەنقىد يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىنى لىنىيە قىلىپ يازغۇچى ئىجادىيىتىدىكى مەسىلىلەرگە تەھلىل - تەتقىق يۈرگۈزىدۇ. ئەمما، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش، باھالاش، ئانالىز قىلىشلاردىن يەنىلا مۇستەسنا بولالمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىد بولسا، ئەسەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شۇ ئەسەرنىڭ تىل، قۇرۇلما، ئىدىيە، ئوبراز قاتارلىق تەرەپلىرى ئۈستىدە

تەھلىل – تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. لېكىن، بۇ خىل تەنقىدمۇ يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت جەريانلىرىنى بايان قىلىشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بىز ئازاد سۇلتان يازغان «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى ئالساق، بۇ ئەسەردە زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف ... قاتارلىق كۆپلىگەن يازغۇچى – شائىرلىرىمىز ئۈستىدە تەھلىل – تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئەسەر ھەربىر يازغۇچى – شائىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شۇ يازغۇچى – شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى بىلەن ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ئىجادىيەت مۇساپىسىنى لىنىيە قىلىپ بويلاپ، يازغۇچى – شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلەرنى سىستېمىلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ يازغۇچىلار، شائىرلارنىڭ كونكرېت ئەسىرىنى باھالاش، مۇھاكىمە قىلىشنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان. كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسەر ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھېكايە، شېئىر، نەسر، رومانلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەھلىل – تەتقىق ئېلىپ بارغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدىكى تەنقىدكە مەنسۇپ بولىدۇ. لېكىن، ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيەت يولى ئۈستىدە بايان بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ھەم يەنە يازغۇچى ھەققىدىكى تەنقىدنىڭمۇ مەلۇم تەركىبلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنقىد خېلى راۋاجلانغان بولسىمۇ، يازغۇچى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنقىد تازا راۋاجلىنالمىدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاش، قېزىش، ئۇنى ئاسراش جەھەتلەردە دىققەت يېتەرلىك بولمىدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز كۆپ تىرىشىپ ھەر تەرەپلىـ

مه ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ، تەنقىدچىلەرنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇ- شى، ئالدىغا قويۇلغان تەنقىد ئوبيېكتلىرىنىڭ، مەسىلىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

## § 2 . تەسىرات شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى

بۇنداق سۇپەتتىكى تەنقىد ماقالىلىرى كۆپىنچە ئەدەبىي ئە- سەر ھەققىدىكى ھېس ـ ھاياجاننى چىقىش قىلىدىغان بولغاچقا، خۇددى نەسرگە ئوخشاپمۇ قالىدۇ. ئۇنىڭدا سۆزلىنىدىغىنى كى- تابخاننىڭ بىر پارچە ئۆزى ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەر توغرىسىدىكى سەزگۈسى، ھاياجىنى، ئىلھامى بولىدۇ. ئەمما، شۇنىسى ئې- نىقكى، تەسىرات سۈپىتىدىكى تەنقىد ماقالىسىمۇ چوقۇم ئەدەبىي تەنقىد پرىنسىپلىرىنى ۋە خاراكتېرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ. ھەرگىزمۇ لىرىك ھېسسىيات بايان قىلىنىدىغان نەسر ئەمەس.

بۇنداق تەنقىد شەكلى گېزىتلەرنىڭ قوشۇمچە ئەدەبىي پەنلىرىدە كۆپرەك ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ «سۆز ھەممىگە»، «كىتابخانلاردىن خەت» دېگەن- دەك ئىستونلارنى ئېچىپ بۇنداق تەنقىد ماقالىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق سۈپەتتىكى تەنقىد ماقالىسى گەرچە رەسمىي تەنقىد ماقالىلىرىدەك ئۇنچە تەسىر قوزغىيالمىسىمۇ، بىراق يازغۇچىلار بىلەن كىتابلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش، كىتابخانلارنىڭ رايىنى چۈشىنىپ تۇرۇش جە- ھەتلەردە كەم بولسا بولمايدۇ.

## § 3 . دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى

دىئالوگ شەكلى ئەسلىي پەيلاسوپلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان بىر خىل ئالاھىدە ئىپادە شەكلى. قەدىمكى دەۋردىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى مۇشۇنداق شەكىلدە يازغان.

قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئەپلاتون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 427 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 347 ـ يىلىغىچە) ئۆزىنىڭ بارلىق پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇنداق دىئالوگ شەكلىدە يازغان. فرانسىيىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى گۇمانىست يازغۇچىسى، ئەدەبىي تەنقىدچىسى دىدىرو (1713 — 1784) ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى دىئالوگ شەكلىدە يازغان. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «جۇاڭزى»، «مىڭزى» لەر گەرچە پۈتۈنلەي دىئالوگ شەكلىدە يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن كۆپ دىئالوگلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى يازغاندا، ئالدى بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىڭ دىئالوگى بېكىتىلگەن بولۇشى، شۇنداقلا بۇ بېكىتىلگەن ئورۇن مۇقىم بولۇشى كېرەك. ئاندىن نېمە توغرىسىدا دىئالوگ ئېلىپ بېرىش ئېنىق بولۇشى لازىم.

دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېرى، ئۇنىڭ مۇنازىرىلىشىش خاراكتېرىنىڭ قويۇق بولۇشىدا. بۇ خىل مۇنازىرە نىسبىي قارىمۇقارشىلىقتا ھەم ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىر تېما ھەققىدە

قانات يېيىپ، قاتلامموقاتلام چوڭقۇرلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە مەلۇم بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسلىرى، ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندا بەزىدە مۇشۇنداق شەكىلدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى يېزىلىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان يالقۇن جۇمەنىڭ «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ناملىق ماقالىسى ئەنە شۇنداق دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىدۇر. بۇ ماقالە بىرقانچە ئەدىبنىڭ «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى ئېيىلىپ بارغان مۇنازىرىسىنى دىئالوگ شەكلىدە ئىپادىلىگەن. تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» ناملىق كىتابىدىكى ماقالىلەرمۇ دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى جۈملىسىدىندۇر.

دىئالوگ شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ. ھېچبولمىغاندا، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

## § 4 . خەت شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى

خەت شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرسى، يەككىلەر ئوتتۇرىسىدا يېزىلغان شەخسىي خەت بولۇپ، خەتنى يازغۇچى خەتنى يازغاندا خەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولىدۇ. يەنە بىرسى، ئېلان قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان خەت.

ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن

ئالغاندا، شەخسىي يېزىلغان خەتلەردە يازغۇچىنىڭ تېخىمۇ ھەقىقىي بولغان كۆزقاراشلىرى ۋە ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئوي ـ خىياللىرى ئەركىن خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تارىخىنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئېلان قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان خەتلەر بولسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر تەنقىد ماقالىسى ھېسابلىنىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يولداش چېن يىغا يېزىلغان خەت» ناملىق ماقالىسى مانا شۇنداق خەت شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىدۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ خېتىدە يولداش چېن يىنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى تەھلىل قىلىپ باھا بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ كونچە، يېڭىچە شېئىرلار، شېئىردىكى ۋەزىن قاتارلىقلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچىسى پلېخانوف (1856 — 1918) نىڭ «ئادرېسسىز خەتلەر» ناملىق ئەسىرى، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى باجىننىڭ «ئەۋەتىلمىگەن خەت» ناملىق ماقالىسى ئەنە شۇنداق خەت شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى جۈملىسىدىندۇر.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەخەت تۇردىغا يازغان خېتى ئەسلىدە ئېلان قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان خەت ئەمەس ئىدى. بۇ خەتتە تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئەخەت تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت توغرىسىدىكى بىر قاتار ئىلمىي قاراشلىرى بايان قىلىنغان. بۇ خەت ئەدەبىيات تارىخىمىز ئۈچۈن ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت» ناملىق خېتى خەت شەكلىدە يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ خېتىدە بىر تەرەپتىن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە باھا

بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بىر قاتار قاراش ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلغان.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي (1811 — 1848) نىڭ ئاغرىق ھالىتىدە يېتىپ تۇرۇپ 1847ـ يىلى يازغان «گوگولغا خەت» ناملىق ئەسىرى ئىنتايىن مەشھۇر سانىلىدۇ. بېلىنسكىي بۇ خېتىدە گوگولنىڭ «تاللانغان ئورۇندار» ناملىق كىتابىدىكى خاتا قاراشلارنى كەسكىن تەنقىدلەپ، ئۆزىنىڭ رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ خەلقنى تەربىيىلەپ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى بايان قىلغان. بۇ خەتكە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى لېنىن ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن.

## 5 § . كىرىش سۆز ياكى خۇلاسە شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى

چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندا، كىتابنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىسىغا كىرىش سۆز ياكى خۇلاسە سۆزى يېزىلىپ قويۇلىدۇ. بۇ بەزىدە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلىدۇ، بەزىدە ئاپتور ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلىدۇ.

باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىرى كۆپىنچە شۇ ئەسەر توغرىسىدىكى باھالاش بولىدۇ. ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغانلىرى بولسا، ئاپتورنىڭ شۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ئوي ـ خىيالى، مەقسىتى دېگەنلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

كىرىش سۆز ياكى خۇلاسە شەكلى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسى يېزىشتىكى بىر شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنتايىن جانلىق، ئەركىن بولىدۇ. ئۇ شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلىدا يېزىلىشىمۇ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەد.

تى بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلىدا يېزىلىشمۇ، قىسقا يېزىلىشمۇ، ئۇزۇن يېزىلىشمۇ مۇمكىن. مەزكۇر ئەسەر توغرىسىدا يېزىلىشتىن باشقا يەنە ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشلەردىن كىتابخانلارنى خەۋەرلەندۇرۇشتەك ئۇسۇلىدىمۇ يېزىلىدۇ.

كىرىش سۆز ياكى خۇلاسە شەكلىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچى بىلەن تەنقىد ئوبيېكتى بولغان ئەدەبىي ئەسەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە بۇنداق شەكىلدىكى تەنقىد ماقالىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئادەتتە «كىرىش سۆز» ، «ئاپتوردىن» ، «مۇھەررىردىن» ، «خاتىمە» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە .

# ئونىنچى باب داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر

گەرچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق بىر پۈتۈن دۇنياۋى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز دەل دۇنياۋى ئەدەبىيات سەھنىسىدە تېگىشلىك رول ئويناپ، ئۆز دەۋرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە سەنئەتكارلاردۇر.

شۇنىسى مۇھىمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات شارائىتىدىمۇ بىزدىن ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىمى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تونۇشمىزنى، يېڭىلىقلارنى دادىل قوبۇل قىلىپ تونۇشمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 1 § . بېلىنسكىي (1811 — 1848)

ۋىسساررىئون گرىگورىۋىچ بېلىنسكىي رۇسىيىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسى، پەيلاسوپ ۋە ئېستېتىكچىسى، شۇنداقلا رۇسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمىنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەكىلى. ئۇ 1811 ـ يىلى رۇسىيىدە بىر ھەربىي دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى رۇسىيىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان يانچىلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئۆتكەن.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ راۋاجلانغان كاپىتالىستىك ئىگىلىك رۇسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمى بىلەن ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالدىكى مۇرەسسەسىز زىددىيەت ھاسىل قىلىشقا باشلىغان. مۇشۇ مەزگىللەردە كۆتۈرۈلگەن غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن رۇسىيىدە پومېشچىك ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمى بولغان يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر باشلىنىپ كەتتى. رۇسىيىدە ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئىدىيە مانا شۇنداق ئىنقىلابلارنىڭ كۈنسايىن ئۆرلىشى بىلەن مەيدانغا كەلدى ۋە راۋاجلاندى.

بېلىنسكىي ئىدىيىسىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابىي دېموكراتىزمنى تەشەببۇس قىلىش مانا شۇنداق دەۋر رېئاللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى بىر تىياتىر يازغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ژۇرناللاردا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.

بېلىنسكىي 37 يىل ياشىدى. ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى 1834 ـ يىلىدىن باشلاندى. بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىنى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشى بويىچە ئىككى ئاساسىي دەۋرگە بۆلۈنگەن. بىرى، 30 ـ يىللار باسقۇچى. بېلىنسكىي بۇ دەۋردە گېرمانىيە ئوبيېكتىپ ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى گېگېل (1770 — 1831) نىڭ «ئومۇمىي پەلسەپە كىتابى» (1817 ـ يىلى) ، «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيىلەر» (1836 ـ يىلى) ، «سەنئەت پەلسەپىسى» (1837 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغاچقا، ئىدىيە جەھەتتە گېگېلنىڭ «دۇنيانىڭ نېگىزى مۇتلەق ئىدى-

يىدۇر» دەپ قارايدىغان ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك قارىشىنىڭ ۋە «گۈزەللىك چىنلىقتىن كېلىدۇ، چىنلىقنىڭ ئۆزى ئىدېئال چۈشەنچىدىن ئىبارەت» دەپ قارايدىغان ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ بۇ باسقۇچتا «ئەدەبىياتتىكى خىياللىق»، «رۇسىيىدە پوۋېستچىلىق ۋە گوگولنىڭ پوۋېستلىرى ھەققىدە» (1835 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يازدى.

يەنە بىرى، ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى بۇ دەۋردە بېلىنىسكىينىڭ ئىدىيىسى ئىدېئالىزمدىن ماتېرىيالىزمغا بۇرۇلۇش ياسىدى. ئۇ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ھەققىدە ماتېرىيالىزملىق نۇقتىدا تۇرۇپ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى. «تەنقىد ھەققىدە نۇتۇق» (1842 ـ يىلى)، «پۇشكىن توغرىسىدا» (1843 ـ يىلى)، «گوگولغا خەت» (1847 ـ يىلى)، «1847 ـ يىلىدىكى رۇسىيە ئەدەبىياتىغا نەزەر» (1848 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. بېلىنىسكىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى، ماقالىلىرى رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بولۇپمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر، تىپ يارىتىش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى دېگەندەك نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى قوللانما خاراكتېرلىك رول ئوينىدى. بىز تۆۋەندە بېلىنىسكىينىڭ سەنئەت ـ ئەدەبىيات قاراشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا بېلىنىسكىي دەسلەپ گېگېلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇ سەنئەتتە ئوبيېكتىپلىققا ئېتىبار بېرىش كېرەكمۇ ياكى سۇبيېكتىپلىققا ئېتىبار بېرىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە دىلىغۇل بولدى. ئەمما، ئۇ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە يەنىلا ئوبيېكتىپلىق بىلەن

سۇبيېكتىپلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى كۆپرەك تەكىتلىدى. بولۇپمۇ 1840 - يىللاردىن كېيىن بولسا، سەنئەتتە بىۋاستە رېئاللىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇ سەنئەتنى رېئاللىققا سادىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەت ئىجادىيىتى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ «ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىپادىسى»، «ئەدەبىياتقا جان بېغىشلىغۇچى جەمئىيەت بولۇپ، جەمئىيەتكە ئەدەبىيات جان بېغىشلىيالمايدۇ»، «بىۋاستىلىك سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى»، «ئەڭ ئۇزۇن ياشىغۇچى ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ چىن، ئەڭ رېئال ئىپادىلەشكە ئەڭ مۇناسىپ ئالامەتلەرنى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ كۈچلۈك ئۇسۇلدا ئىپادىلىگەن ئەسەرلەر بولىدۇ» دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. مانا بۇلاردىن بېلىنسكىينىڭ خەلق تۇرمۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى، سەنئەتچى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنى بەدىئىي ئوبراز بىلەن قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، دېگەن رېئالىزملىق ئىدىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، چىنلىق توغرىسىدا. بېلىنسكىي سەنئەتتىكى چىنلىق ۋە تىپىكلەشتۈرۈش توغرىسىدىمۇ ئېنىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ تۇرمۇشنى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن ئىپادىلەشنى، ئۇ ياخشى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ، گۈزەللەشتۈرمەي، ئىدېئاللاشتۇرماي ئىپادىلەشنى تەكىتلىدى. ئۇ تۇرمۇش ياخشى - يامان بولسىمۇ، ئوخشاشلا گۈزەل، گۈزەللىك چىنلىقتا، قەيەردە چىنلىق بولسا شۇ يەردە سەنئەت بولىدۇ، دەپ قارىغان. بېلىنسكىي بۇ قاراشلىرى بىلەن يەنىلا شۇ دەۋردە ئەۋج ئېلىۋاتقان رېئاللىقنى پەردازلاپ كۆرسىتىۋاتقان يازغۇچىلارنىمۇ تەنقىد قىلغان.

بېلىنسكىي تىپىكلىك ھەققىدە توختالغاندا، سەنئەت ھەرگىزمۇ رېئاللىقنى باشتىن - ئاياغ كۆچۈرۈۋېلىشقا تايانماسلىقى

لازىم، دەپ تۇرمۇشتىكى يۈزەكى، تاسادىپىي ھادىسىلەرنى شال-
لاپ چىقىرىۋېتىشنى، ئايرىم، يەككە نەرسىدە ئومۇمىي نەرسىنى
ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلدى.

بېلىنسكىي تىپىك خاراكتېرنى بولسا، ئومۇمىيلىق بىلەن
ئايرىملىقنىڭ بىرلىكى، ئىنسان ئىچىدىكى ئىنسان، پېرسوناژ
ئىچىدىكى پېرسوناژ، بىر كىشى ئۈستىدە يىغىنچاقلانغان ئىنسا-
نىيەت، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ سەنئەتنىڭ تەقدىي خاراكتېرى
ئۈستىدە توختىلىپ «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» كۆزقارىشىغا
قارشى تۇردى. ئۇ يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى خەلقى-
نى ئىنقىلابىيلىق بىلەن تەربىيىلەش دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ
قارىشى ئەينى يىللاردىكى رۇسىيە يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى
خەلق ئىنقىلابىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى توغرىسىدا، بېلىنس-
كىي بۇ خىل تەنقىد ئۆلچىمىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
ماھىيىتى ھەققىدىكى كۆزقارىشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

بېلىنسكىي ئەدەبىي تەنقىدتە ئېستېتىكىلىق ئۆلچەم ۋە تارى-
خىي ئۆلچەم دەپ ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ
بىر پارچە ئەسەر ئەگەر ئېستېتىكىلىق تەنقىدكە بەرداشلىق بې-
رەلمىسە ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا تارىخىي تەنقىد يۈرگۈزۈشنىڭمۇ قىم-
مىتى قالمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، بېلىنسكىي ئەدەبىي ئە-
سەرلەرگە نىسبەتەن ئېستېتىكىلىقنى ئەسەرگە باھا بېرىش، مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈشتىكى بىرىنچى ئۆلچەم قىلدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا
ئېستېتىكىلىق ئۆلچەم بىلەن تارىخىي ئۆلچەمنىڭ دىئالېكتىك
بىرلىكىنى تەكىتلىدى. بىزنىڭ ئۇنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد توغرى-
سىدا نۇتۇق»، «گوگولغا خەت» قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئوقۇ-
ساق، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە تولۇق
ھېس قىلىمىز.

ئەدەبىي تەنقىدچى بېلىنسكىي ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىرقا-
تار ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرى بىلەن رۇسىيىنىڭ 19 ـ

ئەسىردىكى ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. ئۇ 1848 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## § 2 . چېرنىشېۋسكىي (1828 — 1889)

چېرنىشېۋسكىي رۇسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى داڭلىق پەيلاسوپ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىسى. ئۇ 1828 - يىلى تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپتە تارىخ ئۆگەنگەن، ئالىي مەكتەپتىكى مەزگىللىرىدە ياۋروپادىكى فېئودالىزمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، رۇسىيە يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەنگەن. چېرنىشېۋسكىي ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىكا جەھەتتە بېلىنسكىينىڭ تەسىرىگە ئالاھىدە ئۇچرىغان. ئۇ ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىكا تارىخىدىكى نامايەندىلەرنىڭ كۆزقاراش ۋە تەلىماتلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزىنى ماتېرىيالىزمچى قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇڭا، كىشىلەر بېلىنسكىي بىلەن چېرنىشېۋسكىينى رۇسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمنىڭ پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى ئاساسىي نامايەندە، دەپ ھېسابلايدۇ.

چېرنىشېۋسكىي 1850 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1853 - يىلىدىن باشلاپ ژۇرنال مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

چېرنىشېۋسكىينىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇھىم كۆزقارىشى تاكى ھازىرغىچە ئەدەبىيات تارىخىدا، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئاساسىي ئۆلچەملەرنىڭ بىرسى قىلىنىپ كېلىنمەكتە.

چېرنىشېۋسكىي 1855 - يىلى «سەنئەتنىڭ رېئاللىق بىلەن

بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسىنى يازدى. بۇ ماقالىدە چېرنىشېۋسكىينىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرى خېلى تولۇق ئەكس ئەتكەن.

چېرنىشېۋسكىي بۇ ماقالىسى ئارقىلىق رۇسىيىنىڭ ماتېرىيالىزملىق ئېستېتىكا تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس تىكلەپ بەردى. ئۇ گېگېل ئېستېتىكا تەلىماتلىرىنى تەنقىد قىلىپ «گۈزەللىك رېئاللىقتا» دېگەن مەشھۇر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چېرنىشېۋسكىي ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدېئال چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رېئاللىقتا ئەسلىدىن گۈزەللىك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سەنئەت رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەنئەتتىكى گۈزەللىك رېئاللىقتىكى گۈزەللىككە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، يەنىلا رېئال گۈزەللىكتەك گۈزەل ۋە جانلىق بولمايدۇ. ئۇ يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى رېئاللىقتىكى بارلىق شەيئىلەر، دەپ قارىغان.

ئۇ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئۇنىڭ رەزىل ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلغانلىقىدا دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەقسىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەقسىتى رېئاللىقنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش، تۇرمۇشنى ئىزاھلاش، رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە باھا بېرىش، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت رېئاللىق ھەققىدە بىلىم بېرىدىغان بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

چېرنىشېۋسكىي يەنە «گوگول دەۋرىدىكى رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئوچېركى» (1856)، «پەلسەپەدىكى ئانتروپولوگىزملىق پرىنسىپ توغرىسىدا» (1860) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە 1862 ـ يىللىرى «نېمە قىلىش كېرەك؟» ناملىق رومانىنى شۇنىڭدەك بىرقانچە پوۋېستلارنى يازغان. ئۇ 1889 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئازاد سۇلتان، مەمەت ئەيسا، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.
2. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى.
3. فەن كەيشيۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىي تەنقىدشۇناسلىق»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)
4. ۋاڭ شيەنپېي قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىي تەنقىد دەرسلىكى»، خۇاجۇڭ تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)
5. ۋاڭ شيەنپېي قاتارلىقلار تۈزگەن ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى «ئەدەبىي تەنقىد قائىدىلىرى»، خۇاجۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى. (خەنزۇچە)
6. يوشىلىن: «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈرلىرى»، شەنشى خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)
7. خۇاڭ خەيجاڭ: «جۇڭگو ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»، گۇاڭدۇڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە).
8. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا مەتقۇربانلار يازغان «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق ماقالە، «تارىم» ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 9 ـ سان.
9. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

10 . مۇھەممەت پولات، قاۋسىلقان قامىجان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇكېرىم راخمان، ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم ... قاتارلىق تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نەشر قىلىنغان ئوبزور ۋە ماقالىلەر توپلاملىرى، ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرى.

11 . ھاكىم مۇسا ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان «بېلىنسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

12 . ئەلىشىر نەۋائى، «مەجالىسۇن نەفائىس» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

13 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

[General Information]
书名=当代维吾尔文学批评史　维吾尔文
SS号=40300802